

# گۈلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# گۈلستان

(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)

(10)

# مۇندەرىجە


ئاقار يۇلتۇزلار ..................... ۋ. ئاستافىيېۋ ( 1 )

خەلق ئارتىسى ..................... ئو. گانچار (163)

بۆكتۇرمە ..................... ئا. ۋېتسلېر (191)

ئىككى ئەۋلاتنىڭ مۇھەببىتى ................ ل. كوكونىن (236)

يۇمۇرلار

يېزىش ئۇسلۇبى ئالاھىدىلىگى ................ گ. رىباك (253)

قورقۇنچاق ..................... ل. پانتېلېيېۋ (256)

ھەممە ئادەم كۆرسۇن دەپ ..................... (257)

نىمىشقا بىر قۇلىغىڭنى ئېتىۋالىسەن ..................... (162)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئاقار يۇلتۇزلار

## ۋ. ئاستافىيېۋ

**ئاپتور ھەققىدە** سوۋېت يازغۇچىسى ۋ. پ. ئاستافىيېۋ (1924 —) سوۋېت ئىتتىپاقىدا بىرقەدەر تونۇلغان يازغۇچى. ئۇنىڭ ئىككى ئەسىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەن. «ئاقار يۇلتۇزلار» (1960 — 1972 ـ يىللىرى يېزىلغان) ئاپتورنىڭ داڭلىق ئەسىرى بولۇپ، ئەسەردە ۋەتەن ئۇرۇشىدا يارىلانغان جەڭچى مىشا بىلەن ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ سېستىراسى لىدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تەسۋىرلەنگەن. ئاپتور بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن قىز ـ يىگىت مۇھەببىتىنى، روھىي ھالىتىنى، ئۇلارنىڭ دىدارلىششقا ئىنتىلىشى ۋە كۆرۈشكەن چاغدىكى تارتىنىشلىرىنى، قىسقىسى، مۇھەببەت ئوتى دەسلەپتە قەلبىدە يانغان قىز ـ يىگىتلەردە بولىدىغان پسىخولوگىيىنى تەسىرلىك ۋە ئوبدان تەسۋىرلىگەن. شۇڭا، سوۋېت ئوبزورچىسى ماكاروۋ بۇ ئەسەر ھەققىدە مۇنداق دىگەن: "دەسلەپكى مۇھەببەت ھېچقايسى ئەدىبىي ئەسەردە بۇ ئەسەردىكىدەك تەسۋىرلىنىپ باقمىغان... مۇشۇ تېمىدىكى ئەسەرلەر ئىچىدە «ئاقار يۇلتۇزلار»نى شېئىرىي تۇيغۇغا ئەڭ باي ئەسەرلەر قاتارىغا قويۇشقا بولىدۇ." مۇشۇ ئەسەرگە ئاساسەن 1984 ـ يىلى ئىشلەنگەن كىنو فىلمى سوۋېت ئىتتىپاقى تاماشىبىنلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مېنىڭ يېزا مونچىسىنىڭ چىراق نۇرى ئاستىدا تۇغۇلغانلىقىمنى ماڭا مومام سۆزلەپ بەرگەن. مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ھەربىي دوختۇر ـ خانىنىڭ چىراق نۇرى ئاستىدا دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بولسا ئۆزەم ـ

نىڭ سۆزلەپ بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ. مەن ئۆزەمنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىمنى سۆزلەپ بېرىشتىن خىجالەت بولمايمەن. بۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ ئالاھىدە بولغانلىقىدىن ئەمەس. مېنىڭ مۇھەببىتىم ناھايىتى ئادەتتىكىدەكلا، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ئاجايىپ بولغان، قەدىمىدىن ھازىرغىچە، ئەتىمالىم، ھېچكىممۇ مۇنداق مۇھەببەتنى بېشىدىن كەچۈرمىگەن بولسا كېرەك. مەلۇم بىر شائىر: "مۇھەببەت — كونا تېما، لېكىن ھەر بىر يۈرەك ئۇنى ئۆز ئۇسۇلى بويىچە يېڭىۋاشتىن يازىدۇ" دەيدۇ.

ھەر بىر يۈرەك ئۇنى يېڭىۋاشتىن يازىدۇ...

بۇ ۋەقە كۇبان يايلىغى كىراسنودار شەھىرىدىكى بىر ھەربى دوختۇرخانىدا بولۇپ ئۆتتى. بىزنىڭ ھەربى دوختۇرخانىمىز باشلانغۇچ مەكتەب ئىچىگە جايلاشقان ئىدى، ئۇنىڭ يېنىدا تاختاي قورۇقلىرى چۇۋۇپ ئېلىپ كېتىلىپ، ئوتۇن قىلىپ قالدۇرۇلغان كىچىك گۈلزارلىق بار ئىدى. يالغۇز بىر قاراۋۇلخانىلا قالغان بولۇپ، مۇھاپىزەتچى شۇ يەردە نۆۋەتچىلىك قىلاتتى، ئۇ زىيارەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئۆزى قارايدىغان يولدىن كىرىش-چىقىشقىلا رۇخسەت قىلاتتى.

ھەمرالىرىم (مەن ئاشۇ ئەسكەرلەرنى مۇشۇنداق ئاتايمەن، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ خاتىرەمدە باشتىن-ئاياق ھەمرا ئىدى) يولدىن كىرىش-چىقىشنى خالىماي، دائىم مۇھاپىزەتچىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ شەھەرگە "شۇڭغۇپ" كىرىپ، كېيىن ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنى داۋراڭ سېلىپ سۆزلەيتتى، مەن ئۇنى قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ، دېمىمنى چىقارماي ئاڭلايتتىم. ئۇ چاغلاردا، "چاكىنا" دېگەن سۆز تېخى كۆپ ئىشلىتىلمەيتتى، مانا شۇ سەۋەپتىنمىكىن، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ھەركىتىدە بىرەر چاكىنىلىق بار، دەپ قارىمايتتىم. ئۇلار

www.uyghurkitap.com

ئادەتتىكىلا ئەسكەرلەر بولۇپ، تەقدىر ئۇلارغا ئاتا قىلغان ۋاقتىنى مەنىلىكرەك ئۆتكۈزەتتى، خالاس.

سىلەر ناركوز قىلىنغانمۇ؟ ئۇدا بىرنەچچە قېتىم پۈتۈن بەدەن ناركوزى قىلىنغانمۇ؟ ناركوز قىلىنمىغان بولساڭلار بارماڭلار. ئۇدا بىرنەچچە قېتىم ناركوز قىلىنىش ناھايىتى ئازاپلىق.

باللىق ۋاقىتلىرىمدا كىچىك ھەمرالىرىم بىلەن بىللە سامانلىقتا ئوينىغانلىرىم ئېسىمدە. ھەمرالىرىم چوڭ بىر باغلام قۇرۇق چۆپنى ئۈستۈمگە تاشلاپ، ئېتىلىپ كېلىپ مېنى بېسىۋالاتتى، مەن تىن ئالالماي قالاتتىم، جان تالىشىپ، تىپىچەكلەيتتىم، ئۇلار بولسا كۈلۈشۈپ، مېنى قويۇۋەتمەيتتى. ئۇلار ئاخىرى مېنى قويۇۋەتكىنىدە، بىرھازاغىچە گومۇشتەك بولۇپ قالاتتىم.

ماڭا بىرىنچى قېتىم ناركوز قىلغىنىدا، يەتتىگىچە ساندىم. بۇنىڭ جەريانى ناھايىتى ئاددىي ئىدى: بىر — نەپەس ئالىسەن، ئىككى — نەپەس چىقىرىسەن. ئارقىدىن مېڭەڭ بۇرۇختۇم بولۇشقا باشلايدۇ، ۋاقىرىماقچى بولۇپ تىرمىشىسەن، تېنىڭدىكى چىڭ تارتىشىپ تۇرغان نەرسىنى ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىپ، ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلماقچى بولىسەن، تىرىشىپ-تىرمىشىسەن، ۋاقىرايسەن. تىرماشقىنىڭ قولۇڭنى يېنىككىنە مىدىرلاتقىنىڭ، ۋاقىرىغىنىڭ ئارانلا ئاڭلانغۇدەك پىچىرلىغىنىڭ بولىدۇ.

لېكىن، سىرلىق بىر كۈچ ئۈشتۈمتۇت سېنى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدىن كۆتىرىپ، چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە تاشلايدۇ. سەن قاراڭغۇلۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە كۆز كېچىسىدىكى كىچىك يۇلتۇزدەك ئۇچىسەن، ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ، ھايات شامىڭنىڭ ئۆچۈۋاتقانلىقىنىمۇ

كۆرسەن.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە تامام-ۋەسسالام.

سەن باشقىلارنىڭ ئىلكىدە بولسەن، ئۆزەڭگە نىسبەتەن يەنە مەۋجۇت ئەمەسسەن.

ئىمىشقىكىن، مەن ھەمىشە ئادەم مۇشۇنداق ئۆلىدۇ، دەپ ھېساب-لايتتىم. ئەمىلىيەتتە، ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈش جەريانىنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان بىرمۇ ئۆلۈك يوق.

ئۇ چاغلاردا، مەن ناركوز قىلىنغاندىن كېيىن پاتلا ئۇيقۇغا كېتىدىغانلارغا ھەۋەس قىلاتتىم. ئۇيقۇغا كېتىش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، بەكمۇ ئازاپلىق بولىدۇ. يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ھازىرغىچە دوختۇرخانىنىڭ پۇرىقى، بولۇپمۇ خلورو-فورمنىڭ پۇرىقىدىن تىنالماي قالىمەن. مانا شۇ سەۋەپتىن، دورىخانىغا ۋە دوختۇرخانىغا بېرىشنى ياقتۇرمايمەن.

ئاشۇ بىر قېتىمقىسى ھېلىمۇ ئېسىمدە، ھەممە ئىش ئاشۇ قېتىمقى-سىدىن باشلاندى، مەن تاكى يەتمىشكىچە ساناپ، ئاندىن قاراڭغۇلۇق قوينىغا چۆكۈپ كەتتىم.

ئەس-ھۇشۇمغا كېلىشىم تولىمۇ ئاستا بولدى. تېنىمدە قانداقتۇ بىرنەرسە چۈشەنگىلى بولمايدىغان قىيىن-مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ-چىگىش ئىش قىلىۋاتقاندەك، گويا دۈگاتېل چاقلىرى بىر-بىرلەپ چىشلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىنلا مېڭەم بىر پەسلا سەگەكلەشتى. نەپىسىم قىسىلىپ، ئۆزەمنىڭ نەدە ياتقانلىقىمنى سېزىشكە باشلىۋىدىم، ئارقىدىنلا، يەنە ھەممە نەرسە ناھايىتى يىراقلىشىپ، غۇۋالاشقىلى تۇردى. ئاندىن يەنە دېمىم سىقىلدى، ئۆزەمنىڭ ياتقانلىقىمنى پەملىدىم، ئەتراپ جىملىقتا چۆمگەن،

مېڭەمگە تەرەپ-تەرەپتىن ۋىڭىلدىغان ئاۋازلار كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۆزەمگە مەدەت بېرىپ، كۆزلىرىمنى ئاچتىم.

كېسەلخانىنىڭ ئوتتۇرىسى يوپ-يورۇق ئىدى. كۆزۈمنى يۇمسامىلا يېڭىۋاشتىن قاراڭغۇلۇققا يەنە چۆكۈپ كېتەرمەنمىكىن، دەپ ئاشۇ يورۇق يەرگە ئۇزاققىچە تىكىلىپ ياتتىم.

بىر چىراق يېقىنلىق تۇرۇپتۇ. چىراق شىشىسىگە گېزىت ئورالغان. ماڭا يورۇق چۈشمىسۇن ئۈچۈن چىراق شىشىسىنى قىڭغىر قىلىپ قويۇشقانلىقىنى بارا-بارا پەرق ئېتتىۋالدىم.

نىمىشقىدۇ، كۆڭلۈم خۇرسەن ئىدى. ئۇچىسىغا ئاق خالات كىيگەن بىر قىز ماڭا كەينىنى قىلىپ چىراق تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، كىتاپ ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياقىسىدا توق رەڭ شارپا باردەك قىلاتتى، چاچلىرى ئاق ياغلىقى ئاستىدىن چىقىپ، ئورۇق مۈرىلىرىگە يېيىلىپ تۇراتتى.

كىتاپ ۋاراقلىرى شىتىرلايتتى. قىز كىتاپ ئوقۇۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ياتاتتىم. سۇ ئىچىپ، كىكىرتىكىمدىكى كۆڭۈلنى ئېلىشتۇرىدىغان پۇراقنى يۇيۇۋەتكۈم كەلسىمۇ، قىز چۆچۈپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتىم. ئۇنىڭغا قاراپ كۆڭلۈم يايرىدى، بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ، ئىختىيارسىز ھۆكرەپ يىغلىغۇم كەلدى. مەن بەئەينى مەسكە ئوخشاپ قالدىم، رۇسلار مەس بولغاندىن كېيىن، نىمىشقىدۇ، ھامان ھۆكرەك ئېتىپ يىغلايدۇ ياكى بىشەملىك قىلىپ چاتاق چىقىرىدۇ.

مەن قارىغانسىرى، ئۇ قىزغا تېخىمۇ قاتتىق ئېچىندىم، چۈنكى ھېلىقى چىراق بار ئىدى، چۈنكى قىز كىتاپ ئوقۇۋاتاتتى، چۈنكى

مەن قايەردىندۇ قايتىپ كېلىپ، مۇشۇلارنى يېڭىۋاشتىن كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتىم. تازا ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىۋېتەتتىممىكىن-تاڭ، دەل شۇ پەيتتە، قىز بېشىنى بۇردى. مەن يۈزۈمنى ئۆرۈپ، كۆزۈمنى يېرىم-ياتا يۇمۇۋالدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئورۇندۇقنى يۆتكىگەنلىكىنى، چىراق شىشىسىنى ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلىدىم، كېسەلخانا تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقان ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىدىم. ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ ياتتىم، نىمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزەممۇ ئۇقمايمەن.

ئۇ ماڭا ئېگىشتى. شۇ چاغدا، مەن ئۇنىڭ قاپ-قارا كۆز قارىچۇق-لىرىنى، بۇلاقتەك سۈزۈك، نۇرلۇق كۆزلىرىنى، ئىككى يانغا قالىغاچ قانىتىدەك كېرىلگەن قاشلىرىنى، ئەگمە كىرپىكلىرىنى، سەل كۆپكەن ۋە سۇباتلىق لەۋلىرىنى، ئىنچىكە-نازۇك بويىنىنى، بويىنغا راستىنلا چىگىۋالغان ئالا-چىپار شارپىنى كۆردۈم. ياق، مەن بىلىجىرلاپ تاشلىدىم، شارپىنى چىگمەپتۇ، قىزنىڭ شارپىسى خالات ئۈستىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. خالاتنىڭ يانچۇغىغا ئۇچىغا داكا ئورالغان تېرمومېتىرنى قىستۇرۇۋاپتۇ. خالاتنىڭ بىر تۆگمىسى ئۆكۈپ كەتكەن قارا يىپ بىلەن تىكىلگەن ئىدى. قىز ئۈچىسىدىكى كالتا چاپىنىنىمۇ، خۇددى ئاياق بوقۇچىنى ئىككى كۈرمەك سېلىپ باغلىغان-دەك، قارا بوقۇچ بىلەن باغلىۋالغان. ئۇ كۈرمەك سېلىپ باغلىۋالغان يەرنىڭ يۇقۇرىسىدىكى ھەلقۇمنىڭ لىپ-لىپ قىلىپ بىر كۆتىرد-لىپ، بىر چۈشۈۋاتقىنىنى كۆردۈم، ئۇ كىچىككىنە ھەلقۇم ئىدى! بۇلارنىڭ جىممىسىنى بىر يولىلا كۆردۈم، گەرچە كېسەلخانىدا بىرلا چىراق، كىچىككىنە كىرسىن چىرىغىلا بولسىمۇ كۆردۈم. ماڭا ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن قەددى- قامىتىنى يورۇتۇپ بەرگەن باشقا بىر خىل نۇرمۇ بولسا كېرەك!

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟

مەن دەرمانىم باردەك جاۋاپ بېرىشكە تىرىشتىم:

— ھېچقىسى يوق.

قىز ئەنسىرەپ، كۆلكىلىك ھالدا قاشلىرىنى ھىمىردى، لېكىن قاشلىرى ھىمىرىلمەي، بەكمۇ كېرىلىپ كەتتى. ئۇ ماڭا سۇ سۇندى. ئىستاكاننى ئالاي دەپ قولۇمنى سوزۇشۇمغا، قىز قولۇمنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئەپچىللىك بىلەن قولىنى بېشىمنىڭ ئاستىغا قويۇپ، مېنى ئاۋايلاپ يۆلىدى.

ئانچە ئىچكۈم بولمىسىمۇ، لىق بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىۋەتتىم.

— سىزگە ئۇيقۇ دورىسى بېرەيمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ياق، — ئۇشتۇمتۇت بېرىلگەن بۇ تەكلىپتىن چۆچۈپ كەتتىم، — ئۇخلىغۇم يوق. — نىمىشقىدۇ بىرئاز خىجىل بولۇپ، قوشۇپ قويدۇم، — قانغۇدەك ئۇخلىۋالدىم.

— ئەمىسە، خاتىرجەم يېتىڭ.

ئۇ يەنە ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، كىتاپنى ئاچتى. لېكىن ئەمدى قىزغا قادىلىپ قاراشقا پېتىنالمىدىم. پەقەت ئارىلاپ- ئارىلاپ ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتىم. ئۇ ھەر دائىم يېنىمغا كېلىشكە تەييار ھالدا سىڭايان ئولتۇراتتى. لېكىن ئۇنى قىچقارمىدىم، قىچقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم.

كېسەلخانىدىكى ياردارلارنىڭ بەزىلىرى ئۇخلاۋاتاتتى، بەزىلىرى جۆيلۈۋاتاتتى. كىمدۇ بىرى چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، سابىق منامىيوت بەنىنىڭ بەنجاكى لېۋرىك ۋىتىلوۋ تۇتۇق ئاۋازدا ھە دەپ

بۇيرۇق چۇشۇرەتتى: "ئېتىڭلار! ئېتىڭلار!... خۇمپەرلەر! ئۇچىغا چىققان خۇمپەرلەر! ئۇچىغا چىققان خۇم...پەرلەر... ئۇچىغا چىققان... خۇم...پەرلەر..." ئىش كۆپ ھاللاردا مۇنداق بولاتتى: جەڭچى ئويغانغاندا جەڭ تاماملىناتتى ـ يۇ، چۈشىدە يەنىلا داۋاملىشۋېرەتتى. لېكىن، چۈش كۆرۈۋاتقاندا ئوق چىقىرىش ناھايىتى تەس بولىدۇ، ھەممىشە قانداقتۇ چاتاق چىقىپ تۇرىدۇ: يا تەپكىسى پەسكە چۈشمەي قالىدۇ، ياكى مىلتىق نوسى خۇددى يادەك ئېگىلىپ كەتكەن بولىدۇ. لېيۇرېكنىڭ مىناميوت ئوقى نوغا كەپلىشىپ قالغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتاتتى. چۈشىدە جەڭ قىلىش كارامەت بولىدۇ، لېكىن نەتىجىسى ھامان مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. بەزىدە، كىشى چۈشىدە ئون نەچچە قېتىم ئوق يەپ ئۆلىدۇ ـ يۇ، ئۇيقۇدىن ئويغانغىنىدا، ھېچ ئىش يوق بولۇپ چىقىدۇ. چۈشىدە جەڭ قىلىشنىڭ كارايىتى چاغلىق، جەڭ ئوكۇشلۇق كېتىۋېرىدۇ.

مەن قىزنى قىچقىرىشقا يەنىلا پېتىنالمىدىم. سەللا مىدىرلاپ قويۇۋىدىم، ئۇ ئۆزى كەلدى ۋە كېلىپلا قولىنى چوغدەك ئىسسىق پېشانەمگە قويدى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سالقىن ۋە يۇمشاق بۇ ئالقاننىڭ ھىمايىسىدە شۇ ھامان راھەتلىنىپ ـ يايراپ، ئەسەبىلەرچە تىترەش، ئالاقزادە بولۇش، نەپەس قىسىلىش ۋە غېرىبسىنىش تۇيغۇلىرى بىردىنلا غايىپ بولدى.

ــ قانداق، تاۋىڭىز يوقمۇ؟ ــ يەنە سورىدى ئۇ.

مەن يەنىلا "ھېچقىسى يوق..." دەپ بولۇپ، باشقا گەپ تاپالمىغانلىقىمغا ئىچىمدە ئۆزەمنى قاغىدىم. "ھېچقىسى يوق" دەپ تەكرارلىدىم مەن يەنە. ئۇ پېشانەمدىن قولىنى تارتىۋېلىپ، كېتىشكە تەمشەلدى. مەن ئاغزىمغا كەلگەن سېرىق سۇنى كەينى ـ كەينىدىن

يوتۇۋېتىپ، يارىلانمىغان قولۇمنىڭ بارماقلىرىنى ئاستا سىدىرلاتتىم:

— سىز... سىز قايسى كىتاپنى ئوقۇۋاتىسىز!

— «مالىمانچىلىق» نى. شىرۋانزادىنىڭ① «مالىمانچىلىق» دىگەن كىتاۋىنى ئوقۇۋاتىمەن. سىز ئوقۇغانمۇ؟

— يا...ق، «مالىمانچىلىق»نى ئوقۇمىغان. لېكىن «شان-شەرەپ»نى ئوقۇغان ئىدىم. بۇمۇ شىرۋانزادىنىڭ ئەسىرىغۇ دەيمەن؟

— شۇنداق بولسا كېرەك.

دەيدىغان باشقا گەپ تېپىلمىدى. ئۇنىڭ دەرھال كېتىپ قالىدىغانلىغىنى پەملەپ، ئالمان-تالمان ئېغىز ئاچتىم:

— مەن نۇرغۇن كىتاپ ئوقۇغان ئىدىم. — شۇ ھامان پۈتۈن تېنىم قىزىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، مەن غودۇڭشۇپ گېپىمنى داۋاملاشتۇردۇم، — شۇنداق، نۇرغۇن كىتاپلارنى، ھەر خىل كىتاپلارنى ئوقۇغانمەن... ئەلۋەتتە، بۇ كۆپ ھېساپلانمايدىغاندۇ. — پو ئېتىۋاتقانلىغىمغا ئىچ-ئىچىمدىن نەپرەتلىنىپ، يۈزۈمنى تام تەرەپكە ئۆرۈۋالدىم-دە، تىرنىغىم بىلەن ياغاچ تامنى تاتىلاشقا باشلىدىم. مەن: قىز دەرھال كېتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت مېنى كۆزگە ئىلمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

لېكىن، ئۇ كەتمىدى.

مەن زېھىن قويۇپ قۇلاق سالاتتىم.

دۇرۇس، ئۇ يېنىمدا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تىنىغىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم.

---

① شىرۋانزادە — (1858 — 1935 - يىللار). ئەزەربەيجان — ئەرمەنىستان خەلق يازغۇچىسى.



www.uyghurkitap.com

— بەلكىم، سىز ئۇقۇپ بېرىشىمنى خالايدىغانسىز؟
— قېنى، ئوقۇپ بېرىڭا! — دېدىم مەن خۇرسەن بولۇپ.
قىز ئەتراپقا كۆز سېلىپ، لەۋلىرىنى چىشلىدى.
— ئاپلا، بولمىغۇدەك! چىراق نۇرى سىزگىمۇ، خوشنا كارۋاتتىكى كېسەلگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ، ئۇ — ئېغىر ياردار. ماڭا قاراڭ، ئەككىمىز پەس ئاۋازدا پاراڭلىشايلى، قانداق؟
— نى...مە؟
— پەس ئاۋازدا پاراڭلىشايلى.
— خوپ. — ئاۋازىمنى پەسەيتىپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا قوشۇلىدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم.
— سىز قەيەرلىك؟ — سورىدى ئۇ ئېڭىشىپ.
— سىبىرىيىلىك، ئۆيۈم كراسنويارسكىدا.
— مەن مەشەلىك، كراسنودارلىق. قارىڭا، نىمىدىگەن باپ كەلگەن: كراسنودار — كراسنويارسكى.
— شۇنداق، تازا باپ كەپتۇ، — بېشىمنى ئېغىتىپ، ئەڭ زور غەيرەت بىلەن بىر سوئال سورىدىم، — ئىسمىڭىز نىمە؟
— لىدا. سىزنىڭچۇ؟
مەن ئىسمىمنى ئېيتتىم.
— مانا ئەمدى تونۇشۇۋالدۇق. — ئۇنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن يۇمشاق، نىمىشقىدۇ بىرئاز ھەسرەتلىك ئىدى.
”يەنە قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغاندىمەنمۇ؟“ دەپ قاتتىق ئويلاندىم.
— ئەمدى گەپ قىلمايلى. سىز تېخى كۆپ گەپ قىلالىسىڭىز بولمايدۇ، بىردەم ئۇخلىۋېلىڭ.

www.uyghurkitap.com

— ياق، ئۇخلىمايمەن، ماڭا ھېچ گەپ يوق... — قوشۇلمىدىم مەن، — ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن.

— سىلەرنىڭ مىجەز-خۇلقىڭلار ماڭا مەلۇملۇق. ھەممەڭلارنىڭ ئۆزەڭلارنى قەيسەر ئەزىمەت قىلىپ كۆرسەتكۈڭلار كېلىدۇ، لېكىن، كېيىن يەنە...

مەن لاسسىدا بولۇپ قالدىم. ئەلۋەتتە، ئۇ ھەممىمىزنى كۆزدە تۇتۇۋاتاتتى. ھالبۇكى بۇ يەردە بىزدەكلەر نۇرغۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن تېخى ئۇنى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ئاشىق-بىقارار بولۇپ قالدىم. ئۇ، ئەتىمالىم، ھەممەيلەنگە مۇشۇنداق شېرىن-تاتلىق، يېقىملىق سۆزلەيدىغاندۇ، مۇشۇنداق مۇلايىملىق بىلەن ھەممەيلەننىڭ ھالىغا يېتىدىغاندۇ. بىرنەچچە ئېغىز سىلىق-يېقىملىق مۇڭدىشىش، ئۇسسۇلۇق سۇنۇپ بېرىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەس. لېكىن، لىق بىر ئىستاكان سۇنى ئىچىۋەتكىنىمنى قارىسامدىغان، ئەخمەق!

ئىچىم سىرىلىپ كەتتى، رەڭگىرويىم تېخىمۇ ئوسال لاشتى. قايتا ئويغانغىنىمدا، تاڭ نۇرى خۇنۇك چىراق يورۇقىنى بېسىپ كەتكەن ئىدى.

ئاھ-ۋاي دېيىشىپ، ئەسكەرلەرمۇ ئويغاندى، چۈندى يارا ئاغرىقى بىلەن يېقىندىلا قىلىنغان ئوپېراتسىيە ئاغرىقىنىڭ ئازاۋى ئادەم بىلەن تەڭلا ئويغانغان ئىدى. ئىڭراش، كايىش-ئاغرىنىش، يۆتىلىش، تىللاش — دائىملىق ئىش ئىدى.

يامغۇرسۇيى دېرىزىنى بويلاپ قىڭغىر-قىيسىق تامچىلايتتى. ئۈستىدە يالتىراق سۇ تامچىلىرى ئېسىلىپ تۇرغان بىر تال قارا شاخ كۆرۈندى. پەرلىرىنى ھۈرپەيتىپ شاختا ئولتۇرغان ئىككى قۇشقاچ

سەدىقە ـ ئېھسان كۈتەتتى ـــ كىشىلەر دېرىزە سىرتىغا قارىشىپ ئۈلارغا بولكا ـ نان ئۇۋاقلىرىنى تاشلايتتى.

بىزنىڭ بۇ يەردە ئافونىي ئانتىپىن دىگەن ئۇمۇرتقىسى يارىلانـغان بىر ئادەم ياتاتتى، ئۇ بىيسكى شەھرىدىن ياكى بىيسكى شەھەر ئەتراپىدىكى يېزىدىن كەلگەن ئىدى. ياستۇق ئىشلەتمەي، قوم تولدۇرۇلغان چۇشەك ئۈستىدىلا ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ كارىۋىتى قويۇلـغان يەردىن بۇ دەرەخ شېخى بىلەن قۇشقاچلارنى كۆرگىلى بولاتتى ـــ بۇمۇ بىر خىل لەززەت ئىدى.

ئۇنىڭ نېرىسىدا تۆەن رازۋېتكا ئەترىدىنىڭ باشلىغى گوساكوۋ جۇنۇۋېي ياتاتتى. ئۇ، ئانتىپىنغا لازىملىق نەرسىلەرنى سۇنۇپ بېرىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، ناھايىتى يېقىن ياتاتتى. گوساكوۋ كەڭ كۆكرىگى ۋە قوسىغىنى كېرىپ، بەھوزۇر خورەك تارتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى پۇتى گىپىسقا ئېلىنىپ، گەژ سۆركەلگەن، ساپـسېرىق ئىششىق تاپانلىرى، ئەگمەش تىرناق پۇت بارماقلىرى يوتقاندىن چىقىپ تۇراتتى ـــ يوتقان ئۇنىڭغا تولىمۇ قىسقىلىق قىلاتتى. لېكىن، ئۇ پوچىلىق ماھىرى، سەت گەپ قىلىشقا ئامراق ئىدى، ئۇ بۇنى ئىزاھلاپ: تاماق ـ مەئىشەت تولىمۇ ئوبدان بولغاچقا، كېچىسى چۈشۈمدە ئايال كىشى بىلەن بىللە بوپتىمەن، شۇڭا يوتقاننى پۇتۇمدىن تارتىپ بېشىمغا پۈركىۋاپتىمەن، دەيتتى.

جۇنۇۋېينىڭ ئۈيقۇسى قاتتىق بولسىمۇ، قۇشلاردەك ئاسانلا ئويغىناتتى، ـــ ھەر ھالدا رازۋېتچىك ـ تە! كېسەلخانىدىكى تۇۋىشنى ئاڭلاپ، ئۇ ئاخىرقى قېتىم ئۈزۈن، تاتلىق خورەك تارتىپ، يوغان چىشلىرىنى قاپلاپ تۇرغان كەڭ كالپۇكلىرىنى ئاچتى. ئۇ ئەسنەپ، كېرىلىۋېلىپ، كارىۋات بېشىنى تۇتۇپ، دېرىزە سىرتىغا قاراپ

قويدى.

— بىر توپ قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ، يەردە دانلاۋاتىدۇ. مانا، ھاۋا ياخشى بولىدىغان بولدى. بىردەم بۇ ياققا ئۇچۇپ كېلىدۇ، بىردەم ئۇ ياققا ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئاناڭنى! ھوي، ئافوننىي، قانداق راق؟ — ئۇ ئانتىپىنغا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇلار بىر رازۋېتكا پەيىدىن كەلگەن، بىر كۈنى ئاختۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقاندا يارىلانغان، ۋەزىپە ئورۇنلانغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسىلا قايتىپ كەلگەن ئىدى. گۇساكوۋنىڭ پۇتلىرى سۇنغان، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئانتىپىننى يۆدەپ، ئارىلىق جايلاردىن بۆسۈپ چىققان ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئاختۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىلگىرى، گۇساكوۋ ئەتراپلىق ئويلانمىغان، توغرا پىلانلىنىمىغان بولغاچقا، رازۋېتكا ئەتىرىدى تارمار قىلىنغان ئىدى. ھازىر ئۇنىڭ ئانتىپىنغا جان-دىلى بىلەن كۆيۈنۈشى خىزمەت كۆرسىتىپ گۇنايىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشلاردا قىلچە خاتالىق سادىر بولمايدىغان بولسا، بىز بېرلىنغا ئاللىقاچان يېتىپ بارغان بولاتتۇق.

— ھۇ، جۇۋاينىمەك! — يېنىمدىكى كارۋاتتا ياتقان ئۇكرائىنالىق بومبۇر ساقاللىق ئادەم غودۇراپ، قوسىقىغا چاپلانغان داكىنى باستى. — ئىلاھىم، ئۇ دۇنيادا ئۇنىمۇ ماڭا ئوخشاش نەس باسار...

— ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دەپ ھال سورىدى مېنىڭدىن كىچىك مىناميوت جېڭگە قوماندانلىق قىلىپ چىققان لېيۇرىنىك ۋىتلوۋ.

— تېخى ھاياتمەن، — خۇشخۇيلۇق بىلەن جاۋاپ بەردىم مەن لىدا ئۆچۈرۈشنى ئۇنتۇپ قالغان چىراققا قاراپ. "ھازىر ئۇ نەدىدۇ؟

ئىشتىن چۈشكەنمىدۇ؟ ماڭالىغان بولسام ئەجەپ ئوبدان بولاتتى ــ دە“ دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

ــ تاماكا چېكەمسەن؟ ــ ليۇرىك يەنە گەپ باشلىدى.

ــ تاماكا چەكمىسەم، كۆڭلۈم ئېلىشقاندەك بولىدۇ.

ــ بۇرادەرلەر، مەن تاماكا چېكىمەن. ــ دېدى ليۇرىك بىر يولىلا كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇغىنى ئالماقچى بولۇپ.

ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. بىردەمدىن كېيىن، كېسەلخانىدا كۆك تاماكا پۇرىقى تارقىلىشقا باشلىدى. كېسەلخانىدىكى سېسىق ھىد ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەن دوختۇرخانىدا ھەمىشە بولىدىغان ھەر خىل پۇراقلار شۇ ھامان يوقالدى.

ئەتىگەنلىك پائالىيەتلەر داۋاملاشتى، ھەممەيلەن ئېرىنچەكلىك بىلەن تاغدىن ــ باغدىن پاراڭ سېلىشقاچ، سانىتارنىڭ داستا يۈز يۇيىدىغان سۇ ئېلىپ كېلىشىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتىگەنلىك تاماقنىڭ بېرىلىشىنى كۈتۈشتى.

ــ بۇ قانداق يەر؟ ھەمىشە ھۆلچىلىك، ھۆلچىلىكلا! ــ ئانتىپىن ھاسىراپ، جۇنۋېيغا غودۇرىدى. ــ دائىم يامغۇر يېغىپلا تۇرغان، توختايمۇ دىمەيدا! ئۈستىۋېشىمىزنى چۆپ ــ چۆپ سۇ قىلىۋەتتى. مېنى ئۆيۈمگە قايتۇرۇۋەتسە، تازا بەلەن بولاتتى. بىزنىڭ ئۇ يەرلەردە سوغاق كۈنلىرى سوغاق، ئىسسىق كۈنلىرى ئىسسىق بولىدۇ. كىشلەرمۇ يالغانچىلىق ــ ساختىلىق قىلالمايدۇ، مەيلى ئاچچىغى كەلگەندە بولسۇن، ياكى خوشال ــ خورام چاغلىرىدا بولسۇن، ھەر ــ قاچان تىلى بىلەن دىلى بىردەك. مېنى ئۆيۈمگە قايتۇرۇۋەتسەڭلارچۇ، ھە؟

ئانتىپىن بۇ گەپلەرنى ھەر كۈنى دەپ، جۇنۋېيغا بىشارەت بېرىپ،

www.uyghurkitap.com

بىر ئىلاج قىلىپ ئۇنى باشقا دوختۇرخانىغا، ئەڭ ياخشىسى، ئالتاي رايونىدىكى دوختۇرخانىغا يۆتكەپ قويۇشنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن ئانتىپىننىڭ ھالى خاراپ ئىدى، مەشەننىڭ ئۆزىدىمۇ قىمىر قىلالمايتتى، ھەتتا كۆپ سۆزلىشىگىمۇ بولمايتتى، ئۇ بارا-بارا ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھال جۇنۋېي گۇساكوۋغىمۇ، بىزگىمۇ ئايان ئىدى. شۇڭا، جۇنۋېي ئانتىپىن بىلەن پاراڭلىشىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ئەتەي شوخلۇق قىلىپ، ئۇنلۇك بۇيرۇق چۈشۈردى:

— كىم قانداق چۈش كۆردى؟ قېنى، تېز دوكلات قىلىڭلار!

— بىز قانداق چۈش كۆرەتتۇق؟ ئۇرۇش! دائىملا ئۇرۇش، ئەجەپمۇ بىزار قىلدى...

— مېنىڭ مىناميوت ئوقۇم يەنە كەپلىشىپ قېلىپ، بېشىمنى تازىمۇ قاتۇردى، — گەپ قىستۇردى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىن ليۇرېك.

— چېقىرىۋالالىدىڭمۇ؟

— بۇ ئېسىمدە يوق.

— ئۇرۇققىنا كەلگەن، شالاڭ ساقاللىق، بويى پاكار بىر ئەرمۇ بار ئىدى، مۇنداق ئادەم ھايات چېغىدا ئۇنىڭ ھەققىي ئىسمپەملىسىنى ياكى نەسلى-نەسەبىنى، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قانداقتۇ ئالاھىدە بىرەر ئىش قىلغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىممۇ ئۇقمايتتى. شۇ تاپتا، ئۇ بىردىنلا ئىشىك تەرەپتىن قورۇنغان ھالدا گەپ قىستۇردى:

— مەن ئايال كىشىنى چۈشەپتىمەن، — پاكار سەل توختىۋالدى، كېسەلخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىۋاسى قىزىقسىنىپ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشتى، — ئۇ قىپ-يالىڭاچ ئىدى! ئۆزىنى ماڭا ئاتتى، بىلەمسەن، ئۇنىڭ كۆكسى خۇددى مىناغا ئوخشايتتى... — پاكار يەنە توختاپ،

شۈلگىينى يۇتتى.

— قانداق!!! كېيىن قانداق بولدى؟! كېيىنچۇ...

— كېيىن دەمسەن؟ مەن قورقتۇم. كەينىمگە داجىدىم...

— ئەتتىڭگىنەي! — دەپ خورسىندى جۇنۋېي گۇساكوۋ، — ئەزىمەت، ئامىتىڭ كەپتىكەن! مىنانى تۇتۇۋېلىپ، خەتەرنى تۈگىتىشىڭ كېرەك ئىدى-دە...

— ئۇنداق قىلسام بولمايتتى! — پاكار جانلىنىپ كەتتى. — مەن تېخىنىڭ ئەسكەر، ئەخمەقلىق قىلىپ مىنانى تۇتسام بولمايدۇ-دە. تۇتۇپلا قويسام، گۇمىمدە پارتلايدۇ ئەمەسمۇ!... مېنىڭچە، مۇنداق چۈش تەن سالامەتلىكىنىڭ ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى، بۇرادەرلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ ئەمدى گەپنى رەسمىي تېمىغا يۆتكىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق! قىپ-يالىڭاچ، يەنە كېلىپ ناتونۇش ئايال، ئۇ بىكاردىن-بىكار چۈشۈڭگە كىرىپ يۈرمەيدۇ-دە!

ليۇرىك ئىككىمىز بېرىلىپ ئاڭلىغاچقا، ئاغزىمىز ئېچىلىپلا قاپتۇ! ئاغرىق ئازاۋى، ناركوز دىگەنلەرنىڭ جىمىسىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن. شۇ ئەسنادا، مېنىڭ يېنىمدىكى كارۋاتتا ياتقان جەڭچى تىرىشىپ-تىرمىشىپ يۈرۈپ، ئاخىرى كارۋىتىدا ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى، ئۇ بىر پەس ئىڭراپ، ئاغرىنغاندىن كېيىن، بېشىنى چايقاپ، تاپا-تەنە ئارىلاش سۆزلىدى:

— ۋاي-ۋۇي، مۇنۇ يىگىتلەرنىڭ، ئىش بىلمەيدىغان باللارنىڭ دەۋاتقان سەت گەپلىرىنى قارىمامدىغان!...

گۇساكوۋ جۇنۋېي ئوڭايسىزلانغان هالدا تامغىنى قىرىپ قويۇپ، جەينىكىگە تايىنىپ تۇرۇپ، باش-ئايىغىغا سەپ سالغاچ سورىدى:

— كۆرگۈلۈگى بار يىگىت، ئەھۋالىڭ قانداق؟

— تېخى ھاياتمەن! — ليۇرىكقا جاۋاپ بەرگەندىكىدەك خۇشخۇي جاۋاپ بەردىم مەن چىراققا تىكىلىپ تۇرۇپ.

— بەلـلى، — ئىمىشقىدۇ بىردىنلا خۇيۇم تۇتتى، — قالتىس ياخشى ئىشقۇ بۇ! ئازراق سۇ ئىچىپ، شارپىنى كۆرۈپ، بىردەم تەنە گەپلەرنى قىلىپ، خۇددى شۇنداق ئىش باردىكىدەك، چىشىم قىرىشىپ، ئۇغام قايىندى! مەن تېخى تولىمۇ ھېسسىياتچان ئىدىم! لېكىن، ئۇ تاپىدىغان ئادىمىنى تاپالماي، خاتالاشتى! بۇرادەر، بۇ ئىمىلىرىڭ ماڭا كار قىلمايدۇ... بۇرادەر، مەن...مەن ھازىر قوپۇپ، بىرىپ شامنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن. كۆپ-كۈندۈزدىمۇ چىراق ياققان بارمۇ. كىرسىن جىقمۇ-يە؟ مەن ئۇرۇش مەيدانىغا ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى، پويىز خادىملىرى گۇرۇپپىسىدا ئىشلىگەن ئىدىم. ئۇ يەردە كىرسىن يېتىشمىگەچكە، بەزىدە ھەتتا يىراقتىكى يول ئاجراتقۇچتىمۇ چىراق ياقمايدۇ. لېكىن بۇ يەردىچۇ، چىراقنى يېقىپ قويۇشىدۇ تېخى!

مەن يارىلانمىغان قولۇم بىلەن كارۋاتقا تايىنىپ قوپۇپ، ئولتۇردۇم، كۆز ئالدىمدىكى جىمىكى نەرسە پىقىرايتتى: كېسەلخانا، چىراق قويۇلغان ئۇستەل، ياغاچ سۆڭىگى تومپىيىپ چىققان ليۇرىك، ئۇنىڭ تېنىدىكى جاراھەت دەل ئۇنىڭ يېشى بىلەن باراۋەر — ئون توققۇز...

ھەممە ئاستا-ئاستا ئەسلى ھالىتىگە كەلدى. مەن ليۇرىكقا لەپپىدە قارىۋىدىم، ئۇ ماڭا كۆزىنى قىسىپ قويدى. ئۇ، شۇ تۇرقىدا ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. ئۇنىڭ بۇرنى بىر تەرەپكە قىيسايغان، ئاغزى چوڭ، قۇلاقلىرى يوپ-يۇملاق بولۇپ، خۇددى قارا يىلپىزغا

ئوخشايتتى. ئېچىۋېتىلگەن كۆينەك ياقىسىدىن ئۇنىڭ كۆكرىگىگە چېكىلگەن ئۇچلۇق تۇمشۇغىدا بىر ئايالنى چىشلىۋېلىپ ئاسمانغا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر بۈركۈتنىڭ سۈرىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ليۇرىك مېنىڭ ھەممە ئەھۋالىمنى چۈشىنەتتى، مەنمۇ ئۇنى چۈشىنەتتىم — بىز تەڭتۇشلار ئىدۇق.

يارىلانغان قولۇمنى كۆتىرىپ، ئورنۇمدىن قوپۇپ، پولدا چىڭ تۇرۇۋالدىم-دە، ئۇستەلگە يېقىنلىشىپ پۈۋلىدىم. چىراق ئوتى لىپىلدەپ، يۇقۇرىغا بىر سەكرەپلا ئۆچتى. پەقەت چىراق پىلىكىدىنلا بىر پەس ئىس چىقىپ، كېچىلەردە قاپ-قارا ئىسلىشىپ كەتكەن دېرىزىلەرنى يەنە بىر پەس ئىسلىدى. لېكىن، ئىس تېزلا يوقالدى.

— تاماكاڭنىڭ قالدۇغىنى ماڭا بەرگىنە، مەن چېكىۋېتەي، — دىدىم مەن ليۇرىكنىڭ قېشىغا ئولتۇرۇپ.

ئۇ تاماكىنىڭ ھۆل يېرىنى ئۈزۈۋېلىپ، پولغا تۈكۈرۈۋېتىپ، قالغان قالدۇغىنى ئاغزىمغا چىشلىتىپ قويدى.

— ئىككى-ئۈچ قېتىم شورىۋالساڭلا بولغىنى.

— ماقۇل.

تاماكىنى ئىككى قېتىم شورىشىمغا، ليۇرىك گەپ-سۆز قىلمايلا تاماكا قالدۇغىنى ئاغزىمدىن ئېلىۋالدى. مەن يەنە بىردەم ئولتۇرۇپ، ئورنۇمدىن قوپۇپ، چۈشىگىم تەرەپكە قاراپ ماڭدىم، ئاشۇ ئۈچ قەدەم ئارىلىقتىن تازىمۇ قورقتۇم. ئاسمان-زېمىن پىقىرىغاندەك بولۇپ، خوشنا كارۋاتتىكى كېسەلنىڭ ئۇستىگە تىك موللاق چۈشتۇم. ئۇنىڭ كۆزلىرى قورققىنىدىن قىسىلىپ كەتتى، لېكىن ئۇنى بېسىۋالمىدىم. قوسىغى يارىلانغان بۇ كىشىنى ھەرگىزمۇ بېسىۋالماسلىق

www.uyghurkitap.com

كېرەك ئىدى.

— ماڭالمايدىغان هالىڭغا، كىم قويۇپتۇ ساڭا مېڭىشنى! — خوشنام غودۇراپ، يالاڭ ئىشتىنىمدىن تۇتۇۋېلىپ، مېنى ئاستا ئىتتىردى.

بىزنىڭ كېسەلخانىدا هېچكىم ماڭالمايتتى، شۇڭا زورىقىپ يۈرۈپ، چۈشكىمنىڭ يېنىغا ئاران بېرىۋالدىم.

ياستۇققا ئۆزەمنى تاشلاپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ، بىر پەس ئارام ئالدىم. ئىچىم تېخىمۇ ئېلىشىپ كەتتى. تاماكا چەكمىسەم بوپتىكەن، راستلا چەكمىسەم بوپتىكەن.

ئاشۇ كۈننى يېرىم ئۇيقۇلۇق، ئېسىمنى بىلمەي، ئېلىڭ-سىلىڭ ئۆتكۈزدۈم. هېچنىمە يېمىدىم، ئىككىنچى تاماكا چەكمىدىم، كىتاپ كۆرگىلى بولمايتتى، پاراڭلاشقىلىمۇ بولمايتتى. ناركوزنىڭ تەسىرى ناهايىتى ئاستا يوقىلاتتى. ناشتىدىن كېيىن كېسەللەر تەكشۈرۈلەتتى. سېسترالار باشلىغى، كېسەلخانىنىڭ سېستىرالىرى، باشقۇرغۇچى، سانىتار ۋە باشقا هەر خىل خادىملار ئاق خالات كىيگەن، ئۇلارنىڭ تۈرقى تۈرمىگە قاراقچىلارنى كۆرگىلى كەلگەنگەنلەرگە ئوخشىمىغان تەقدىردىمۇ، هەر هالدا بىر توپ ئۆكتەم-دودەنلەرنى كۆرگىلى كەلگەنلەرگە، بۇ ئۆكتەم-دودەنلەرنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتكىلى كەلگەنلەرگە ئوخشايتتى، ئۇلارغا تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرمايتتى. كېسەللەرنى تەكشۈرۈشكە كەلگەنلەرنىڭ ئالدىدا ئاگىنيە ۋاسلىيېۋنا ماڭاتتى، ئۇ خۇددى قىلىچلا ئاسىمىغان، ۋىجىككىنە كەلگەن هەربى قوماندان سۈۋورروۋغا ئوخشايتتى. پەقەت ئۇنىڭلا چېهرىدىن مۇلا-يىملىق جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، كونا شەكىلدىكى بۇرۇنىغا قىسىۋالدىغان

كۆزەينىگى ۋال-ۋۇل قىلىپ چاقنايتتى، ئاق باش كىيىمى ئاستىدىن كۆمۈشرەڭ بۇجغۇر چاچلىرى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تەرىنى تۈرۈپ، جىددىرەك قىياپەتتە كۆرۈنۈشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، چىرايىدىن ياش چاغلىرىدىكى شوخلۇغى ۋە جۇشقۇنلۇغى جۇلالىنىپ تۇراتتى. ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىن بۇيان: ئۆز ۋاقتىدا چوقۇم بىر يىگىت ئۇنىڭغا كۆيۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئىشقى ئوتىدا كۆيۈپ-پىشىپ يۈرگەن! دەپ ئويلايتتىم.

ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنا مېنىڭ ياخشى نىيىتىمنى تۇيغان بولسا كېرەك، ماڭا ناھايىتى خۇشخۇي مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ ھىممىتىنى قاتتىق-جىددى پوزىتسىيە بىلەن يوشۇراتتى. ئۇ ماڭا بەكمۇ قاتتىق قوللۇق قىلاتتى، بەزىدە بۇ ماڭا تازىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى. لېكىن، ھازىر تېخى ئۇنداق ئەمەس ئىدى.

لىدا ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ ھەمرالىرى ئىچىدە يوق. ھەتتىگىنەي، بۇنىڭغىمۇ مەيلى. مەن ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋناغا قاراشنى ياقتۇرىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن نىمە قىلىشىمنى ئۇقمايمەن، لېكىن ئۇ مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمايتتى! ئۇ پەقەت چۈشىدە يالىڭاچ ئايالىنى كۆرگەن ھېلىقى پاكارنىڭ كۆينىگىنى قايرىپ، بەدىنىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى بارماقلىرى بىلەن توكۇلدىتىپ بىر پەس تىڭشىغاندىن كېيىن:

خوتۇنىڭىز سىزگە تولىمۇ شەپقەتسىزمۇ، ياكى ئالدىنقى سەپتىن ئورۇۋقلاپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دىدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاۋىنى كۈتمەيلا، كەينىدىكى خاتىرە يېزىشقا تەييار تۇرغان سېستراغا ئېيتتى، — ئوزۇق-لۇقنى كۈچەيتىڭلار!

بۇ ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنا ھەقىقەتەنمۇ قالتىس-تە! ئۇنىڭغا نەقەدەر ئامراقمەن دىسىڭىزچۇ! ئامراقلىق بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا

توققۇز تازىم بىلەن ئاپىرىن ـ تەھسىن ئوقۇيمەن دەۋا! ئەگەر ئۇ بۇنى بىلسە، ماڭا بىر قاراپ قويسا بولاتتى!... پەقەت بىرلا قېتىم نەزەر سالسىمۇ مەيلىدى!...لېكىن ئۇ قاراپمۇ قويمايتتى.

ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ئەزەربەيجانلىق كولىيەنى (ئۇنىڭ ئەسلىدە باشقا بىر ئىسمى بار ئىدى، تۇتۇۋېلىش تەس بولغاچقا، ئۇ قولىنى شىلتىپلا: "نىمە پەرقى بار؟! كولىيە دەۋېرىڭلارچۇ! دىگەن ئىدى) تىڭشىغۇچتا تىڭشاپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دىياگنوز قويىدى. كولىيە غىدىغى كېلىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى ئۇيان ـ بۇيان تولغاپ، پىخىلداپ كۈلەتتى. لېكىن، بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئۇ خۇدانىڭ ھوزۇرىغا، ياكى ـــ ئۇلار نىمە دەيتتى؟ ـــ ھە، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىغا كەتكىلى قىل قالدى. ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ناركوز تەسىرىدىن ئەتىگەنلىكى كارۋىتىدا خۇددى گوموشتەك كۆپچىلىككە قاراپ ھىجىيىپلا ياتتى.

ـــ ساڭا نىمە بولدى؟ ـــ ئاخىرى بىرۆيلەن يۈرىگى پوكۇلدىغان ھالدا سورىدى پىچىرلاپ.

ـــ مەن ھازىر كىنو كۆرگىلى بارىمەن! ـــ دىدى كولىيە يەنىلا پىخ ـ پىخ كۈلۈپ.

شۇ پەيتتە، بىز قولىمىزغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ تاقىلدىتىپ، داراڭلىتىپ بەلگە بېرىۋىدۇق، سانىتار شاپاشلاپ كېلىپ، كولىيەنى كارۋىتىغا باغلىۋەتتى.

ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ئالقىنى بىلەن كولىيەنىڭ دۈمبىسىنى بىر پەس توكۇلداتقاندىن كېيىن:

ـــ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر كېسەلخانىسىغا ئاپىرىڭلار! ـ

بۇ گەپنى ئاڭلاپلا، ئەزەربەيجانلىق تازا چۇقان ـ سۈرەن سالدى! ئۇ كۆينىگىنى كىيىپ، سەكرەپ قوپۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىغان هالدا سۆزلەپلا كەتتى:

ــ ھەببەللى! كىمنىڭ توغرا بولىدى؟ مىنىڭ تازا بەلەن ئىش بولدى! پولشىدا بەزىلەر ماڭا: "سەن ئۆلسەن!"دىسە، ئۇكرائىنادا بەزىلەر ماڭا: "سەن ئۆلۈپ...كېتسەن!!"دىگەن. لىۋوۋ، ۋىننىتسا ـ دىمۇ بەزىلەر ماڭا: "سەن ئۆلسەن! ئۆلسەن! ئۆلسەن!" دىگەن. قانداقسىگە ئۆلىدىكەنمەن؟ نىمىشقا ئۆلىدىكەنمەن! مەن قوشۇلمىدىم! مەن ياشىشىم كېرەك! هاراق ئىچىشىم كېرەك! تانسا ئوينىشىم كېرەك! قىزلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشىم كېرەك ــ شۇ پەيتتە كولىيەنىڭ كاللى ـ سىغا ئۇشتۇمتۇت بىر ئوي كەلىدى، ــ مەن سىزنى... سۆيەيچۇ! ــ كولىيە قوللىرىنى يېيىپ ئالدىغا ئىنتىلىۋىدى، ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ئۇنى توستى:

ــ كىيىنچە بىر گەپ بولار، كېيىنچە! داۋالاش بۆلۈمىگە كەل، قانچە قېتىم سۆيگۈڭ بولسا، شۇنچە قېتىم سۆي! بىز تەييارلىق كۆرەيلى، لېكىن هازىر كېسەللەرنى تەكشۈرىمىز. بىزگە دەخلى قىلما!...

ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا شۇنداق دىدى ـ دە، ئاستا ئانتىپىننىڭ كارۋىتى تەرەپكە ماڭدى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا، چىرايىدا روشەن ئۆزگىرىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى. ئۇ ئانتىپىننىڭ كارۋىتى يېنىدا كۆپ تۇر ـ مىدى، هە دەپ كۆزلىرىنى قاچۇردى. ئەمما، ئانتىپىن ئۇنىڭ يالغان ـ چىلىقنى يوشۇرۇشقا ماهىر بولمىغان، لېكىن پات ـ پات يالغانچىلىقنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان كۆزلىرىنى قاچۇرۇۋەتمىدى.

ــ سىزنى باشقا كېسەلخانىغا يۆتكەپ قويۇش كېرەك، ــ دىدى

ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — يالغۇز
كىشىلىك كېسەلخانىغا يۆتكىلىك.

— كارانتىن قىلىنغانلار كېسەلخانىسىغىمۇ؟

— ياق، ياق، نىمە دەۋاتىسىز! ناھايىتى يالغۇز كىشىلىك كېسەلخانىغا بارىسىز. ئۇ تەرەپ تىنچراق، ئىسسىقراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولايلىقراق...

ئانتىپىن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرماقچى بولدى:

— بۇنىڭ نىمە ھاجىتى؟ مەن مەشەدە ناھايىتى ئوبدان تۇرۇۋاتىمەنغۇ. ھەممىسى ئۆز ھەمرالىرىم... مەن ئۇلار بىلەن ئۈچكىشىپ كەتتىم. يەنە كېلىپ گۇساكوۋ، يولداش جۇنۇېي مېنىڭ قەدىناس سەپدىشىم...بۇ يەردىكى ھەمرالىرىمنىڭ ھەننىۋاسى ناھايىتى ياش! تولىمۇ خۇش چاقچاق. مەن مەشەدە تۇرۇشنى ياقتۇرىمەن... — ئانتىپىن ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنانىڭ ئورنىدىن قوپۇپ، كەتمەكچى بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ-تېنەپ سۆزلىدى.

كېسەلخانا سۈكۈناتقا چۆمدى. مۇنداق جىمجىتلىقنى ھېچقاچان كۆرمىگەن ئىدىم.

ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا يېنىمدىكى كارۋاتنىڭ قېشىدا توختىدى.

— قانداقراق، بۇ يەر سىزگە ھېلىمۇ ناھايىتى ئىسسىق تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

— شۇنداق، دوختۇر، ۋاي-ۋاي-ۋاي، كارامەت ئىسسىق...

— يارىڭىزنىڭ تاتۇقلىشىشى ناھايىتى نورمال. سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر كېسەلخانىسىغا بېرىڭ! ئۇ يەر بىزدىكى ئەڭ سوغۇق بۆلۈم. ئۇ يەردە ئىسسىقلاپ كەتمەيسىز! — ئاگنىيە ۋاسلىيېۋ-

www.uyghurkitap.com

نانىڭ ئاۋازىدىن دوختۇرلارغا ياكى باشقىلارنى خالىغانچە ئۇ ياق۔ بۇ ياق قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كىشلەر۔ گىلا خاس، كۆڭۈلىنى غەش قىلىدىغان بىر خىل تەلەپپۇز چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى ياقتۇرمايتتىم، شۇڭا قورقۇپ، يوتقانغا يۆركىنىۋالدىم، ئۇنىڭغا يەنە ھىجىيىپ، ئېچىلىپ۔يېيىلىپ كېتىشكە پېتىنالمىدىم.

— نىمىشقا مۇنداق بولىدۇ؟...بەكمۇ ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ! ئاغرىق دەستىدىن قىزىپ كېتىمەن. چوغدەك قىزىپ كېتىمەن... — خوشنام نالە قىلدى.

لېكىن، ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ئۇنىڭ نالە۔زارىنى ئاڭلىمىغاندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ يوتقىنىمنى ئېچىۋېتىپ، تىڭشىغۇچتا بىردەم تىڭ۔ شىغاندىن كېيىن، مېنى تىلىمنى چىقىرىشقا بۇيرۇدى.

— تاماكا چېكىپسىز۔ھە؟! — مەن خىجىل بولۇپ بېشىمنى سالدىم. — خلوروفورمنىڭ ئىسىلغى يەتمىدىمۇ سىزگە؟ ئۇنداقتا، دورا مىقدارىنى تېخىمۇ كۆپەيتەي!

— ياق، ياق! — مەن چۆچۈشكە باشلىدىم، — ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ!

ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنانىڭ قاغجىراپ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلغاندەك، بۇرنىغا قىستۇرۇۋالىدىغان كۆزەينەكى۔ نىڭ چاقناشلىرىمۇ يېقىملىقراق تۇيۇلدى.

— مېنى قاچان ماڭغۇزارسىزلەر؟ — يۈرەكلىك سورىدىم مەن.

— بۇ، ئۆزىڭىزگە باغلىق. يۇۋاشلىق بىلەن ياتسىڭىز، پات ئاردا ماڭىسىز، سەكرەپ۔تاخلاپ يۈرسىڭىز، يەنە ياتىسىز تېخى.

— ئۆزىڭىزگە باغلىق، — ئاچچىق بىلەن تەكرارلىدىم ئىچىمدە. —

خوپ، ئۆزەمگە باغلىق بولسا، يۇۋاشلىق بىلەن ياتاي. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق.

كېسەلخانىدا باشقا ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا ئۆندىمەي كېسەللەرنى تەپسىلى تەكشۈرۈپ بولۇپ، سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇ قولىدا تىڭشىغۇچنى تۇتقىنىچە كېتىۋېتىپ، سېسترالار باشلىغىغا ئاچچىغى بىلەن نىمىنىدۇر دېۋىدى، ئۇ قىز يىغلىۋېتىدىغاندەك ئاغزىنى ئۇمچەيتىپ، يۈزىنى ئۆرۈۋالدى.

ئافونىي ئانتىپىن، گويا يوتقان تېگىدە ئادەم يوقتەك، بېشىنى يوتقانغا پۈركىۋېلىپ، تۈپ-تۈز، ئۈن-تىنسىز ياتاتتى.

جۇنۋېي گۇساكوۋ ئاستى تەرىپىگە قولىنى يۈگۈرۈتۈپ، ئېغىرگىپس بىنتنى ئېچىنمۇ ياكى ئاستى تەرىپىنمۇ بىر پەس سىيپلاپ يۈرۈپ، چۇشىگىنىڭ ئېچكىرىسىدىن ياپىلاق كەلگەن گىرېلكىنى ئېلىپ چىقتى. ئۇ يىرگەنگەن ھالدا ئۆلچەش شېشىسىدىكى سۇيۇق دورىنى تۆكۈرۈك قاچىسىغا تۆكتى. گىرېلكا سۈتلۈك سىيىرنىڭ ئەمچىكىدەك غىرتىلداپ، ئارقىدىنلا سۇيۇقلۇقنىڭ شالاپلىغىنى ئاڭلاندى، كېسەلخانىنى شەخسلەر ئېچىتقان ئاق ھاراقنىڭ قويۇق خۇش ھىدى قاپلىدى.

— ئافونىي! ئافونىي! — جۇنۋېي ئانتىپىننىڭ يوتقىنىنى ئاچتى، — بىر يۇتۇم ئېچىپ ئىسسىنىۋالغىن، ھە؟ بىر يۇتۇم ئىچ!...

ئانتىپىن لام-جىم دىمىدى. جۇنۋېي ئۆزى ئۆلچەش شېشىسىدە بىرنى ئىچتى، ئاندىن يەنە بىرنى ئىچتى. ئۇ ئارقىمۇ-ئارقا ئۈچ شېشە ئىچىۋېتىپ، گىرېلكىدىن يەنە ئازراق ھاراق سىقىپ چىقارماقچى بولۇۋىدى، بىرتامچىمۇ چىقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كۈچەپ سىقىۋىدى، قولىدىكى شېشە غاراسلاپ سۇندى، جۇنۋېينىڭ بارماقلىرىدىن ئاققان قان كارىۋىتىغا تامدى. جۇنۋېي قاننى سەزمەي، بوغۇق ئاۋازدا



www.uyghurkitap.com

تىللاپ قويۇپ، نەدىن قانداق قىلىپ ھاراق تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، ھېچكىم بىلمەيدىغان بولۇپ چىقتى. جۇنۋېينىڭ قوزغىلالمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا بىر ئىلاج قىلىپ سانىتار ئارقىلىق شەخسلەر ئېچىتقان ئاق ھاراق ئالغۇزالايدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچكىم بۇنى قىلالمايتتى، مۇنداق قىلىش قولىدىن كەلمەيتتى. لېۇرېك مۇنداق ئىشنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ئاقلاۋاتقاندەك قىلىپ:

— قولۇڭنى كېسىۋالدىڭ. — دىدى پەرىشانلىق بىلەن.

جۇنۋېي قولىغا قاراپ كۆڭلى غەش بولۇپ، "ئاپلا!"دەپ ۋاقىرىدى-دە، گرافىندىكى سۇ بىلەن قولىنى تۇكۇرۇك قاچىسىنىڭ ئۈستىگە تۇتۇپ يۇيۇشقا تۇتۇندى.

دوختۇرنىڭ تاپشۇرۇغى بويىچە ئۆيدە ئىككى كۈن يېتىشقا مەن چىدىيالمايتتىم. بىر كۈنى كەچقۇرۇنلۇغى، ئاستا ئورنۇمدىن قوپۇپ، كېسەللەر كارۋاتلىرىنىڭ بېشىنى تۇتۇپ، ئاۋايلاپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ئورنۇمدىن قوپۇشتىن ئىلگىرى، خېلىغىچە ئەينەككە قاراپ، چېچىمدىن ھوزۇرلاندىم — ئۇنىڭدىن بۆلەك ھوزۇرلانغۇدەك ھېچنىمە يوق ئىدى.

دەپ قويۇش ئېسىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ناركوزنىڭ كۈچى كېتىپ، پۇتۇنلەي ھۇشۇمغا كەلگىنىمدىن كېيىن، چېچىمنىڭ پاسونىغا تولىمۇ دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەسلىدە، بۇنىڭدىن ئىلگىرى چېچىمنىڭ ھېچقانداق پاسونىمۇ يوق ئىدى. يېزىدىكى چېغىمىزدا، مومام ھامان قايچا بىلەن چېچىمنى قىرقىپ، بېشىمنى تاپ-تاقىر قىلىپ قوياتتى؛ دارىلئېتامدا، كىشىلەر ھەممىشە چاچ ئېلىش ماشىنىسىدا چېچىمىزنى چۈشۈرۈپ، دۈگىلەك قىلىپ ياساپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

زاۋۇت مەكتىۋىدىكى چېغىمدا، بىر تۇتام ماشىلاي چاچ قويۇۋالغۇم كەلدى، لېكىن بۇ بىر ۋېرشوكتىن① ئېشىپ كەتمەسلىگى كېرەك ئىدى، بولمىسا، قىرقىۋېتەتتى. كېيىن، قىسمىغا باردىم. ھەربى كىيىمىمنىڭ نومۇرى يىگىرمە، تۇزۇم ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. قىس-قىسى، ھەربى دوختۇرخانىدىلا ئاز-تولا ئەركىنلىككە ئېرىشتىم. يەنە بىر گەپنى ئۇنتۇپتىمەن. مېنىڭ بۇ دوختۇرخانىغا كىرگىنىمگە ئۇزاق بولمىدى، بۇ يەرگە جۇن دەرىجىلىك دوختۇرخانىدىن يۆتكىلىپ كەلدىم، مەن ئاشۇ يەردىكى چېغىمدىلا ماشىلاي چاچ قويۇۋالغان ئىدىم.

بۇ دوختۇرخانىنىڭ "نېرۋا پاتولوگىيىسى دوختۇرخانىسى" دەپ ئاتىلىدىغانلىغى، ياكى "نېرۋا ئىچكى كېسەللەر دوختۇرخانىسى" دەپ ئاتىلىدىغانلىغىدىن خەۋىرىم يوق، ئىشقىلىپ، نېرۋا بىلەن ئالاقىدار. مېنىڭ بىر قولۇمنىڭ ئىككى تال سۆڭىگى بىلەن بىر تال نېرۋا تومۇرى ئۈزۈلگەن، ماشا ناركوز قىلىنغاندا، دوختۇر نېرۋا تومۇرىنى سۇغۇرۇپ چىققان. ئاڭلىسام، ئۇلاپ قويۇپتۇ، شۇنداقتىمۇ بارماقلىرىمنى تېخىچە مىدىرلىتالمايتتىم، بۇ قولۇم قىلچە ئاغرىقنى سەزمەيتتى، خۇددى باشقىلارنىڭ قولىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. بار-ماقلىرىم يىگىلەپ، ساغرىيىپ كەتكەن. بۇ — ئۆلگەن قول ئىدى.

دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن نېمە قىلالىشىم مۇمكىن؟ قانداق كىشى بولالىشىم مۇمكىن؟ مەن پەقەت بىرلا كەسىپنى قىلالايمەن — پويىز خادىمى بولىمەن، بۇ جەھەتتە يەتتە يىل تەلىم-تەربىيە ئالغانمەن. لېكىن پويىز خادىمى بولۇش ئۈچۈن ئىككى قول بولۇشى

① ۋېرشوك — رۇسلارنىڭ كونا ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، 4.4 سانتىمېتىرغا تەڭ. — تەرجىماندىن.

کېرەك ـ تە.

"ئۇنىڭ بىلەن نىمە كارىم! ئىشقىلىپ، يالغۇز مەنلا ئەمەس! تۆگىشىپ كەتمەيمەن! ئالەمدە ئىنسانغا يول تېپىلماي قالمايدۇ..."

مېنىڭ كارىدورغا بارغۇم، تولىمۇ بارغۇم كېلەتتى. قول، كۆز، پۇت دېگەنلەر — ھەممىسى ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار. مەن ئىچ كىيىم بىلەن يۈرسەممۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. خۇددى قەدىمقى رىم ئاقسۆڭەكلىرىگە ئوخشاش، يوتىلىرىمنى يوتقان بىلەن ئوراپ، مۈشۈنداق «يوپكا» بىلەن ئۆزەمنى كۆرسەتسەممۇ بولىدۇ. ھەممەيلەن مۈشۈنداق ياسىنىشىدۇ. بۇ يارىشىدۇ، بەدەندىكى داكا بىلەن رەتلىك تېڭىلغان تۆشۈكلەر كۆرۈنمەيدۇ، ئىسسىقراقمۇ بولىدۇ، قىسقىسى، بىرقەدەر قولايلىق بولاتتى.

ئاساسلىغى چېچىمنىڭ پاسونى، ئۇنى بىردىن-بىر كوزىرىم دېيىشكە بولاتتى. ھەممەيلەن تېخى مېنى: ئوچۇق-يورۇق، غەم-قايغۇسىز يىگىت، دېيىشەتتى. كۆڭلۈم ئىنتايىن ئوچۇق-يورۇق ئىدى. دۇرۇس، مەن پاراڭچى، خۇش چاقچاق ئىدىم، نۇرغۇن ئۇششاق-چۈششەك ھېكايە-چۆچەكلەرنىمۇ بىلەتتىم. گەپنىڭ قىسقىسى، قالتىس قاۋۇل يىگىت ئىدىم!

مەن: لىدا مېنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم پاراڭلاشسا، كىتاپتىن ئوقۇغانلىرىمنى، ئالدىنقى سەپتىكى ئەھۋاللارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەرنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرسەم، ماڭا تازىمۇ قول قوياتتى؛ بىزنىڭ نەزەرلىرىمىز، تىنىقلىرىمىزمۇ قوشۇلۇپ كېتەتتى! دەپ قاتتىق ئىشىنەتتىم.

بۇ نەرسىلەرنى نەدە ئوقۇغان بولغىيدىم؟ ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئوبدان يېزىلغان ئىدى.

گاربدورغا كەلدىم. قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتىم. شۇڭا، تامغا يۆلىنىۋالدىم. ئۇ يەرگە پەقەت بىرلا چىراق يېقىپ قويۇلغان. كراسنودار ئېلېكتىر ئىستانسىسى تېخى رېمونت قىلىنىپ بولمىغان ئىدى. ئومۇمەن، شەھەر تۇرمۇشى ھېلىمۇ ناھايىتى مۇشكۇل ئىدى — بۇنى كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرىدىن ئۇقتۇم.

كاربدورنىڭ يىراقراق ئۇ بېشىدا "مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەيئىتى"مىز ئىلا بىر ياربدار بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى. بارلىق ئالامەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى پىلانىنى تۈزۈۋاتاتتى. مەن تامنى تۇتۇپ ئاشۇ بىر جۈپ ياش قىز ـ يىگىت تەرەپكە قاراپ ماڭدىم. ياربدار ئەپسۇسلانغان ھالدا قىزنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، ماڭا مەيۈسلىنىپ قاربدى. مەن ئۇنىڭغا قارىمىدىم، قاردىغۇدەك چولامۇ يوق ئىدى. ئىلادىن بۈگۈن ھېلىقى كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ تۇربدىغان بوتا كۆز، قارا بانتىگى ئۈستىدە بىر كۆتىرىلىپ، بىر چۈشۈپ تۇربدىغان كىچىككىنە بۇغدىيىگى (ھەلقۇمى) بار، كېلىشكەن، زىلۋا سېستىرا نۆۋەتچىلىك قىلامدۇ، دەپ سورىماقچى ئىدىم، لېكىن ئاغزىمدىن باشقىلا بىر گەپ چىقتى:

— ئوبدان ئىلا! ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

"ئوبدان ئىلا" مېنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتقان گېپىمگە ھەيران بولۇپ، مۈرىسىنى چىقىرىش ئارقىلىق سۆھبەتدىشىغا يوپكا كىيىۋالغان كىچىك ئەسكەر — مېنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇغىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن، ماڭا سائەت نەچچە بولغانلىغىنى ئېيتىپ بەردى.

— كۈتۈپخانا ئەتە قانداق ۋاقىتتا ئېچىلىدۇ؟ — قىزىقىپ سورىدىم مەن يەنە.

”ئوبدان ئىـلا“نىڭ تەلەپپۇزىدىن ئاچچىغى كېلىۋاتقانلىقى بىلى-
نىپ تۇراتتى، ئۇ كىتاپنى ئوپېراتسىيىدىن چىققانـلار كېسەلخانىسىغا
يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىن تاشقىرى، مېـنىڭ رۇخسەتسىز
كارىدوردا لاغايلاپ يۈرگىنىمنى مۇدىر دوخـتۇرغا مەلۇم قىلىـدىغان-
لىقىنىمۇ ئېيتتى.

— خوپ، بېرىپ مەلۇم قىلـغىن! — مەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ،
بۇرۇلۇپ كېسەلخانىغا قايتتىم. كېتىۋېتىپ، ئېچىلىۋاتقان ئىشىكلەرنىڭ
ئىچكىرىسىگە كۆز سالدىم.

مەن، خۇددى ئارىلىق جايلاردىن ئۆتۈپ دۈشمەن تەرەپكە ”تىل
تۇتۇش“قا بارغان ئادەمـدەك، بىزنىڭ قاراڭـغۇ كېـسەلخانىمىزدىـن
ئاۋايلاپ ئۆتۈپ، چۈشكىمنىڭ قېشىغا بېرىۋالدىم، شۇنـداقتىمۇ ئارقا
تەرىپىمدىن ئېنىق پىچىرلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— كىـم ئۇ، مېـڭىـپ يۈرگەن؟ بولـكا بىلەن هاراق تاپاي دەپ
يۈرەمسەن؟ بۇ چوقۇم ليۇرىك! هە، ئەمدى قېچـىـپ كېتەلمەيسەن،
هېلىقى ”چۆگۈن“ قوماندانىدىن قۇتۇلالمايسەن!

— هاماقەت! — تىللىدى ليۇرىك. — بىر كىچىك سېستىرا ئوپېر-
راتسىيە بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەتتى. ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىكى ئىلگە-
رىكى خېنىم بىر كاپىتان يولداش بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى!
ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا مۇنداق ئىشنى ياقـتۇرمايـدۇ!...يەنـىلا ئېهتىيات
قىلىش كېرەك، كىچىك سېستىرا سوتكىدا ئارىلاپ نۆۋەتچىـلىك قىلىشقا
كېلىدۇ...

— ئۈچ سوتكىدا بىر كەلسىمۇ، مېنىڭ بىلەن نىمە ئالاقىسى!...

— ئۇنىڭ ئىسمى لىدا.

— ئۇنىڭ ئىسمى ماگـرىـتا بولسـىمۇ، مېـنىڭ بىلەن نىمە ئالا-

قىسى!...

— كىچىك بىر جۇڭگۇيى ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىقىراپ يۈرىدۇ.

— ئۇنىڭ ئەتراپىدا گېنېرال پىقىراپ يۈرسىمۇ، مېنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق!

— ئەخمەق! — ليۇرىك تىللاپ، ئورنىدىن چاچراپ قوپتى، — سەن كىمنى ئالدىماقچى بولىسەن؟ مەن ساراتوۋلۇق ئەزىمەت جۇمۇ! مەن مۇنداق ئىشتا تەجرىبىلىك!...

— قاچانلاردا ئۆگىنىۋالغان؟

ليۇرىك دەرھال جاۋاپ بەرمەي، كۆرەڭلىگەن قىياپەتتە ئالدىرىماي بىر تال تاماكا يۆگىدى. ئۇ ھەرقانداق ئىشتا ئالدىرىماي-تېنىمەي، كېبىر كۆرستەتتى، لېكىن ماڭا ئوخشاشلا شوخ يىگىت ئىدى. ئۇ ماڭا كېبىر كۆرستىشنىڭ ھېچقانداق رول ئوينىمايدىغانلىغىنى بىلسىمۇ، يەنىلا سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلاتتى. قارىغاندا، بۇ ساراتوۋلۇق يالغانچىلارنىڭ تۇغما تەبىئىتى ئوخشايدۇ!

— بىز ساراتوۋلۇقلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىغىمىزنى بىلەمسەن؟

— ھە، قانداق قىلىسىلەر؟ — ئۇنىڭغا قاراپ كۈلدۈم.

— مۇنداق! بالا تۇغۇلغان ھامان، قولىغا قوڭغۇراق، قوچاق تۇتقۇزماي، گارمون تۇتقۇزۇپ، گارموننى چالغاچ: "بىلمەيمەن سىلەردە قانداق، لېكىن بىزدە، 90 ياشلىق موماي‌مۇ ئوينايدۇ يىگىتلەر بىلەن بىللە!..." دەپ ناخشا ئېيتىدۇ. — ليۇرىك تاقلاپ كارۋاتقا ساغرىسى بىلەن چۈشۈشكە، كارۋاتنىڭ پۇرژىنىسى غىرىسلاپ كەتتى.

— يالغان! — دىدىم-دە، ئۇنىڭ تاماكىسىنى تارتىۋېلىپ، چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ليۇرىكنىڭ كارۋىتىنىڭ باش تەرىپىدىكى جاۋەن ئۈستىگە قويۇلغان ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ ئالقىنىمغا تۈكۈرۈپ،

بېشىمنىڭ چوققىسىدىكى چېچىمنى يېپىنىشتۇردۇم، ئاندىن نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئۈستىدە ئويلىنىش ئۈچۈن "ئۆز جايىم"غا قايتتىم.

دوختۇرخانا كارىدورىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە بىرنەچچە كىرسىن چىرىقى ئېسىپ قويۇلغان، چىراقلارنىڭ كۆپچىلىگىنىڭ شىشىسى چېقىۋېتىلگەن، بەزىلىرىنىڭ شىشىسىمۇ يوق ئىدى.

ھەممە يەر قارا-قۇرۇم، ئىس-تۈتەك، ھەممە يەردە ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن. كۆيۈپ كەتكەن كۆكتات شورپىسى، فېنول (كاربول كىسلاتاسى)، يود، خلوروفورم، چىرىگەن ئادەم گۆشى ۋە قان پۇرىقى گۇپپۇلدەپ تۇرىدۇ.

ھازىر، مۇنداق ئارىلىشىپ كەتكەن خۇنۇك پۇراق سىلىق-سىپايىلىق بىلەن "خۇش ھىد" دېيىلىدۇ.

لېكىن، كارىدوردىكى قۇرۇق پاراڭنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ ئەبجەش ۋە خىلمۇ-خىل — بۇ ئۇخلاش ئالدىدىكى "كاللىنى جىددىيلىكتىن پەسەيتىش" ئىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، بۇ قىلغىلى ئىشى يوق، بىر بۇرجەكتىن يەنە بىر بۇرجەككە مېڭىپ يۈرگەن بىكارچىلار ئوتتۇرىسىدىكى نەق قۇرۇق پاراڭ ئىدى.

بۇ يەردە ھەممىلا يېرىگە قېرىنداش ۋە ھەر خىل سىيالار بىلەن بەلگىلەر قويۇۋېتىلگەن ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ پاسكىنا بىر خەرىتىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەرەڭگە قادالغان، بىرنەچچە "ئىستىراتېگىيە مۇتەخەسسىسى" ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالاتتى. يالاڭ ئىشتان كىيگەن، كۆزلىرى بىرئاز سارغىيىپ قالغان بىر ئەر، سالاپىتىدىن قارىغاندا، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسمىي پروفېسسورى بولمىغاندىمۇ، ھېچ بولمىغاندا سىياسى بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى ياكى بىزنىڭ

www.uyghurkitap.com

تېخنىك ئىشچىلار مەكتىۋىنىڭ مۇدىرىدەك قىلاتتى. — بارمىقى بىلەن خەرىتىدىن ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى كۆرسىتىپ سۆزلىدى:

— يولىمىزدىكى ئاساسىي توسالغۇ ۋىسلا دەرياسى بىلەن ئۇدىر دەرياسى ئىدى. قەھرىمان قىسىملىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ساندومىژ بازىسىدىن كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغىۋىدى، جاھىل دۈشمەنلەر سېپىنىڭ ۋەتۋەرىگى چىقىپ كەتتى!

مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەن تۆت كېسەل ئېغىزلىرىنى ئېچىپ زەن سېلىپ ئاڭلايتتى — بۇلار دىگەن گەپنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلايتتى، لېكىن ھېچنىمىسىنى چۈشەنمەيتتى، پەقەت لەۋلەرنىڭ ھەركىتىدىنلا گەپنىڭ ئورامىنى قىياس قىلاتتى.

كىشلەر ۋۇجۇدىدىمۇ قىزىقارلىق بەزى خۇسۇسىيەتلەر بارلىققا كەلدى — ناۋادا كىشى ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولسا، مەيلى ئەقلىي جەھەتتىن، ياكى جىسمانىي جەھەتتىن بولسۇن، ئۇ باللىق دەۋرىگە قايتىدۇ. كەينىدىن قارىسىڭىز، ئۇ يالاڭ ئىشتانلىق، بوينى ساپاقتەك، ئارقا مېڭە تەرەپتىكى چېچى توخۇنىڭ تاجىسىدەك، ھەتتا ئىسكىلىتىمۇ چوخچىيىپ چىققان، قولىنىڭ بېغىشى تۈپ ـ تۈز، تەپ ـ تەكشى، مۇرىسى تار، كۆكرىكىمۇ ئىچىگە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشايدۇ.

"ئۇششاق باللارنىڭ جىمىسى نىمشقا بۇ يەرگە يىغىلىۋالغاندۇ؟" دەپ ئويلاپ قالىسىز. لېكىن سەپ سېلىپ قارىسىڭىز، بۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى قورۇق باسقان، ھاك يۇقى قاداقلىق تاپانلىرىنىڭ تېرىسى قالمىغان. ياشىنىپ قالغاچقا، دۈمچەكىمۇ بولۇپ قالغان، لېكىن كۆز ـ لىرىدىن باللارغا خاس ساددىلىق ـ گۆدەكلىك بىلىنىپ تۇرىدۇ،

ھەممىنى بىلگۈسى كېلىدۇ...سېستىرالار بىلەن سانىتارلار ئۇلارنى "باللار، باللار..." دەپ قىچقىرىدۇ.

ئىككى بېلورۇس بىر بىرىنى قولتۇقلىشىپ، خەرىتە يېنىدىكى تامغا چىڭ يۆلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئادەملەر كىم گەپ قىلسا ئاڭلاۋې-رىدۇ، ھەممىلا گەپكە ئىشىنىدۇ. ئۇلار تولىمۇ بەختلىك ـــ يېقىندىلا ئەمدىلا ئازات بولغان ۋېتېبىۇسكى شەھىرىدىن ئۇچ يىلدىن بېرى ئۆيىدىن كەلگەن تۇنجى خەتنى تاپشۇرۇۋالدى! ئۇلار يىغلىشاتتى، قۇچاقلىشاتتى ۋە قۇچاقلاشماقچى، سۆيۈشمەكچى بولۇپ سېسترالارنى قوغلىشاتتى. لېكىن، سېسترالار ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا بىرەر نەرسىنى خىيال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ داۋاملىق ئىشلىشىگە يول قويماسمىكىن، دەپ ئەنسىرىشەتتى، كىشىلەرنىڭ ئاگنىيەگە "ئوت!"، "ئوت ئىلاھى!"، "ئوت پەرىسى!" دەپ لەقەم قويۇپ قويغانلىغى بىكار ئەمەس ئىدى، "ئوت" بىلەن ھەرگىزمۇ ئويناشقىلى بولمايتتى!

ـــ خوش، ئاخىرى قانداق بولدى؟ ـــ بىر بېلورۇس ئۇزاق ئوي-لانغاندىن كېيىن ھېلىقى خالىس سىياسى تەشۋىقاتچىدىن سورىدى، ـــ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز پات ئارىدا ئۇلارنىڭ ئۆۋىسىنى ئىشغال قىلى-دىغاندۇ؟

لېكىن، "سىياسى تەشۋىقاتچى" چۆشۈپ كېتىۋاتقان يالاڭ ئىشتى-نىنى تارتىشىپ كەتكەن قوسىغىدىن يۇقۇرىغا تارتىشقا ئۇلگۇرمەيلا، شۇنىڭدەك خۇددى راستىنەك ئۆز لايىغىدا جاۋاپ بەرگىچە، ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان بىرى سەكرەپ چىقتى.

ـــ ئۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلماڭلار! نېمىسلار ئۇ ياقتا يەنە ئېلىشىدۇ تېخى!

ـــ ئىلاھىم، ئۇرۇش ئاياقلاشقاندا ئۆلۈپ كەتمىسەم بولاتتى! ـــ

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى بېلورۇس نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئۈيىنى توغرا-
دىن-توغرا ئوچۇقلا ئېيتتى، — ھەر ھالدا ئۇنداق بولماس!...
موخوركىنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى كارىدوردا لەيلەپ يۈرەتتى.
دېرىزە تەكچىسىدە مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەن ئىككى نەپەر كېسەل
ئولتۇراتتى، ئۇلار سۆزلەش ۋە خەت يېزىشنى تېخى ئۆگىنەلمىگەن
بولسىمۇ، لېكىن "چاپايېۋ" ھەربى شاخمىتىنى ئويناشنى بىلەتتى،
يەنى قارشى تەرەپنىڭ ئورۇغىنى بارمىغى بىلەن ئۇراتتى، كىم
يېڭىلسە، پىشانىگە تاققىدە چېكىش — "كاشتان" يېيىش جازاسىغا
ئۇچرايتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئوينىدى، ئىككىيلەننىڭ پىشانىلىرى ھۆر-
رەك-ھۆررەك بولۇپ ئىششىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ "ھە-ھۇچىلار" ئۇ
ئىككى ئەخمەققە يەنىلا يەل بېرەتتى، ئۇلارمۇ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ،
ئويۇننى داۋاملاشتۇرىۋەردى، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ، پۈتۈن
ئەزايى غال-غال تىترەپ، مۇشت ئېتىشقا تەييارلاندى! تاماشا كۆر-
گۈچىلەر ھوزۇرلىنىپ، كۆڭلى يايراپلا كەتتى!

شاڭشى (ستارشىنا) شېستوپالوۋنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغانلار ھەممە-
دىن كۆپ ئىدى. ئۇ تازىمۇ پوچى! بىر توپ ئاڭلىغۇچى ۋە تاماشا-
بىنلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇنىڭ كەينىدە ئىدى — تاماق يېمىسىمۇ
مەيلى ئىدى، شېستوپالوۋنىڭ ئاتقان پولىرىنى ئاڭلىسىلا بولاتتى! ئۇ
كارىدوردىكى بىردىن-بىر كرىسلوغا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى،
ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ يەردىن كەلمەكتە ئىدى:

— بىز كالا سېتىۋالساقچۇ؟... — گەپنىڭ ئايىغى زادىلا ئاڭلان-
مىدى، كىشىلەر بىر بىرىنى قىستىشاتتى، بېسىشاتتى، تۇرۇپ ئىگىرد-
شاتتى، تۇرۇپ ۋاقىرىشاتتى.

بوينى ۋە بىر كۆزى تېڭىلغان بىر يىگىت گىپىسلانغان ھەم بىنت ئورالغان قولىنى كۆتەرگىنىچە يېنىمدىن يۇگۇرۇپ ئۆتتى. ئۇ قولد-
غىنى مىدىرلىتالايتتى. لېكىن ھازىر قولغىنى مىدىرلىتىشقا ھەپسىلىسى يوق ئىدى: قارىغاندا، قولى قاتتىق ئاغرىيتتى، ئەتىمالىم، گىپىس بىنتى ئىچىدە چىۋىن لىچىنكىلىرى پەيدا بولغان ياكى چۇسا كىرد-
ۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن! ئەگەر گىپىس بىنتى ئىچىگە چۇسا كىرد-
ۋالغان بولسا، بۇ تازا چاتاق بولغىنى، كىشىنى جاق تويغۇزۇۋېتىدد-
غان ئۇ كاساپەتلەرنى ھېچقانداق قىلىپمۇ قوغلاپ چىقارغىلى بول-
مايدۇ! ئۇ چۇسلار قاننى قانغىچە شورىۋېلىپ، ئۇ يەردە ئارام ئالىدۇ، ئاندىن يەنە چېقىشقا باشلايدۇ. چىۋىن لىچىنكىلىرى چىرىگەن گۆشنى يەيدىغان بولغاچقا، ئاز-تولا پايدىسىمۇ بار، لېكىن چىۋىن لىچىنكىلىرى تولىمۇ ئاۋۇپ كەتسە، يارىنىڭ چىرىگەن گۆشنى يەپ بولۇپ، ساق گۆشنى يېيىشكە تۇتۇنىدۇ. مۇنداق چاغدا، گىپىس بىنتىنى دەرھال ئېلىۋېتىش كېرەك، بولمىسا، ھۆكرەپ يىغلاشقا توغرا كېلىدۇ! ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاشقا بولمايدۇ، ئەتراپتا ئادەم بار، يەنە كېلىپ ھەممىسى يارىدار، كېسەللەر.

ۋاھ، مېنىڭ كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم ناھايىتىمۇ تولا! كاللامغا غەم كىرىۋالدى. ماڭلاي چېچىم خېلىلا ئۆسۈپ، بىر تەرەپكە ياتقۇ-
زۇپ تارىغۇدەك بولدى. لېكىن شۇ چاغدا، قىزىق ئىككى ئادەم دىق-
قىتىمنى تارتىپ، ئوي-پىكرىمنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ بىرى تەرى تۇرۇك، ئىككى تەرىپىگە زىغزىق تۇتقان قىسقا كېچىلىك كىيىم كىيىۋالغان، ناۋادا ئىدىتلىق كەسسە، ئۇ زىغزىقتىن بىر جۈپ پەلەي توقۇغىلى بولاتتى. يەنە بىرى ساغرىسى تار، ھودۇققان قىياپەتتىكى، چېچىلاڭغۇ ئۆشكە ساقاللىق ئادەم ئىدى. بىرى جۇڭشياۋغا، يەنە

بىرى ئارتىستقا ئوخشايتتى. ئەتىمالىم، ئەھۋال راستلا شۇنداق بولسا كېرەك: ساقاللىغى سۆزلەپلا تۇراتتى، يەنە بىرى بولسا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي، قىلچە ئىپادە بىلىندۇرمەي ئاڭلايتتى.

مەن مۇشۇلارغا تىكىلىپلا قالدىم — ئارتىستنىڭ گېپىنى ئاڭلاش تولىمۇ قىزىقارلىق ئىدى!

— بۇ راست! — ۋىجىك بوۋاي يوتقىنىنى يوپكا قىلىپ ئورىۋېلىپ، ئۇششاق-ئۇششاق قەدەم تاشلاپ سۆزلەيتتى، — تالاشما! قارشىمۇ تۇرما! — كېچىلىك كىيىمىنىڭ ئىككى تەرىپىگە زىنغىرىق تۇتۇلغان ھېلىقى ئادەم تالىشىش، قارشى تۇرۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، زادىلا پەرۋا قىلمايتتى! كىلىنىس ئىلاھە گويا... كۆك غارغا يېقىن دېڭىز تېگىدىن سۇزۇۋېلىنغاندەك ئىدى!

قۇرۇپ كەتكۈر، گەپنى ئىنىق ئاڭلىغىلى بولمىدى! قانداق غار؟ بۇنىڭ ھەممىسى شىستوپالوۋنىڭ كاساپىتى: ئۇ يەنە قانداقتۇر پو ئېتىۋىدى، قاتتىق كۈلكىدىن پۈتكۈل دوختۇرخانا زىلزىلىگە كەلدى، نۆۋەتچى سېسترا ئوكۇل ئۇرۇشقا تەييارلىغان شپرىسنى كۆتەرگىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ توۋلىدى:

— ھەي، ئاستىراق! بولمىسا، ھەر بىرىڭلارغا بىردىن ئوكۇل قويىمەن!...

— تالاشما، قارشىمۇ تۇرما! — ساقاللىق ئارتىست ئۆز گېپىنى يورغىلىتاتتى، — كالپۇك بىلەن ئەمەس، بۇرۇن بىلەن سۆيۈشىدىغان ئادەت ئافرىقىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئارىسىدىلا تارقىلىپ قالماستىن، بەلكى پولىنېزىيە ئارىلىرىدىمۇ بار، دېمەك، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى...

— ياق، قارىغاندا، ئۇ ئارتىستقا ئوخشىمايدۇ، بەلكى ئالىمغا ئوخ-

شايدۇ. بەلكىم ئارتىست، قوشۇمچە ئالىمدۇر! ۋە ياكى ليۇر،كقا ئوخ-
شاش ۋات-ۋات پوچىدۇر! بۇرۇن بىلەن سۆيۈشۈش؟ قانداق سۆيۈ-
شىدۇ؟ مەن ھەتتا لەۋ بىلەن سۆيۈشۈشنىمۇ ئۇقمايمەن، تېخى.
پەقەت كىنو-فىلىملاردىلا كۆرگەن، كىتاپلاردىلا ئوقۇغان. لېكىن،
كىتاپلار بىلەن كىنو-فىلىملار قانچىلىك نىملەر ئۇ؟ جانسىز-روھ-
سىز سەنئەت، خالاس!

مۇبادا...

مەن ساقلىق ساقلاش-يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش
بۆلۇمى تەرەپكە مېڭىپ، يۇيۇنۇش ئۆيىگە يېقىن جايغا قويۇلغان
پۇتى سۇنۇق كرىسلوغا ئولتۇرۇپ، ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ناخشا
ئېيتتىم:

مەن سىگان بارون-تۆرە،

كۆيۈپ قالدىم سىگان قىزغا...

ئاۋازىمنى ئاڭلاپ، 9-نومۇرلۇق كېسەلخانىدىن بىر "ساراڭ"
چىقىپ، كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى:

— ھە...ھە...ھەر...گىز...

— سەن ناخشا ئېيتقىن، — دېدىم قاپىغىمنى سىلاپ. كېكەشلەر-
نىڭ ياكى مېڭىسى چايقىلىپ، سۆزلەش ئىقتىدارى ئەسلىگە كېلىۋات-
قانلارنىڭ سۆزلىگەنگە قارىغاندا ناخشا ئېيتسا گېپى ئېنىق چىقىدى-
غانلىقىنى بىلەتتىم.

"ساراڭ" ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

— ھە...ھەر...گىز ناخشا...ئېيتما!

بىز مېڭىسى چايقىلىپ كەتكەنلەرنى "ساراڭ" دەيتتۇق. كېسەلخا-
نىنىڭ بىرىنى تامامەن شۇلار ئىگەللىگەن ئىدى. مېڭىسى چايقالغان-

لارنىڭ ھېچقانداق يېرىدە يارا ياكى تۆشۈك بولمىسىمۇ، بەربىر ئۇ ئادەم ھېسابلانمايتتى. ئادەم ئاغرىقنى سەزمىسە، غىزانىڭ تەمىنى ئۇقمىسا، ئۆگەنگەن خەتلىرىنى، ھەتتا ئۆزىنى تۇققان ئانىسىنى ئۇنتۇپ كەتسە، ئۇنى يەنە ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ ھەممە بۇزۇلغان، بەربات قىلىنغان. مانا ئەمدى يېڭىۋاشتىن تىرىشىپ ئۇنى ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. لېكىن شۇنىسى ئەجەپلىنەرلىككى، مېڭىسى چايقالغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇزىكا ۋە ناخشا ئاۋازىغا نىسبەتەن، خۇددى كېسەللىك ھالىتىدەك، ئاجايىپ تۇيغۇن. بۇ ئادەممۇ شۇنداق. ناخشىنى ئەمدىلا باشلىشىمغا، ئۇ كەلدى.

مېڭىسى چايقالغان نۇرغۇن كېسەللەر ئالدىنقى سەپتىن بىھۇش ھالەتتە كەلتۈرۈلگەچكە، ئۇلار ھەممىنى جۇملىدىن ئۆزىنىڭ ئىسمىنىمۇ جەڭ مەيدانىدا قالدۇرۇپ كەلگەن، شۇ سەۋەپتىن ھەممىسىنى قارا-قويۇقلا "ئىۋان" دەيتتۇق. مەن كېسەللى خېلىلا ساقىيىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە 9-نومۇرلۇق كېسەللىخانىنىڭ باشلىقى بولغان ئىۋانغا قاپىقىمنى سىلىپ ئېيتتىم:

— كۆزدىن يوقال! يەنە بىردەم ناخشا ئېيتىپلا بولدى قىلدىمەن!

ئىۋان خۇددى قۇشقاچ بالىسىدەك بېشىنى نولغاپ، مەيۈس كۆزلىرى بىلەن ماڭا گومۇشتەك قادىلىپ، ئاغزىنى ئاچتى.

مەن ئۇنىڭغا قارىماي، يۈزۈمنى ئۆرۈپ، ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ناخشامنى ئېيتتۇەردىم:

بىلىدۇ شۇنى شۇ كۆپ-كۆك ئاسمان،
بىلىدۇ ھەر بىر يولۇچى ئىنسان،
بىلىدۇ ھەتتا زاراڭ دەرىخى،

كۆيگىنىمنى ئۇنىڭ ئىشقىدا هامان...

ئۇ ۋان پىخ-پىخ كۈلۈپ يالاڭ ئىشتىنىنى يۇقۇرىغا كۆتىرىپ-كۆتىرىپ قويدى.

مەن ئۇنىڭغا مۇشتۇمنى پۇلاڭلىتىپ هەيۋە قىلدىم.

ئۇۋاننىڭ چىرايى شۇ هامان ئۆڭۈپ، كالۋالىق هالەتكە كۆچتى. مەن شۇ هالەتتە كېسەلخانىغا قايتتىم، قىچقارماقچى بولغان ئادىمىنىمۇ قىچقىرالمىدىم. ئۇۋان ئۇچۇن، كەلسە-كەلمەس ناخشا ئېيتىشنى خالىمايتتىم.

بىزنىڭ كېسەلخانىمىزدا ئۆزگىرىش بولدى! مەن ئۇ ياق-بۇ ياقتا سەيلە قىلىپ، ساقلىقنى ساقلاش-يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمىدە ناخشا ئېيتىپ يۈرگىنىمدە، ئافونىني ئانتىپىننىڭ كارۋىتى بوشتىلىپ، بىر تانكا ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپتۇ. ساندو-مېۋ بازىسىدىن بىر تۈركۈم يارىدارلار كەلتۈرۈلگەن ئىكەن. تانكا ئەسكىرى پات-پات ئۆرۈلۈپ ۋاقىرايتتى: ”ئوت كەتتى! بۇرادەر-لەر، تېز ئاستىنقى بۆلۈمگە كىرىۋېلىڭلار! ئوت كەتتى! بۇرادەرلەر، تانكىنى تاشلىماڭلار!...“ ئۇ تىنىمسىز هەركەتلىنىپ تۇرغاچقا، كارۋات-تىن چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قالغان ئىدى. دوختۇرخانىدا سانىتارلار يېتىشمەيتتى، شۇڭا ساقىيۋاتقانلار دەۋەت ۋە بۇيرۇقسىزلا، ئەمدىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغان يارىدارلار ۋە ئېغىر يارىدارلارنىڭ قېشىدا ئۆز-لۈگىدىن نۆۋەتچىلىك قىلاتتى.

ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى نۆۋەت لىيۇرىك ئىككىمىزگە كەلدى. ئۇمۇ ئوغرىلىقچە كېسەلخانىدا مېڭىشقا كىرىشكەن، لېكىن يەنىلا كار-ۋاتنىڭ قىرىنى تۇتۇپ ماڭاتتى. جۇنۋېي گۇساكوۋمۇ ئۇخلىمىدى. ئۇلار ئۇنى ئافونىينىڭ كاراتىن قىلىنغان كېسەلخانىسىغا بارغۇز-

مدى، ئۇ شەخسلەر ئېچىتقان ئاق هاراقنىمۇ قولغا كەلتۈرەلمىدى — شەخسلەر ئېچىتقان ئاق هاراقنى سېتىۋالغۇدەك پۇلى يوق، سائەتنى ۋە يېڭىدىكى ھەممىنىڭ نىمىسىنى سېتىپ تۈگەتكەن ئىدى.

ليۇرىك تۇن نىسپى بولاي دېگەندە ئاستا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە بېرىپ، قايتاشىدا لىدا بىلەن بىللە قايتتى — لىدانىڭ قولىدا نىمىدۇ قاچىلانغان ئۆلچەش شىشىسى بار ئىدى. ئۆتكەن قېتىم كۆرگىنىمدىن بېرى، لىدانى كۆرمىگەن ئىدىم، شۇڭا دەرھال كارۋاتتىن چاچراپ قوپتۇم.

— تىنچ-ئامان تۇردىڭىزمۇ!

— ياخشىمۇسىز، ياخشىمۇسىز! — ئۇ مۇنداقلا سالاملىشىپ قويۇپ، گۇساكوۋغا:

— سىز بولدى قىلىڭ ئەمدى، راست گېپىم بۇ! بىز ئوپېراتسىيىدە ئىسپىرت ئىشلەتمەي، يود ئىشلىتىپ كۆن ئېلىۋاتىمىز. مانا بۇنى ئېلىڭ... — دېدى-دە، كىچىككىنە شىشىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

گۇساكوۋ شىشىدىكىنىڭ نىملىگىگە قاراپ ئولتۇرمايلا، گۆپپىدە ئىچىۋېتىپ، ئاغزىنى پۇرۇشتۇردى:

بۇ قانداق نىمە! تۇفى!

لىدا ئالقىنىنى تانكا ئەسكىرىنىڭ ماڭلىيىغا قويۇۋىدى، ئۇ تىنچلىنىپ، ئۇنىڭ ئالقىنى ئاستىدا ئىنائەتمەن بولۇپ قالدى. بۇ ئالقان تەككەن چاغدىكى سەزگۇ ماڭا مەلۇملۇق ۋە ئېسىمدە! بۇ ھەرقانداق داۋالاش ئۇسۇلىدىنمۇ ياخشى ئىدى. سالقىن، نازۇككىنە كەلگەن بۇ قول ھەرقانداق دورىدىنمۇ شىپالىق بولسا كېرەك.

— ھەي، بۇرادەرلەر، بىلەمسىلەر، قانچىلىك ھېرىپ كېتە-

مەن! ــ لىدا ماڭا ۋە لېۋرىككا دەردىنى ئېيتتى، ــ بەزىدە ئاشۇنداق نۆۋەتچىلىك توغرا كېلىدۇ...ئاشۇنداق!...

ــ ئافوننىينى يوقلىساق بولامدۇ؟ ــ سورىدى گۇساكوۋ بوغۇق ئاۋازدا.

ــ بولمايدۇ! سىزگە ئېيتقان ئىدىمغۇ!

ــ ئەمسە ئۇ هاياتمۇ؟

ــ هايات، هايات! ياﺋاللا! نىمە، مەن سىلەرنى ئالدايمەنمۇ؟!

گۇساكوۋ يۈزىنى ئۆرۈپ، چىشلىرىنى بىرنەچچە قېتىم غۇچۇر-لىتىپ قويۇپ، ئاستا-ئاستا ئۈيقۇغا كەتتى ــ قارىغاندا، لىدا ئۇنىڭغا قانداقتۇ ئۇيقۇ دورىسى بېرىپ، ئۇنى تىنچلاندۇرغاندەك قىلاتتى.

ــ خوش، مەن كەتتىم، بۇرادەرلەر! ــ لىدا خورسىنىپ قويۇپ، يەنە بىر پەس ئولتۇردى، ــ مەن يوق چاغدا سىلەر جىدەل-غوغا چىقارماڭلار جۇمۇ؟

ــ پەرىشتەدەك شەپقەتلىك! ــ پىچىرلىدى لېۋرىك.

ــ هەممەڭلار يارايسىلەر! ــ لىدا لېۋرىك ئىككىمىزنىڭ يېڭىدىن ئۆسكەن چاچلىرىمىزنى تۈزەشتۈردى، ــ ئەگەر ئەهۋالى يامان بولۇپ قالسا، ــ ئۇ تانكا ئەسكىرى تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ــ ئادەم قىچقىرىڭلار. چىراقنىمۇ ئۆچۈرمەڭلار، ياربىدارلار قاراڭغۇدا تېخىمۇ ئازاپلىنىدۇ. بۇلارنى دەپ يۈرگىنىمنى قارىمامدى-غان؟ هەممىنى بىلىسىلەرغۇ، ــ ئۇ لېۋرىك ئىككىمىزگە يەنە تېگىپ قويۇپ، كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، مەيلى ئىشىنىڭ، ياكى ئىشەنمەڭ، يىغلىۋەتكىلى تاس-ماس قالدىم: ئۇ شۇ قەدەر يېقىملىق، شۇ قەدەر هارغىن، شۇ قەدەر ئايانچلىق ئىدىكى، بۇنىڭغا زادىلا ئامال قىلغىلى بولمايتتى.

www.uyghurkitap.com

قاراڭ، مۇنداقمۇ بىر ئىش بولغان!

ئەسلىدە، مېنىڭ ناخشام مېڭىسى چايقالغانلارغىلا تەسىر قىلىپ قالماستىن، بەلكى سەنئەتكە ئېتىۋار بېرىدىغان ۋە سەنئەتنى ئومۇملاشتۇرىدىغان كۆڭۈل ئېچىش ھەيئىتى ئىلانىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتىكەن. ئۇ شۇ ھامان مېنى مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئويۇن كۆرسىتىشكە دەۋەت قىلدى. مەن بىر پەس تارتىنىپ ئۇنىماي، ئاندىن كۆپچىلىككە ناخشا ئېيتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدۇم، ماڭلاي چېچىم بىلەن بولمىغاندىمۇ، ناخشام بىلەن بولسىمۇ مەلۇم ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئۆزەمگە رام قىلىمەنغۇ، دېگەن كىچىككىنە ئۈمىدىم بار ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن تەن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر بۆلۈمىدە ئۆرە تۇرغىنىمچە (بۇ يەر ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ چېنىقىش ـ مەشق قىلىش ئۆيى ئىدى)، گارموننىڭ جور بولۇشىغا ئەگىشىپ، مۇڭلۇق بىر ناخشىنى ئېيتىشقا كىرىشتىم:

بېلىقچى باغلىما ئۈمىدىڭنى ھاۋاغا،
باغلىغىن ئۈمىدنى چىڭ تارتىلغان يەلكەنگە،
ئۈمىدنى باغلىما تىنچ دولقۇنغا ھېچقاچان،
باركى ئۆتكۈر تاش خادىلار سۇنىڭ تېگىدە...

مەن مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە ئويۇن كۆرسىتىشكە ئىلگىرىمۇ قاتناشقان، بىر قېتىم ھەتتا رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بىر كورۇپكا شاكىلاتمۇ ئالغان. شاكىلاتنى دارىلئېتامدىكى ئاغىنىلىرىم بىلەن قىزچاقلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن. شاكىلات يېتىشمەي قالغاندا، ئاخىرقى بىرنەچچە پارچىسىنى ئىككىگە، ھەتتا تۆتكە بۆلۈپ تەقسىملىگەن ئىدىم، ئۆزەمگە تۆتتىن بىرىمۇ تەگمىگەن. شۇڭا، بىرىنچى يىللىق سىنىپتىكى قىز ئوقۇغۇچى

مۇسكا كورچاگىنا، گويا شاكىلات ئەسلىدىلا ئۆزىنىڭكىدەك، شاكىلاتنىڭ بىر چېتىدىن كىچىككىنە چىشلىتىپ قويغان ئىدى. مۇسكا، مۇسكا ئاشۇ شاكىلات ۋەقەسى ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە. يېڭى يىلنى تەبرىكلىگەن چېغىمىزدا، ھەممەيلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ بىرلىكتە جۇۋاۋا تۈككەنلىگىمىز، خېمىر كۇمۇلاچلىرىنى بىر بىرىمىزگە ئاتقانلىغىمىز؛ كىنو-فىلىم قويغاندا، فىلىمنىڭ ئاخىرى بىلەن بېشىنى ئوڭ-تەتۈر قويغانلىغى؛ بىزنىڭ ھاجەتخانىدا تاماكا چەككەنلىگىمىزنى سىلەر — قىزچاقلار كۆرۈپ قالغىنىڭلاردا، دائىم ئەدىۋىڭلارنى بېرىمىز، دەپ تەھدىت سالغانلىغىمىز، لېكىن ئەدىۋىڭلارنىمۇ بەرمىگەنلىگىمىز ئېسىمدە، چۈنكى بىزنىڭ دارىلئېتامدا مۇنداق بىر قائىدە بار ئىدى — كىچىك قىزچاقلارنى ۋە كىچىكلەرنى ئۇرۇشقا بولمايتتى. ھالبۇكى، بىز ھەممىمىز ئۇرۇشقاقلاردىن ئىدۇق. ئەزبىرايى، تازا ئۇرۇشقاقلاردىن ئىدۇق! كىتاپ ئوقۇشقا زادىلا چولىمىز تەگمەيتتى، چوڭلارمۇ بىزگە ئوخشاش قائىدىگە خىلاپلىق قىلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمدە، ھەممىسى!

گارمونىنى لېۋرىك چالدى. مېنىڭ نەزىرىمدە، لېۋرىك ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر ئەزىمەت، ئۇنىڭ تېنىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئوق پارچىلىرى بار ئىدى. بىر تال ئوق پارچىسى ھەتتا ئۇنىڭ مەگزىنى تېشىپ ئۆتۈپ، ئاغزىدا توختاپ قالغان ئىدى. لېۋرىك: ئۇ ئوق پارچىسىنى ئالدىراشچىلىقتا ھاپىلا-شاپىلا يۇتۇۋەتتىم، دەيتتى. بەلكىم، بۇ يالغاندۇ. يالغان بولماسلىغىمۇ مۇمكىن، ساراتوۋلۇقلاردىن سوراپ بېقىڭ، ئۇ قانداق ۋاقىتتا يالغان ئېيتىدىكىن، قانداق ۋاقىتتا راست سۆزلەيدىكىن؟

لېۋرىك ئوق پارچىسى تېشىپ ئۆتكەن مەگزىنى گارمونىنىڭ

دېكاسى (ئاۋاز تاختىسى)غا قويۇۋالغان، ئۇ شۇ تۇرقىدا كېسەلخانىدا ئەمەس، بەلكى كۆن ئولتۇرغان چاغدىكى دەريا ساھىلىدا ياكى كۆل بويىدا تۇرۇپ، كۈندۈزنىڭ غايىپ بولۇشىغا ئەگىشىپ قايغۇ-ھەسرەتكە چۆمۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

تەۋرىنەر قېيىق دەھشەتلىك بوران-دولقۇندا.
قارايدۇ ئانا تىكىلىپ يىراقلار تامان،
قەلبىدە يانار مۇھەببەت، يۈز-كۆزلىرى ياش،
تىلەيدۇ تىنچلىق-ئامانلىق ئوغلىغا ھامان.

بۇ ناخشا تېكىستىنى لېۋرىك ئىككىمىز ئەسلەپ يادىمىزغا كەلتۈردۇق. قارىغاندا، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئوي-پىكرى ۋە قابىلىيەت-ئىستىداتىغا ئاساسەن خېلىلا ئۆزگەرتكەندەك قىلىمىز. لېكىن، نەقراتنى ئەسلىدىكىسى بويىچە ساقلاپ قالدۇق، مەن ئىختىيارسىز ئاۋازىمنى پەسەيتتىم، بۇ نەقراتنى ئوبدانراق ئېيتىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى، ئەمما ئىلا ماگا: ناخشىنى قانچىكى جاراڭلىق ئېيتساڭ، كىشىلەرنى شۇنچە تەسىرلەندۈرەلەيسەن، دەپ بولمىغۇر مەسلىھەتنى بەردى. ئۇ سەنئەتنى نەدىن بىلسۇن! ئۇ ئاشۇ ئۇفتىسىرلار بىلەن بولۇڭ-پۇچقاقلاردا كۇسۇرلىشىشنىلا بىلىدۇ. ئۇ قانداقمۇ مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەيئىتى بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇمۇ بىر ۋەزىپە-دە، ئاخىر...

جور بولۇپ چېلىنىۋاتقان گارمون مېنى ئارقىدا قالماسلىققا سۆيلەيتتى.

ئاپتاپ گويا سۇ ئۈستىگە سەكرىگەن بېلىق،
كۆمۈش دولقۇن چاقنار ۋال-ۋۇل چۆمۈلۈپ نۇرغا.
ئۇزاتسا گەر ئاناڭ خۇشخۇي سېنى دېڭىزغا،

قايتسەن خۇش تەبەسسۇملە ئاناڭ قويىنغا...

ليۇرىك "پائۇزا"نى چېلىۋاتقاندا، مەن كۇتكەچ (ئاخىرقى ئىككى مىسرانى تەكرارلاپ، ناخشىنى ئاياقلاشتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى)، ئۆزەمنىڭ قىسقىغىنا 19 يىللىق ھاياتىمنى ــ كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتمىگەن بولسىمۇ، بەربىر ئۆزەمگە تەئەللۇق بولغان قىممەتلىك ھاياتىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۇردۇم.

مەن قاتتىق ئەپسۇسلاندىم، چۇنكى مەيلى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۇلۇپ ياكى كۇلمەي بولسۇن، ئانام مېنى ئۇزاتمىغان، ھېچكىممۇ مېنى ئۇزاتمىغان. مەن ئۆزەم، يەككە-يېگانە ھالدا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئارمىيىگە قاتناشتىم. كېيىنمۇ ھېچكىم مېنى كۇتۇۋالمىدى. مەن مەجرۇھ بولۇپ دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىممۇ بولمايدۇ، كۇن ئېلىشىممۇ تەس بولىدۇ...

ئۇنىڭدىن كۆرە، مەشەدە ئۆلگىنىم تۇزۇك. ئۇ چاغدا، ھەممەيلەن ماڭا ئېچىنىشى، لىدامۇ ئىچ ئاغرىتىشى مۇمكىن. بەلكىم ئۇ: "ئېست، ئوبدان يىگىت ئىدى ــ ناخشىنى خويمۇ بەلەن ئېيتاتتى، چېچىمۇ ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى..." دەر.

كېسەلخانىغا كۆز يۇگۇرۇتتۇم. ھەممىسىلا كېسەل كارۋىتى، كېسەل كارۋىتى، يەنىلا شۇ كېسەل كارۋىتى. پۇتكۇل چېنىقىش ئۆيىگە كېسەل كارۋىتى توشۇپ كەتكەن. كېسەل كارۋاتلىرىدا ياردار ۋە كېسەللەرنىڭ بەزىلىرى ياتاتتى، بەزىلىرى ئولتۇراتتى. ياشلار ۋە ياشانغانلار، رۇسلار ۋە رۇس ئەمەسلەر، ھېچقاندىق غەم-ئەندىشىسى يوقلار ۋە چىرايىنى غەم-غۇسسە باسقانلار، پاسوندلۇق چاچ قويغانلار ۋە پاسونلۇق چاچ قويمىغانلار، ھاسىلىقلار ۋە ھاسىسىزلار، قولى بارلار، قولى يوقلار، پۇتى بارلار، پۇتى يوقلار،

www.uyghurkitap.com

جاھاندىكى بەختى-تەلىيى يوقلارنىڭ جىمىسى مەشەگە يىغىلىپ، ناخشامنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى.

لىدا ياردار، كىسەللەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا، بىر ئۇفتسېرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. مەن ئەمدى ئۇ تەرەپكە قارىمايتتىم، ھودۇقۇپمۇ كەتمەيتتىم. شۇنچە نۇرغۇن كۆزلەر ئۇمىد بىلەن ماڭا تىكىلىپ تۇرسا، ئۇنىڭغا قارىغۇدەك نەدە چولام بولسۇن. مەن ئۆزەممۇ بىر ياردار، مەنمۇ ئۆلۈپ كەتكىلى قىل قالغان، شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ مېنىڭدىن نىمىنى كۈتىدىغانلىغىنى بىلەتتىم. مەن ماڭا تونۇش ۋە ناتونۇش بولغان مۇشۇ ياردارلارغا ئىشەنچ بېغىشلىشىم كېرەك:

ئۇزاتسا گەر ئاناڭ خۇشخۇي سېنى دېڭىزغا،
قايتىسەن خۇش تەبەسسۇملە ئاناڭ قويىنىغا.

مەن ناخشا ئېيتىماي، كەسكىن ئاۋاز بىلەن ئۇلارغا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندەك ئىدىم، ئاۋازىمدا مەيۈسلۈك ۋە قايغۇ-ھەسرەت مۇقامى يوق ئىدى. بېشىمدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغاقلار ئۆتكەن بولسىمۇ، مەن بەرىبىر ئۇن توققۇز ياشلىق ئادەم ئىدىم. كۆپچىلىكنىڭ ماڭا ئىشىنىدىغانلىغىنى كۆزۈم يەتتى. بىرلا قولى بار ئادەم قولى بىلەن تىزىنى ئۇراتتى، ياتقان ئادەم ھاسىسى بىلەن پولنى توكۇلدىتاتتى — بۇ ئۇلارنىڭ چاۋاك چالغىنى ئىدى.

لىيۇرىك ئورنىدىن تۇرۇپ، خۇددى ناتونۇش ئادەملەر ئالدىدا تۇرغاندىكىدەك، ئۆپچۆرىدىكىلەرگە رەسمىي تازىم قىلدى. مەن بولسام بىر كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا لىدا ئولتۇرغان يەرگە قارىدىم. بۇلاق كۆز لىدا ئەدەپ يۈزىسىدىن بىرنەچچە قېتىم چاۋاك چېلىپ قويۇپ، بۇرۇت قويۇۋالغان، كۆرەڭلەپ قارا بۇرۇت قويۇۋالغان

ھېلىقى ياش ئوفىتسېرغا قارىدى. "ئەلۋەتتە، ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق ھەۋىسى بولىدۇ. بەزىلەر ماگىلاي چاچىنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىلەر بۇرۇتقا ئامراق كېلىدۇ"، مەن كۆڭلۈمدە بۇ بىر جۈپ ياشقا زەردە قىلاتتىم، شۇ پەيتتە ليۇرىكنىڭ تىت - تىت بولۇپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلىدىم:

— بول چاققان، تازىم قىلغىن، تازىم قىلغىن، ئەخمەق! بۇ — قائىدە!

— ماگە نېرى! — مەن ئوقتەك ئېتىلىپ كېسەلخانىدىن چىقىپ كەتتىم.

شۇ تاپتا، مەن ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمايتتىم.

توغرا، ليۇرىك بۇ قېتىم يالغان ئېيتمىغان ئىدى: لىدا راستىلا ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ كەتتى، بۇ ۋاقىتلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن تارتىۋاتقان دەرت - ئەلىمىم يېنىكلەپ قالمىدى. ئۇنى ھەتتا يىراقتىنمۇ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم. كۆرگەن تەقدىردىمۇ، تەكەببۇرانە قىياپەتتە يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، سوغاققىنا "ياخشىمۇ سىز" دەپلا قوياتتىم، خالاس.

ئۇ يېقىن ئەتراپتا پەيدا بولۇپ قالغاندا، ئۇنى كۆرمىسەنگە سېلىپ، بۇرۇلۇپ باشقىلار بىلەن پاراڭ سېلىشاتتىم. قوللىرىمنى كەينىمگە قويۇپ، بىر پۇتۇمنى كەلسە - كەلمەس كېرىۋېلىپ، تەنە ئارىلاش: "بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئىلگىرىلەۋاتىدۇ!" دەيتتىم، ياكى: "كراسنودار ئۇچىغا چىققان يامان شەھەر، بۇ يەردىكىلەر ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىكەن" دەيتتىم - دە، ھاماقەتتەك قاقاقلاپ كۈلەتتىم.

www.uyghurkitap.com

بىر قېتىم، ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئوفىتسېرنىڭ ئۇچقۇچىلارنىڭ تېرە چاپىنىنى كىيىپ، لىدانى ئۈزىتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، سەپرايىم ئۆرلىدى-دە، ئاچچىقىمدا توك بىلەن داۋالاش بۆلۈمىگە بېرىپ كابانى تاپتىم.

بۇ تېرە چاپانغا زادىلا چارە تاپالمىدىم.

تەجرىبىلىك ئەسكەرلەر، كۆپ ھاللاردا، ئاشپەز خوتۇنلار بىلەن ئالاقە قىلاتتى، مەن ياش بولغاچقا، ئىش بىلمىگەچكە، ئېلېكتىر تېخنىكىسى بىلەن ھەپىلىشەتتىم. مۇنداق قىلىشىم تېخنىكىنىڭ مېنى جەلپ قىلىۋالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئىچىمدە دەرت-ئەلىمىمنىڭ بارلىقىدىن ئىدى.

كابا مېنى ئازادە، يۇمشاق كرېسلوغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈستۈمگە يوتقان يېپىپ قويدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، بولۇپمۇ پۇتۇمنىڭ تۆۋەن تەرىپى قىزىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

— خۇددى رۇسلارنىڭ مېشى ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بولدۇم! — دېدىم ئاستا شىۋىرلاپ ئېرىنچەكلىك بىلەن.

قەدىمى يېپىنىك، قارا كۆز قىز كابا كىشى چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئۈستىدە كۆك، قىزىل چىراقلار نۇر چېچىپ چاقناپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ماشىنىنى باشقۇراتتى. ماشىنىلار تىنماي ۋىڭىلداپ، تاقىلداپ ھەر خىل ئاۋازلارنى چىقىراتتى. كابا ئىلگىرى ئوقۇتقۇچىلار ئىشخانىسى بولغان بۇ يەردە خۇددى بىگىسىنى بار سېھىرگەردەك، شۇنداقلا چۆچەكلەر دۇنياسىدىكى ئايال پادىشادەك ئولتۇرۇپ، يارىدارلارنىڭ كېسەل تارىخى كارتوچكىسى (كاپىيەنى)غا قەلەم بىلەن بىرنىمىلەرنى يازاتتى، سىزاتتى.

مەن يەنە پو ئېتىشقا كىرىشتىم:

ـــ كابا، بىلەمسەن، ئىلگىرىكى چاغلاردا مەن مۇشۇنداق ئولتۇراتتىم، رۇس مېشى ئۈستىدە ساغرامنى قاخلاپ ئولتۇراتتىم، ئۈستىۋېشىمدىن چىپىلداپ تەر تامچىلايتتى. بوران، خۇددى چىلبۆرىدەك، تۇرخۇن ئىچىدە "ھۇ...ھۇ...ھۇ..." قىلىپ ھۇۋلايتتى. ئەتراپ ئاجايىپ قورقۇنچلۇق، ھەتتا سۇۋەرەكلەرمۇ قورقىنىدىن تامنىڭ يوچۇقلىرىغا، كامار ـ تۆشۈكلەرگە كىرىۋالاتتى، كىشىنى قاتتىق سۇر باساتتى ـــ ۋاھ ـ ۋاھ!...

كابا كارتوچكىسىنى تاشلاپ قويۇپ، بۇجۇغۇر چاچلىق، يېقىملىق كىچىككىنە بېشىنى كۆتىرىپ، كۇلۇمسىرىگىنىچە سەدەپتەك ئاپپاق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، بارمىقىنى نوقۇپ ماڭا تەھدىت سالدى:

ـــ ئەسكىلىك قىلساڭ، توك يولىنى ئۈزۈۋېتىمەن!

ھەي ـ ھەي، ياق، ئۇنىڭ توك يولىنى ئۈزۈۋېتىشىنى خالىمايتتىم، كابانىڭ ماڭا ياخشىلىق قىلىپ "ئارقا ئىشىك ئېچىپ"، مەن ئۈچۈن ئەڭ راھەت، ئەڭ ئىللىق داۋالاش باسقۇچى ئورۇنلاشتۇرغانلىغى روشەن ئىدى. ئەگەر بىردىنلا لىدا ۋە ھېلىقى كىچىك ئوفتسېرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ كابانى ئۆيگە ئۈزىتىپ قويسام، تازا قىزىق بولاتتى ـ دە! ئەپسۇسكى، مېنىڭدە ئۇچقۇچىلار چاپىنى يوق، ھەتتا ھەربى كىيىممۇ يوق ئىدى. قانداقلىكى بولمىسۇن، قىزنى بېلىمگە يوتقاننى ئوراپ ئۈزىتىپ قويغىلى بولمايدىغۇ...

ـــ كابا، كىچىككىنە بىر شېئىر ئوقۇپ بەرسەم بولامدۇ؟ ـــ دەپ تەكلىپ بەردىم ۋە ئۆزەمچىلا ھەيران بولدۇم: نىمە ئۈچۈن كابا بىلەن ئەركىن پاراڭلىشالايمەنۇ، لىدانى كۆرسەملا ھەممىدىن كاشىلا چىقىدۇ؟ مېڭەمدىن، تىلىمدىن، ھەممىدىن!

ـــ ھە، قېنى ئۇ شېئىر؟ ئەكەل! ـــ كابا قەلەمنى بىر چەتكە

قويۇپ قويۇپ، ناز ـ كەرەشمە بىلەن بوينىنى سىڭايان قىلىپ ماڭا قاراپ تۇردى.

ــ ھە، شېئىرما؟ ــ ئىللىق كىرىشلودا ئوبدانىراق جايلىشۋېلىپ، ئاندىن ئوقۇشقا كىرىشتىم:

كېسىلدى دۈپ دەرىخى دېڭىز قولتۇغىدا،
ئالتۇن زەنجىر يەتكۈزۈلدى دەل ۋاقتىدا ــ
تاشقى سودا ئىدارىسىغا،
سويۇلۇپ مۇشۇك بولدى كاۋاپ غىزاسىغا...①

كابا بۇ يەردە ئۆزۈندىن بېرى ئىشلەپ كېلىۋاتقاچقا، ھەر خىل ئادەملەرنى كۆرگەن، ھەر خىل ـ ھەر ياڭزا خەۋەرلەرنى ئاڭلىغان، شۇڭا مۇنداق قوپال ھەجۋى شېئىرلار بىلەن ناھايىتى تونۇش ئىدى. مەن مۇھەببەت ھەققىدىكى يەنە بىر جىددى شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدىم، بۇ مەن بىلىدىغان بىردىن ـ بىر شېئىر ئىدى. بۇ شېئىرنى يىرتىلىپ ئەبجىغى چىقىپ كەتكەن بىر كونا كىتاپتىن ئوقۇغان ئىدىم. ئۇ چاغدا، شەھەردىكى بىر توپ ئۇششاق لۈكچەكلەر بىلەن مۇشتلىشىپ، بىر قوۋۇرغام سۇنۇپ كەتكەچكە، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئىدىم.

مەن سىزدەك قارىمايمەن مۇھەببەتكە،
ئاددىلا، ھېچنىمىگە ئەرزىمەس دەپ.
ھەم سىزدەكمۇ سۆيمەيمەن مۇھەببەتنى
شۇنچە قىسقا، ھېسسىياتسىز، تارتماستىن دەرت...

---

① بۇ پۇشكىننىڭ «رۇسلان ۋە لیۇدمىلا» ناملىق ئەسىرىنىڭ بېشىدىكى بىرنەچچە مىسراسىغا تەقلىت قىلىپ توقۇلغان قوشاق.

لېكن شۇ پەيتتە دەرمانىم قۇرۇپ، بوشىشىپ ھالسىزلىنىپ، تىلىمۇ گەپكە كەلمەي گاچىلىشىپ قالدىم. بېشىمنى كۆكرىكىمگە ساڭگىلىتىپ، يىقىملىق-شېرىن ئۇيقۇغا كەتتىم، ھېچقانداق چۈش كۆرمىدىم، ھەتتا ئۇرۇشمۇ چۈشۈمگە كىرمىدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن كابانىڭ ئالدىدا شېئىرنى بىر قېتىممۇ ئوقۇپ تۈگەتمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، راست گەپنى ئېيتسام، شېئىر-نىڭ ئېسىمدە قالغىنىمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى.

شۇ كۈنلەردە كېسىلىم خېلىلا ياخشى بولۇپ قالدى، لېكىن قولۇمدىكى يارا تېخى تولۇق ساقايمىغان ئىدى. دوختۇرلار ھەر قېتىم كېسەللەرنى تەكشۈرگەندە، چىرايلىرىدىن بارغانسېرى دىققەت قىلىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار قولۇمنى ئۇيان-بۇيان ئايلاندۇراتتى، يىڭنە سانچىيتتى، بارماقلىرىمنى مىدىر-لىتىشىمنى تاپشۇراتتى. پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ بەش بارمى-غىمنىڭ بىرىنىمۇ مىدىرلىتالمايتتىم، يىڭنە سانچىسىمۇ ئاغرىقنى سەز-مەيتتىم. دوختۇرلار: "ياخشى" دەپ قويۇپلا كېتىپ قالاتتى. لېكىن، دوختۇرلار "ياخشى" دىسىلا، ياخشى ئەمەسلىكتىن دېرەك بېرىدىغان-لىقى ماڭا ئايان ئىدى. دەرۋەقە، شۇنداق بولدى.

بىركۈنى كۈندۈزى، لىدا بىزنىڭ كېسەلخانىغا كېلىپ، ئۇدۇل مەن تەرەپكە مېڭىپ ئېيتتى:

— بىمار، **ئوپېراتسىيىگە** تەييارلىنىڭ.

— يەنە قانداق ئوپېراتسىيە قىلماقچى؟

— ئادەتتىكى ئوپېراتسىيە.

— مەن تەييار. كېسىڭلار! يەنە نىمە قىلارسىلەركىن؟ ماڭا

www.uyghurkitap.com

ھەمەل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. قوسىغىم ناھايىتى بىجىرىم. مەن ئەمەلدار كىچىك زىيالىمۇ ئەمەس...

ئاخىرقى بىرنەچچە ئېغىز سۆزۈم ناھايىتى پەس ئاۋازدا چىققان بولسىمۇ، لىدا ھەممىسىنى ئاڭلاپ، مەنىستىمىگەنىدەك كۆزلىرىنى قىستى.

قاچان ئوپېراتسىيە قىلىدۇ؟ — دەرھال سورىدىم مەن.

— ئەتە سائەت ئون بىردە. — ئۇ بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى. مەن يۈزۈمنى قوللىرىم بىلەن ئېتىۋېلىپ، ئۆزەمنى ياستۇققا تاشلىدىم.

مەن ئوپېراتسىيىدىن قورقاتتىم. ناركوز قىلىشتىن قورقاتتىم. قاراڭغۇلۇقتىن قورقاتتىم.

شۇ ئەسنادا، داۋالاش بۆلۈمىدىكى سېستىرا پانىيە كەلدى، ئۇ تەبەسسۇم چىراي، خۇددى ئاق تورزدەك يەڭگىل قەدەملەر بىلەن، قولىدا قاپقىغى ۋە تۇتقۇچى بار ئىستاكان تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئىستاكان بالىلارغا مۇرابىا سېلىپ بېرىشتە ئىشلىتىلىدىغان، ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغان ئەينەك قاچىغا ئوخشايتتى.

— ئەڭ يېڭى خەۋەر ئاڭلايدىغان بولدۇق! — لىۇرىكنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. مۇنداق ئوچۇق-يورۇق ئادەمگە نىمە چارە دەيسىز؟ ئۇنىڭغا مۇشتۇمۇمنى پۇلاڭلاتتىم:

— خەپ، توختاپ تۇر سېنى. ئەبلەخ، كۆرۈشۈۋالىمىز تېخى!

مەن دۇم يېتىۋالدىم. پانىيە ئىستاكاننى تۇتقىنىچە باش تەرىپىمدە، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يارىدارلار بىلەن تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئېھتىيات بىلەن ئەگمەتىپ دىگەن بىرنەچچە ئېغىز گېپىدىنلا كارانتىن قىلىنغانلار كېسەلخانىسىدىكى ئافونىي ئانتىپىننىڭ ھالى ناچار، ھەتتا تولىمۇ ناچار

ئىكەن، دىگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، گۇساكوۋ قارىداپ ھەم ئورۇقلاپ كەتتى، ئانچە گەپ-سۆز قىلمايدىغان بولۇۋالدى.

ئەتىمالىم، ھەمەل قىلىش ئۆتكىلىدىن ھېچنىمىنى سەزمەي ئۆتۈپ كەتكىلىمۇ بولاتتى. لېكىن، لىيۇرىك قانداق ئادەم دىمەمسىز؟ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئىيتقىنىدەك، ھەرگىزمۇ سۈتنى ئىچىتۋەتمەيدىغان — ھېچ ئىشنى ئۆتكۈزۋەتمەيدىغان ئادەم ئىدى.

— ھەي، مىخائىل، رادىئودىن بىرەر نەرسە ئاڭلىدىڭمۇ؟

— بىزنىڭكىلەر غەلىبە قىپتۇ! دۈشمەنلەر جاجىسىنى يەپ، باش-كۆزلىرى قانغا بويۇلۇپتۇ!

— ئۇنىڭغىمۇ ئازراق سەگىدەيدىغان — سالقىنلايدىغان نەرسە قويۇپ قويغىنا، — لىيۇرىك يېنىمدىكى كارۋاتتا ياتقان كىشىگە بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپلا تۇرۇۋاتىدۇ.

خوشنام ھەققىغە ئازراق كەمپۈت ئېلىش ھېساۋىغا خەقنىڭ ھەميانىغا ياماق سېلىۋاتاتتى. شۇ پەيتتە، ئۇ قولىدىكى ئىشىنى چۆرۈۋېتىپ، ئېچىنىشلىق ۋاقىرىدى:

— بۇ بىرنىمە نىمانداق چاقچاق قىلىۋېرىدۇ؟ نىمانچە كىشىنى كولدۇرلىتىپ، ئېچىلىپ-يېيىلىپ كېتىدۇ؟!

ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى پۈتۈنلەي دىگۈدەك كۆز يۇممىدىم. لىيۇرىك بىرنەچچە قېتىم كېلىپ كارۋىتىمنىڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ ماڭا تاماكا چەككۈزدى، كېيىن ئاھ-ئۇھ دىگىنىچە ئۆزىنىڭ ئورنىغا قايتتى.

سائەت ئون بىر بولاي دىگەندە، يالاڭ ئىشتىنىمنىڭ بېغىنى (خەقلەر يېشۋەتمىسۇن دەپ) چىڭ باغلاپ، ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە كىردىم،

www.uyghurkitap.com

ئۇ يەردە يالغۇز لىدالا بار ئىكەن. ئۇ كۆيىنگىمنى يەشكۈزدى، ئىشتا-
نىمىدىكى قارغۇ كۇرمەكلەرنى كۆرۈپ، لام-جىم دىمەي، مۇزدەك
ئوپېراتسىيە ئۇستىلىگە چىقىرىپ ياتقۇزدى ھەمدە كىرلىك
بىلەن تۆۋەن تەرىپىمنى يېپىپ قويدى.

ماڭا كىشىنى جاق تويغۇزغۇدەك تىترەك ئولاشتى، لەۋلىرىمۇ
تىترەيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم غال-غال تىترىگەچكە، ئوپېراتسىيە
ئۇستىلى ۋە ئۇستەلدىكى قانداقتۇر بىرنىمىلەرمۇ تەۋرىنىپ جىرىڭلاپ
كەتتى. ھېلىمۇ ياخشى، لىدا ئەسۋاپلارنى قايناقسۇدا قاينىتىۋاتقاچقا،
بۇنى كۆرمىدى. تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى قوللىرىنى سوزغىنىچە
ياندىكى ئۆيدىن كىرىپ كېلىۋېتىپ، لىداغا بىرنىمىلەر دەپ يوليورۇق
بەردى. لىدا ماڭا ئېڭىشىپ، يالۋۇرغاندەك تەبەسسۇم بىلەن ئېيتتى:

— بىز تەكشى، چوڭقۇر نەپەس ئالايلى، ماقۇلمۇ؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم، شۇ ھامان بىر چۇمبەل يۈزۈمگە يېپىلدى.
مەن نائىلاج ئىتائەتچانلىق بىلەن نەپەس ئېلىپ: "بىر"، ئاندىن
"ئىككى"، ئۇنىڭدىن كېيىن "ئۈچ" دەپ تاكى 120 گىچە سانىغىنىم-
دا، يىراق بىر يەردىن لىدانىڭ ئۇخلاشقا دەۋەت قىلغان ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— ئەزىزىم، ئۇخلىغىن! جېنىم، ئۇخلىغىن...

ئارقىدىن، تاشقى كېسەللىكلەر بويىچە مۇدىر دوختۇرنىڭ ئاۋازى
ئاڭلاندى:

— بىمار نىمىشقا ئىچ كىيىمنى يەشمىگەن؟

يەنە بىر ئاۋاز جاۋاپ بەردى:

— قاراڭ، ئۇ يالاڭ ئىشتىنىنىڭ بېغىنى قارغۇ كۇرمەك سىلىپ
باغلىۋېتىپتۇ — يەشكىلى بولمىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، يەنە يىراقتىن بارغانسېرى پەسلەپ كېتىۋاتقان يۇمشاق - يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى:

— سۆيۈملۈكۈم، ئۇخلىغىن... ئەزىزىم، ئۇخلىغىن...

ئەھۋالدىن قارىغاندا، ياخشى ئۇخلىمىغاندەك قىلىمەن، چۈنكى كېسەلخانىدا ئويغانغىنىمدا، ئۇچامدىكى كۆينىكىم يىرتىقلىق تۇراتتى، ساق قولۇممۇ كارىۋاتقا باغلاپ قويۇلغان ئىدى.

ليۇرىك قېشىمدا ئولتۇراتتى.

— هوي، ئەھۋالىڭ ياخشىدۇ، مىشكا — مىخائىل! — ليۇرىك كۈلۈمسىرىدى.

— ئۆزەڭ ئوبدان تۇرغانسەن، ئۇليۇك! — دېدىم مەن بالىلارچە خوشال بولۇپ.

ئۇنى ھېچقاچان "ئۇليۇك" دەپ ئاتاپ باقمىغان ئىدىم، شۇڭا، مېنى تېخى ئەس - ھوشىغا كەلمىگەن دەپ قالغان بولسا كېرەك، ليۇرىك قوشۇمىسىنى ھىمىردى.

— قولۇمنى بوشىتىۋەتسەڭ، — دېدىم ئىلتىماس قىلىپ ليۇرىكقا، — قولۇم ئۇيۇشۇپلا قالدى. قانداق، مەن جېدەل قىلدىممۇ؟

— ۋاھ، تازىمۇ چاتاق سالدىڭ ئەمەسمۇ! — دېدى ليۇرىك بېشىنى چايقاپ ۋە قاتتىق چىگىۋېتىلگەن تاسمىنى يېشىۋەتتى، — تىتقىلىپ، ھەممەيلەننى تىللاپ چىقتىڭ. ئايال دوختۇر مەشەدە ئىدى، سەن بولساڭ: "فاشىستلارمۇ، دوختۇرمۇ، ھەنىنۋاسى بىر جاڭگاللىق بۆرىلىرى. ھەنىنۋاسى قانخورلار!" دەپ ۋاقىرىدىڭ.

— راستمۇ؟

— راست! ئەلۋەتتە، سەن ئۇ چاغدا ھۇشۇڭغا كەلمىگەن ئىدىڭ.

شۇنداقتىمۇ، ھۇشۇڭغا كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، كىشىنى ئۇنچىۋالا ھاقارەتلىشىگىنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ. ساڭا ئەمدى تازا قول قويدۇم، تىللاشقا كەلگەندە، سىبىرىيىلىكلەرگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىكەن.

— مەن نىمە ئىدىم؟ بوۋام قالتىس ئىدى دىگىنە. بىر تىللىسا بارغۇ، يەتمىش پۇشتىنى قويماي تىللايتتى!...تىلىنىڭ زەھەرلىگىدىن ئاسماندىكى قاغا-قۇزغۇنلارمۇ چىدىيالماي يەرگە ئۆگدىسىغا چۈشەتتى! تىللىسا بارغۇ، قاغا-قۇزغۇنلار جەزمەن يەرگە تىك-موللاق چۈشەتتى!... — مېنىڭ سۆزلىگۈم، ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمدىكى كۆلكىلىك ۋەقەلەرنى ئەسلىگۈم كېلەتتى. لېكىن، لىيۇرىك خۇددۇمنى بىلمەي قىلىۋاتقان بىمەنە چاقچاقلىرىمنى كەسكىنلىك بىلەن ئۈزۈۋەتتى.

— ”يەتمىش پۇشتىنى قويماي تىللايتتى!“ — ئۇ مېنىڭ تەلەپپۇزۇمنى دوراپ سۆزلىدى، — ئۆزەڭگە بىر قاراپ باققىنا، ھېلىقى قىزنى قانداق تىللىدىڭكىن!...

— قايسى قىزنى؟ — مەن لاسسىدا بولۇپ، شۇ ھامان يوتقان تېگىنى سىلاشتۇردۇم — بىنت ئۆز جايىدا، يالاڭ ئىشتاننىڭ بېغىمۇ مەھكەم چىگىكلىك ئىدى.

— قايسى بولاتتى، ھېلىقىچۇ! ئۇ قېشىڭدا پايپېتەك بولۇپ، ”جېنىم، سۆيۈملۈكۈم“ دەپ يۈرسە، سەنچۇ... ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىۋىدى، ئۇ تېخى: ”خەق ئەس-ھۇشىنى بىلمەي ياتسا، بۇنداق كۈلۈش پەسكەشلىك... ئۇيات! نومۇس!...“ دەپ تېپىچەكلىدى. شۇ چاغدا، ھاسا بىلەن كىمدۇ بىرىنىڭ كاللىسىغا نوقۇدۇم، ئۇ ئىشىك يوچۇغىدىن مارىلاۋاتاتتى...گەپنىڭ قىسقىسى، تازا قىزىق

ئويۇن بولدى!

مەن ليۇرىكقا بىرەر ئىغىز جاۋاپ قايتۇرغىچە، كېسەلخانىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىپ، لىدا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى. ئۇ لەۋلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالغان، ئۆزىنى جىددى قىياپەتتە كۆرسىتىشكە باركۈچى بىلەن تىرىشىمۇ، كۆزلىرىدىن يەنىلا كۈلكە يېغىپ تۇراتتى.

— ھىم، ھېلىقى دارازا ئەسكەر قايەردە؟ سوۋېت داۋالاش ئىشلىرىغا ھۇجۇم قىلغان ھېلىقى ئەبلەخ قايەردە؟ ئۇنى ماڭا تاپ-شۇرۇڭلار، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىمەن.

قولۇم بىلەن يۈزۈمنى يېپىۋالغانىنىڭ ئۈستىگە، يوتقان بىلەن بېشىمنىمۇ چۆمكىۋالدىم. لېكىن، لىدا يوتقاننى ئېچىۋېتىپ، قولۇمنى يۈزۈمدىن تارتىپ چۇشۇرۇپ، بارماقلىرىمنى بىر-بىرلەپ ئاجرىتىشقا باشلىدى.

— قاراڭلار، خىجىل بولۇپ مۆكۈۋالغىنىنى! ياق، ماڭا قاراڭ، ماڭا قاراڭ دەيمەن، — ئۇ يەنىلا رەسمىي تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى، لېكىن ئاۋازىدىن كۈلۈۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

شۇڭا لەپپىدە قارىدىم. كۆز ئالدىم شۇ ھامان يورۇپ كەتكەندەك بولدى، كۆزلىرىمنى خۇمالاشتۇرۇپ، ئاران ئاڭلىغىلى بولىدىغان ئاۋازدا ئېيتتىم:

— لىدا!

— قانداق، ئەزىزىم، قانداق؟

— لىدا! — دەپ تېخىمۇ پەس-يېنىك ئاۋازدا تەكرارلىدىم، ليۇرىك ماڭالايدىغانلارنىڭ جىمىسىنى باشلاپ بۆلۈمدىن چىقىپ كەتتى: بۇ ماڭا شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگىنى ئىدى. لېكىن مەن تەمتىرەپ، خېلىغىچە لام-جىم دىيەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

لىدا تومۇرۇمنى تىڭشىدى، ھارارىتىمنىڭ خاتىرىسىنى كۆردى. تىببىي خادىم بولۇش نىمىدىگەن ياخشى. ئېيتقۇدەك گەپ بولمىسا، ئىش قىلغىلى بولىدۇ.

— خو...پ، تېخىمۇ تېپتىنچ يېتىڭ، تاماكا چەكمەڭ، كۆپ ماڭماڭ...

— ئەمدى سىز پات ـ پات... مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ تۇرامسىز؟

ئۇ پىشانەمنى سىلىدى، قولى ماڭلاي چېچىمغا تەگدى.

— پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشۇمنى خالامسىز؟

— ھەئە.

— ئەمسە، يەنە تىللامسىز؟

— ياق.

لىدا تېخىچە چېچىمنى ئوينايتتى، مەن قىمىر قىلىشقا، ھەتتا نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايتتىم. كېسەلخانىدا يەنە يېڭىلا ئوپېراتسىيە قىلىنغان بىرنەچچەيلەن ياتىسىمۇ، بىز پەقەت ئىككىمىزلا باردەك ھېس قىلاتتۇق.

— ئەمدى كېتەي، مىشا، — لىدا غەمكىن ھالدا خورسىنىپ، يەنە ئولتۇردى.

مەن ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ بارماقلىرىنى تۇتتۇم:

يەنە بىردەم ئولتۇرۇڭچۇ؟

— ئىككى مىنۇت، بولامدۇ؟

— بەش مىنۇت.

— خوپ، بەش مىنۇت، — ئۇ ماڭا يول قويدى.

بىز بەش مىنۇتلا ئەمەس، ئون بەش مىنۇتچە ئولتۇردۇق. ئۇنىڭ كېتىشىگە، لىيۇرىك كەلدى، ئۇ بىر خۇش خەۋەرمۇ ئېلىپ كەلدى:

فوتو ئاپاراتچى ئىزىك ئىزىكوۋىچ شۇمساگىر كەپتۇ، ئۇ ـــ ليۇرىك كىسەلخانىدىكى ھەممەيلەننى سەپكە تۇرغۇزدى.

كىسەل كارۋاتلىرىدا شىپىر ـ شىپىر ھەركەتلەر باشلاندى. ليۇرىك ئالمان ـ تالمان، خۇددى تانسىغا بارىدىغاندەك، ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى تارىغلى تۇردى.

ئۇ ئوغرىلىقچە مېنىمۇ ھويلىغا ئېلىپ چىقتى. باشتا، ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىدىم، تاشقىرىدىكى ھاۋادىن قاقىلىپ، بېشىم ئايلانغىلى تۇردى. بەختىمگە، ليۇرىك خېنىملارنى قولتۇقلىغاندەك بىلمەدىن تۇتۇۋالمىغان بولسا، يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتىم. ليۇرىك ئىككىمىز قۇچاقلاشقاندەك قىياپەتتە، ئەمىلىيەتتە بىر بىرىمىزنى يۆلەپ بىللە رەسىمگە چۈشتۇق. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ماگالمايتتى، لېكىن ئۆزىنى قەيسەر ئەزىمەتتەك كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى.

ئۇ يەردە قوشۇنغا پىدائى بولۇپ كىرگەن يەنە بىر گۋاردىيىچىمۇ بار ئىدى، ئۇ بىر ياردارنىڭ كەينىدە ئۇنى مۇرىسى بىلەن تىرەپ تۇراتتى. ئىزىك ئىزىكوۋىچ سېھىرىگەرلەر سېھىرىگەرلىك قىلغاندا دائىم ئىچىدىن بىر قۇشقاچنى ئۇچۇرىدىغان دۇگىلەك قارا رەختنى يېپىپ، زەمبىرەكچىلەر كوماندىرىدەك قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قوماندان-لىق قىلىشقا باشلىدى:

ـــ سولغىراق! سول تەرەپكىرەك! ھەببەللى! توختاپ تۇرۇڭ... ئىڭگىكىڭىزنى بىرئاز كۆتىرىڭ! چىرايىڭىزنى تۇرۇۋالماڭ، چىرا-يىڭىزنى تۇرۇۋالماڭ! مېنىڭچە، سىلەر رەسىمىڭلارنى ھەر ھالدا سۆيۈملۈك دۆلەت باشلىقىغا ئەۋەتمەيدىغانسىلەر؟ ئاناڭلارغا ئەۋەتىسىلەرغۇ! ئاناڭلارنى قورقۇتۇۋەتمەڭلار يەنە. بۇنىڭسىزمۇ، ئاناڭلار قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ تۇرۇپتۇ. دىققەت! بولدى! ئەمدى

ئۆۋىتى كەلگەن قەھرىمان چىقىسۇن!

ھەربى كىيىم، ئىشتان، ھەربى شەپكە، ئۆتۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆپچىلىك ئۆتكەن قېتىم لىدانى ئۈزىتىپ قويغان شاۋۋېيدىن ئارىيەت ئالدى. ھەربى كىيىمگە ھەركىم ئۆزىنىڭ مېداللىرىنى تاقىدى، خالاس. مېدالى يوقلارغا، رەسىمگە چۈشۈۋېلىشى ئۈچۈن، شاۋۋېي ئۆزىنىڭ قىزىل يۇلتۇز ئوردېنىنى بېرىپ تۇردى ۋە ھەر بىر يارىدارغا، كېسەلگە: "يېرىم لىتر هاراق بېرىسەن، جۇمۇ!" دەيتتى، ئۇلار بولسا: "ئۇنداق ئىچكىلى تۇرساڭ، غەرق مەس بولۇپ كېتەرسەن!..." دەپ جاۋاپ بېرەتتى.

شاۋۋېي ئۈچىسىغا كۆيىنەك، كونا، پاسكىنا كېسەللەر كىيىمى كىيگەن، پەقەت بۇرۇتىلا ئۇنى جەڭچىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ھويلىدا پاراڭلاشقاچ لاغايلاپ يۈرەتتى. جۇنۋېي گۇساكوۋغا ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىشكە نۆۋەت كەلگەندە، ئۇ غودۇڭشىدى، چۈنكى كىيىمنىڭ چېكى سۆكۈلۈپ كەتكەن ئىدى. شاۋۋېي كېيىنكى كۈنلەردە شەھەرگە "شوڭغۇش"تا كىيگۈدەك كىيىمى بولماي قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيتتى.

جۇنۋېي گۇساكوۋ كىچىك هارۋىدا ئىلىپ چىقىلدى. كۆپچىلىك ئۇنى تۇرغۇزۇپ، كەينىدىن مۈرىلىرى بىلەن تىرەپ تۇرماقچى بولۇۋىدى، لېكىن ئۇ كۆيۈپ-پىشىپ يۆلەكچە بولۇۋاتقانلارنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى، پۈتۈن ھويلىنى بېشىغا كىيىپ سۈرەن سالدى:

— مانا مۇشۇنداق تارت! خوتۇنۇم ئىككىمىز بەش بالىنى چوڭ قىلدۇق! خوتۇنۇمنى ئالدايدىغان ئىشنى قىلمايمەن!...تارت، قورۇپ كەتكۈر!...

ئىزنەك ئىزىكوۋىچ قاتتىق چۆچۈپ، تەمتىرەپ، كوتۇلدىغىلى تۇردى: مېنىڭغۇ كارىم يوق، مەن ھەرقانداق رىياللىقنى ئەكس ئەتتۇرۇشنى خالايمەن... لېكىن، ھەممەيلەن چىرايلىقراق كۆرۈنۈشنى خالايدۇ، مەنمۇ ئۇلارنى رەسىمگە چىرايلىقراق تارتىپ قويۇشقا پۈتۈن ئىمكانىيىتىم بىلەن تىرىشىمەن؛ ئۇلۇغ رۇس يازغۇچىسى دوستويېۋسكىمۇ...بۇ يازغۇچىنى بىلمەمسىز؟ ۋاھ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇلۇغ ئەسەر يازغان يازغۇچى! ئۇ نۇرغۇن قېلىن-قېلىن كىتابلارنى يازغان! شۇنداق ئەمەسمۇ، ھەتتا دوستويېۋسكىمۇ گۈزەللىك دۇنيانى قۇتقۇزىدۇ، دىگەن، بۇنى بىلەرسىز؛ ئالدىن ئېيتىلغان بۇ ھۆكۈم تېخى ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن ھامان مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ئىسپاتلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىمىز كېرەك...مۇنداق ئادەم قۇرۇق گەپ قىلمايدۇ، دىگەن گەپلەرنى سۆزلەپلا كەتتى...

ئىزنەك ئىزىكوۋىچنىڭ ياخشى نىيەتتە ئېيتقان بىر تاغار ۋەز-نەسىھەتلىرى گۈساكوۋغا تەسىر قىلمىدى. گۈساكوۋنىڭ چىرايى رەسىمدە چوڭ بىر پارچە ئاق نەرسىدەك كۆرۈنەتتى، ئۇ چىشلىرىنى چىڭ چىشلىگەن، پەقەت مېدال‍لار، كۆينىكىگە تاقىۋالغان بىرمۇنچە مېداللارلا تارتىلغان رەسىمدە كىچىك ھارۋىدا ياتقان جۇنۇۋېيغا ئاز-تولا جۇشقۇنلۇق-تېتىكلىك بېغىشلايتتى.

ئۇ نىمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا ۋەھشىلىشىپ، قاتتىق ۋاقىراپ جاقىرايدۇ؟ بۇنىڭ سەۋەۋى بار ئىدى. كىشىلەر جۇنۇۋېينى كىچىك ھارۋىدا ئىتتىرىپ كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئۇدۇلدىن — كارانتىن قىلىنغانلار كېسەلخانىسىدىن تىببى خادىملار كىچىك ئاق ھارۋىنى ئىتتىرىپ كېلىۋاتاتتى. جۇنۇۋېي بىردەم توختاپ تۇرۇشنى ئۆتۈنۈپ، ھېلىقى كىچىك ھارۋىنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان كىرلىكنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىر چېتىنى ئېچىپ، ئىچىگە بىرھازاغىچە سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن ئۇنىڭ خۇددى پور دەرەخنىڭ كاۋىكىدىن چىققاندىكىدەك سوغاق، ئۆزگىرىپ كەتكەن غەلىتىلا ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىش شۇنچە ئاسان ئىكەن ـ دە! بىر ئاچالدا ئىككى يول: بىرىدە يەرگە كۆمۈلىدىكەن، بىرىدە دۇنيادا ھايات ياشايدىكەن... — ئۇ قوپاللىق بىلەن ئېغىر قىمىرلىۋىدى، گىپىس، بىنتلار غاراسلاپ، بىرمۇنچە گەج ئۇۋاقلىرى تۆكۈلدى، ئارقىدىنلا ئۇ يۈزىنى يېنىدىكى كىچىك ھارۋىغا يېقىپ، ئىچى سىرىلىپ بوغۇق ئاۋازدا سۆزلىدى، — ئەلۋىدا، ئافوننىي! سېنى ساقلاپ قالالمىدۇق... — ئۇ ئۆزىنىڭ كىچىك ھارۋىسىدا كەينىگە يۆلىنىپ، گويا: "ھارۋىنى ئىتتىرىپ مېڭىڭلار، كىم قاياققا بېرىشقا تېگىشلىك بولسا، شۇ ياققا بارسۇن..." دېگەندەك قىلىپ، كەيپسىز ـ مەيۇس ھالدا قولىنى سىلكىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ليۇرىك چوڭ كېسەللىخانىغا يۆتكەلدى، خوشنامۇ كەتتى، مەنمۇ تەلەپ قىلىپ شۇ كېسەللىخانىغا يۆتكەلدىم. نۇرغۇن يارىدارلار كەلگەن، ئوپېراتسىيە قىلىنغانلار كېسەللىخانىسىغا كارۋات لازىم ئىدى.

ليۇرىك ئىككىمىزنى گوللاندىيىلىكلەرنىڭكىدەك مەشىنىڭ كەينىگە جايلاشتۇردى، ئىككىمىزنىڭ كارۋىتى جۈپلەشتۈرۈپ قويۇلدى. بۇ يىراقراق بىر بۆلۈك بولۇپ، خېلىلا جىمجىت، خىلۋەت ئىدى، دوختۇرخانىدىكىلەر باشقىلارنىڭ كۆرۈشىنى ئىستىمەيدىغان بىرەر ئىش قىلماقچى بولسا، مەشەگە كېلەتتى: قارتا ئوينايتتى، پاراڭ سېلىشاتتى، بىر ئىلاج قىلىپ ھاراق تاپقان بولسا، بىرنەچچە رومكىدىن ئىچىشەتتى.

شاڭشى شېستوپالوۋمۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ كېلىپ، مەشىنىڭ

كەينىگە سىغدالدى. بۇ يەر ئەسلىدىلا قىستا ـ قىستاڭچىلىق ئىدى ـ لېۇرىك ئەزەربەيجانلىق كولىيە بىلەن قارتا ئويناپ، بىر بىرىنىڭ بۇرنىنى قارتا بىلەن قىرىپ، قىرىپ بولغاندىن كېيىن يەنە كەينىگە تارتاتتى. كولىيەنىڭ بۇرنى ئەسلىدىلا ئاجايىپ چوڭ ئىدى، لېۇرىك ئۇنى: قارتا ئوينىغاندا ھىلە ـ مىكىر ئىشلىتىدىكەن، ھىلىگەر ـ قۇۋ ئاسىيالىق! دەپ قارتا بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى قىرىپ يۇرۇپ مايماق قىلىپ قويدى. ھەر بىر قىرغاندا، كولىيە بۇرنىنى تارتىپ ـ تارتىپ قوياتتى ۋە ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى ئاقلايتتى:

— بىز شەرقلىقلەر مۇھەببەت باغلاشتا بولسۇن، قارتا ئويناشتا بولسۇن، ھىلە ـ مىكىر ئىشلەتمەيمىز. بىز شەرقلىقلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى شېرىن خىياللار بىلەن تولغان!...شەھەرىزاتنى① بىلىدىغانسەن؟ مانا ئۇنى شەرق مىللەتلىرى ئويلاپ چىقارغان!...

— لېكىن سەن رۇسلارنىڭ "ئەخمەقنى تۇتۇش" ئويۇنىنى ئويناشنى ئۇقمايسەن.

— ئۆگىنىۋالغىلى...بولىدۇ!

شېستوپالوۋ قارتىنى كارۋاتنىڭ باش تەرىپىدىكى كىچىك جاۋەننىڭ ئۈستىدىن يىغىشتۇرۇۋېتىپ، كارۋات ئاستىدىن بىر ئىستاكاننى ئېلىپ، لىق بىر ئىستاكان لايقا سۇيۇقلۇقنى قۇيۇپ گۇپپىدە ئىچىۋەتتى ـ دە، ئۆزىگە ئۆزى:

— ئا...ئاھ، ئەزىزىم! — دىدى كۆزلىرىنى يېرىم ـ ياتا يۇمۇپ پەس ئاۋازدا، — بولدى! بەس! ئەمدى ئەس ـ ھوشۇمنى تاپتىم،

---

① ئەرەپلەرنىڭ قەدىمقى چۆچىكى «مىڭ بىر كېچە»دىكى ئايال باش قەھرىمان. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كۆڭلۈم يايراپ كەتتى!...

شىستوپالوۋنىڭ ئۇڭ قولىدا ئەسلىدە ”ئالماس“ كۆزلۈك ئالتۇن ئۈزۈك بار ئىدى، ئۇ ئۈزۈكنىڭ ئاق مارجىنىنى ئالماس دەپ ئاتايتتى لېكىن ھازىر ئۇنىڭ قولىدا ئۇ ئۈزۈك كۆرۈنمەيتتى. شىستوپالوۋ لېۇرىك بىلەن ئەزەربەيجانلىق كولىيەگىمۇ يېرىم ئىستاكاندىن ھاراق قۇيۇپ، ئاندىن گرېلكىنى ئىشتىنىنىڭ لېپىزىگە قىستۇرۇپ، تاماكا چېكىشكە باشلىدى. لېۇرىك ھاراقنى ئىچىۋېتىپ تىن ئالالماي قېلىپ، بېشىنى ھە دەپ قاتتىق چايقايتتى. كولىيە بولسا ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، شەيتانلىق قىلىپ تەرىنى پۈرۈشتۈردى.

— مۇشۇمۇ ھاراقمۇ؟! مېنىڭ يۇرتۇم ئاكستافاغا بارغىن، ساڭا ھاراق دىگەنىنىڭ ئىسلىنى قۇيۇپ بېرىمەن! ھىم...ھىم! — ئۇ توگۈۋالغان بارماقلىرىغا سۆيدى. — مۇنداق ھاراقنى چۇسا ئۆلتۈرۈشكىلا ئىشلەتسە بولغۇدەك، ياكى ئۆلۈمدىن قورقماسلىغى ئۈچۈن، جازالانغانلارغا ئىچكۈزسە تازا باپ كەلگۈدەك.

— بەلكىم، مانا مەن جازالانغان ئادەمدۇرمەن؟ — شىستوپالوۋنىڭ كۆزلىرى خۇنۇكلەشتى، ئۇ ئىچىدە: يەنە ئىچەيمۇ، ياكى بىردەم تەخىر قىلايمۇ؟ دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۆرەشنى چىرايىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى.

لېۇرىك ئەزەربەيجانلىق كولىيەنىڭ بۇرنىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قىردى، يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن كولىيە توكۈرۈك قاچىسىغا پوتلىسىنى تاشلاپ، بۇرنىنى ئېھتىيات بىلەن سىلىدى، غەمگە چۆمۈپ ئولتۇرغان شىستوپالوۋ تەرەپكە بۇرۇلۇپ دىدى:

— نىمىشقا ئولتۇرىسەن؟ نىمىشقا قاراپ ئولتۇرىسەن؟ ھاراق بار تۇرۇقلۇق، قاراپلا ئولتۇرغىنىنى! ئۆزەڭنىڭ ئىچكۈڭ يوق بولسا،

مېھمانلارغا قويمامسەن، — ئۇ ئۆزىنىڭ كۆكرىگىنى كۆرسەتتى، — يېڭىلگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ياسىساڭچۇ!

شوندىاق قىلىپ، ئۇلار گرېلكىدىكى ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتتى. شېستوپالوۋ غەيرەتلىنىپ، دېرىزىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، دوختۇرخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىن بازارغا غىپپىدا تىكىۋەتتى. ليۇرىك بىلەن ئەزەربەيجانلىق كولىيە يەنە داۋاملىق قارتا ئوينىغاچ: سەن ھاراقنى تاشلىدىڭ، ئۇزۇنغا بارماي تاماكىنىمۇ تاشلىساڭ كېرەك، ئىشىق ئوتىدا كۆيۈپ، قايسى دەرىجىگە يېتەرسەنكىن، دەپ چىشىمغا تەگدى.

سېستىرا پانىيە كېسەلخانىغا كىرىپ كەلدى، ئۇ ئىلگىرىكىدەك ھەيۋەتلىك، ئايال پادىشادەك تەكەببۇرانە كولۇمسىرىگەن قىياپەتتە ئىدى. مەن: ”دىققەت!“ دىگەن مەنىدە ئىسقىرتتىم. ھەمرالىرىم دەرھال قارتىنى تىقىۋېتىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئىس-تۈتەكنى تارقىتىۋەتتى. لېكىن، پانىيە يېنىمىزغا كېلىپ قالغان ئىدى، ئۇ ئورمانلىقتىكى سەزگۈسى ئۆتكۈر، تۇيغۇن كىچىك ھايۋان — قارا يىلپىزغا ئوخشاش، ئاپپاق بۇرنىنى پۇرۇپ، ھالىرەڭ بۇرۇن تۆشۈكىنى مىدىرلىتىپ پۇردى. شېستوپالوۋ تولۇن ئايدەك تولغان، ئاپپاق پانىيەگە كۆيۈپ-پىشىپ يۈرەتتى. ئۇ: ئۇنىڭغا خىلۋەت يەردە ئۇچرىشىپ قالمىسام بولاتتى! ئۇچرىشىپ قالسام، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قېلىپ، يەنە تەنبىھ يېيىشىم مۇمكىن، مەن ئىككى قېتىم تەنبىھ يىگەنمەن... — دىگەن ئىدى.

— ئوبدان پانىيە، كەلگىنە ”ئەخمەقنى تۇتۇش“ ئويۇنىنى بىر ئوينايلى! — ئەزەربەيجانلىق كولىيە سېستىرانى ئويۇنغا تەكلىپ قىلدى. پانىيە كولكىسىنى يىغىشتۇرۇپ، دەرگۇمان بولۇپ ھە دەپ

پۇرايتتى.

— مەن سىلەر بىلەن قارتا ئوينىماي! سىلەر بىلەن قارتا ئويناي!...

— نىمە ئىش بولدى؟ — ليۇرىك بىلەن ئەزەربەيجانلىق بىر بىرىگە كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ھېچنىمىنى چۈشەنمىگەنىدەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. — ھىم، ئەبلەخلەر! ھىم، تېخى ئويۇن كۆرسىتىشىۋاتقىنىنى! — مەن ئۆزەمنى تۇتالماي، پىخىلداپ كۈلۈپ، ئىتتىك يۈزۈمنى تام تەرەپكە ئۆرۈۋالدىم.

— ئاغزىڭلاردىن هاراق پۇراپ تۇرىدۇ، مانا شۇ ئىش!

— بۇرنۇڭ كارامەت ئۆتكۈر ئىكەن! ۋاھ...ۋاھ! — دىدى ئەزەربەيجانلىق كولىيە ھەيران بولۇپ. — پانىيە، شۇنداق بولغاندىكىن، بىرىپ جاسۇسلارنى تۇتساڭ بولغۇدەك!

— جاسۇسلارنى تۇتقۇدەكمەن! سىلەرنى تۇتۇپ، مۇدىر دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارىمەن! — ئۇ بىردىنلا ماڭا سۆزلىدى، — مىشا، سەن خىجالەت بولمامسەن؟! بىر ئوبدان يىگىت تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق ئەخلاقسىز بىرنىمىلەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگىنىڭنى قارىمامدىغان!...

ئۇ بۇرۇلۇپ، كېسەلخانىدىن ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كەتتى. ليۇرىك ئۆزىنى كارۋاتقا ئېتىپ، ئىككى پۇتىنى ئىگىز كۆتىرىۋىدى، ساغرىسىدىكى ياماقمۇ كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ مېنى كۆرسىتىپ شۇنداق قاقاقلاپ كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى، كۈلكىسى ھۆكىرەپ يىغلاۋاتقاندەك ئاڭلاندى. ئەزەربەيجانلىق كولىيەمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمىدى. ئۇلار مەن توغرىلىق يەنە بىرنىمىلەر دىمەكچى بولدىيۇ، تولىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كەتكەچكە، دىيەلمەي قالدى.

ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئاغزىغا بىردىن تەستەك سېلىپ، ئورنۇمـ
دىن قوپۇپ، توك بىلەن داۋالاش بۆلۈمىگە بېرىپ كابانى تاپتىم،
ئاندىن ئايال ئۇۋۇلىغۇچىنى تاپتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن...

سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر كېسەلخانىسىغا بېرىشىم بىلەنلا، كېسىلىم خېلىلا ياخشىلىنىپ قالدى. قولۇمنى مىدىرلىتالايدىغان بولدۇم، شۇنىڭ بىلەن چېنىقىشقا كىرىشىپ كەتتىم. ئايال ئۇۋۇلىغۇچىدىن قولۇمنى ھەر خىل ئۇۋۇلاشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ئۆزەممۇ ئۇيۇشۇپ قالغان بارماقلىرىمنى دائىم سوزۇپ-يىغىپ، ھەركەتلەندۈرۈپ تۇردۇم. تاماكىنى تۇتالايدىغان بولدۇم، ئەلۋەتتە، بۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، ھەر مىنۇت-ھەر سائەتتە، قىسقىسى، ھەرقاچان لىدانى كۈتەتتىم. ئۇ سوتكا ئارىلاپ نۆۋەتچىلىك قىلغىلى كېلەتتى، مەن بۇ بىر سوتكىنى بىرنەچچە بۆلەككە بۆلەتتىم، شۇنداق كۈتۈش ماڭا يەڭگىلرەك چۈشەتتى. مەن ئىچىمدە ئۆزەمگە كۇسۇرلايتتىم: "يەنە يېرىمى قالدى"، "يەنە ئون سائەت قالدى"، "يەنە تۆت سائەت بار"، "ئەمدى بىر سائەت قالدى".

يەنە بىر سائەت قالغان مەھەلدە، كىيىم يۆتكەش بۆلۈمىگە بېرىپ، شۇ يەردە ئايلىنىپ يۈرەتتىم.

چوڭ ئىشىك كەڭ ۋە ئەينەكلىك بولغاچقا، لىدا ھويلىدىكى چاغدىلا، ئۇنى كۆرەتتىم. ئۇ دائىم بىردانە تۆمۈر بۇرجىكى چۈشۈپ قالغان سومكىسىنى كۆتىرىۋالاتتى. لىدا تىببىي ئىنىستىتۇتتا ئوقۇيتتى، دەرستىن چۈشۈپ، ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كېلىپ ئىشقا چۈشەتتى.

لىدا ئۇچىسىغا ئىنچىكە بەللىك قىسقا پەلتو كىيگەن، بويىنىغا قۇيرۇغى ئۇزۇن، ساغۇچ-قوڭۇر تۈلكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن شارپا ئورىغان، بېشىغا خىمىيىۋى دورا بىلەن پاكىز يۇيۇلغان دۈگىلەك يۇمشاق بۆك

www.uyghurkitap.com

كىيگەن ئىدى. ئۇنىڭغا سېرىق رەڭلىك كىيىم تولىمۇ يارىشاتتى.

ئۇنىڭغا ھەرقانداق كىيىم يارىشىملىق ئىدى. دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلار ۋە بىز لىدا كىيىنىشكە بەك ئىپتىۋار قىلىدۇ. ھەرقانداق كىيىمى تەييار، دەپ ھېسابلايتتۇق. كېيىن ھاڭ-تاڭلا قالدىم، چۈنكى، ئۇقۇشسام، ئۇنىڭ پەقەت ئىككى كۆينىكى، بەلۋېغى بار ھېلىقى قىسقا پەلتوسىلا بار ئىكەن.

يىراقتىن قاراپ لىدانى بىر پەس تاماشا قىلغاندىن كېيىن، كارىدوردىن غىپپىدە تىكىۋەتتىم. كېيىن، ئۇنىڭ پەلتوسىنى يېششكە كېتىدىغان ۋاقتىنى ئېنىق ھېسابلاپ، ئالدىرىماي-تېنىمەي، ئالچاڭلاپ، ھېچنىمىدىن غېمى يوق ياشلاردەك ئىسقىرتىپ ماڭدىم. بۇرۇلىدىغان يەردە "ئۇشتۇمتۇت" لىدانى ئۇچرىتىپ، ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتىم:

— ھە، لىدا! سالامەت تۇردىڭىزمۇ! كۈنلىرىڭىز ئوبدان ئۆتۈۋاتقاندۇ؟

— سالام، مىشا! قەدىر ئەھۋال كېتىۋاتىمەن، — دىدى ئۇ ھارغىن ھالدا ياخشى نىيەت بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

ئۇنىڭ بىر ئۇتتۇر چىشى سەل قىڭغىرراق ئىدى، مەن ئۇنى بەك ياقتۇراتتىم. لېكىن ئۇ چىشىنى ياقتۇرىدىغانلىقىمنى بىلىندۈرمەي، سوغاق تەلەپپۇزدا سۆزلىدىم:

— كۆڭلىڭىز تارتقاندا، بىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ ئويناڭ.

— ماقۇل، چولام تەگسىلا، چوقۇم كېلىمەن.

لېكىن، كۆپ ھاللاردا، ئۇنىڭ چولىسى تەگمەيتتى، شۇڭا ئىلاجسىز بىر سوتكىغىچە ئۇنى كۈتەتتىم.

ناگان-ناگاندا، لىدا ئاخشىمى كېسەللەرنى تەكشۈرۈپ بولۇپ،

ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، بىر-ئىككى سائەت قولى بوشاپ قالغان چاغلار-دىلا، مەشىنىڭ كەينىگە ھىكايە ئاڭلىغىلى كېلەتتى. مەن ئەزەلدىن ھىكايە ئېيتىشنى بىلمەيتتىم. لېكىن، شۇ تاپتا قىزغىنلىقىم ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. قارىغاندا، ئوبدان سۆزلىگەن بولسام كېرەك، لىدا ۋە ئەسكەرلەر ھىكايەمنى زوق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايتتى.

ئۇزۇنغا بارماي، بىلىدىغان ھىكايىلىرىمنى سۆزلەپ بولۇپ، ئۆزەم ھىكايە توقۇشقا باشلىدىم. ئەتىمالىم، بۇ ھىكايىلەر ئىنتايىن قىزىقار-لىق بولسا كېرەك، چۈنكى مەن كىتاپلاردىن ئوقۇغانلىرىمنى، كىنو-فىلىملەردىن كۆرگەنلىرىمنى، ھەر خىل-ھەر ياڭزا، راست-يالغانلار-نىڭ جىمىسىنى قوشۇپ سۆزلەيتتىم. لېكىن، ھۆددە قىلىمەنكى، بۇ ھىكايىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بىر بىرىگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

ھازىر، كۆپىنچە، "زىيالىقتىن ئايرىلغان" دېيىلىدىغان بۇ خىل-دىكى ھىكايىلەرنى دارىلئېتامدىكى ئىلگىرىكى سەرگەردان باللاردىن ئاڭلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇلارنى دىتىمغا ياقىدىغان قىلىپ توقۇپ چىقتىم. ھىكايىلىرىمنىڭ قەھرىمانلىرى قاراقچىلار ۋە قاتىللار ئەمەس، بەلكى ئالىجاناپ، باتۇر جەڭچىلەر ئىدى، سودىگەرلەرنىڭ قىزلىرىنىڭ ئورنىنى جەڭ مەيدانىدىكى ئايال سېسترالار ئالدى، ئۇنى تۇرۇپ مەلىكە دەپ، تۇرۇپ ئايال پادىشا دەپ ئاتايتتىم. ئۇلار ئىنتايىن چىرايلىق ساھىپجامالىلار بولۇپ، كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن ساق-سالامەت قالاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن، نەتىجىسى بەخت-سائادەت بىلەن ئاياقلىشىدىغان بارلىق ھىكايىلەردىكىدەك بولاتتى: ئۆي-ئوچاقلىق بولاتتى، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلەتتى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاتنىشىپ، توي ھارىغىنى ئىچكەن بولۇپ

www.uyghurkitap.com

چىقاتتىم، ۋاھــاكازالار.

بۇ، ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ ئىسىل ھىكايىلەر ئىدى! لىدا ھىكايىنى ئۆزەم توقۇۋاتقىنىمنى پەملىگەن بولسىمۇ، گېپىمنى بۆلمەي، ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى. ئۇ مېنىڭ مۇنداق كۆيۈپ-پىشىپ يۈرۈشۈم ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھىكايە ئاڭلاۋاتقان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ماختاۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى.

دوختۇرخانا ئىچى ۋاڭ-ۋۇڭ قايناپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاتپاراقچىلىق ئىدى — يېڭى يىلغا تەييارلىق كېتىۋاتاتتى. تىكۇچىلىك كارخانىسىنىڭ ياردەمچى-يېتەكچىلىرى① كەلمەكچى، تىببىي ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چالغۇچىلار ئۆمىكىمۇ كېلىپ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى ئىدى. ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا بىلەن ئۇنىڭ ياراملىق شاگىرتى، قوشۇمچە ياردەمچىسى لىدا سەپەرۋەر قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئاگنىيە ۋاسلىيېۋنا تىببىي ئىنستىتۇتنىڭ مەلۇم يىللىق سىنىپىغا دەرس ئۆتەتتى. تىككۈچىلىك كارخانىسىنىڭ ئايال ئىشچىلىرىنى بولسا شېستوپالوۋ تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى، ئۇ بىزنىڭ ۋە باشقا دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ئىچ كىيىملىرىنى ياماپ بېرىدىغان، ئەرلىرىدىن ئايرىلغىنىغا ئۇزاق

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زاۋۇت-كارخانا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەكتەپلەرگە خالىسانە ياردەم بېرىدىغان "ياردەم بېرىش-يېتەكلەش" تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. بۇ خىزمەتكە قاتناشقانلار "ياردەمچى-يېتەكچى" دەپ ئاتىلاتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا، ياردەم بېرىش-يېتەكلەش ئوبيېكتى ھەربىي دوختۇرخانىلارغىچە كېڭەيگەن ئىدى.

بولغان زامانىۋى كىيىم-كېچەك ئايال ئىشچىلىرى بىلەن ئالىلقاچان تونۇشۇپ كەتكەن ئىدى.
بايرام پائالىيىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلـۈپ ئېـلىپ بېرىلـماقـچى ئىدى: ئاۋال ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرى كېلىپ مۇزىكا كېچىلىكى ئۆتكۈزمەكچى، ئەتىسى تىكۈچىلىك كارخانىسىنىڭ ئايال ئىشچىلىرى كەلمەكچى ئىدى، شېستو پالوۋ ئۇلار ئاز-تولا نەرسە-كېرەك ئالغاچ كېلىدۇ، دەپ پۈرىتىپمۇ قويىدى.
كارىدوردىن تاڭ-تۇڭ، داراڭ-دۇرۇڭ قىلغان ئاۋازلار تىنـماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەممىدىن بەك پايپېتەك بولۇپ يۈرگىنى مەدەنىي كۆڭۈل ئېـچىـش ھەيئـىتى ئـىلا بولۇپ، ھەمـمىـلا يەردىـن ئۇنىڭ چاقىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى:
— بولقا قېنى؟ بولقىنى كىم ئېلىپ كەتتى؟ سىلەر تامدىكى رەسىمـنى يىرتىۋېتىڭلار! رەسىمنى يىرتىۋېتىڭـلار، دەۋاتىـمەن! ئىمانـداق چۈشەنمەيسىلەر، بۇ قانداق گەپ؟ ياق، يولداشلار، بۇ قاملاشمىدى! مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، چىدىغۇچىلـىكىم...قالمىدى! مەن ئۆزەممۇ مېـكىـىسى چايـقالغانـلار كېسەلـخانـىسـىغا بېرىـپ ياتـسام بولغۇدەك!...
كۆپچىلىك پىيانىنونى ئىتتىرىپ زالغا ئېلىپ چىقتى. ھورۇنلۇقى تۇتمىغانلار بېرىـپ پىيانىنونى بېسىپ-بېسىپ قوياتتى. ئىلا يارىـدار، كېسەللەرنى پىيانـىنونىڭ يېنىـدىن قوغلايتـتى، ئۇنىڭ چاچـلىـرى پاخپايـغان، يۈز-كۆزلـىرى تەرگە چۆمـگەن، ئۇ كارىـدوردا پۈتى يەرگە تەگمەي، ئۇيان-بۇيان شاپاشلايتتى، بارغانـلا يېرىدە يوليورۇق بېرەتتى. ئۇ دائىم رەھبەرلەرگە ۋە ئۆزىگە: مۇنداق كېتىۋەرسە، قانداقمۇ چىدىغىلى بولسۇن، ئېلىشىپ قالايلا دەپ قالدىم، دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زارلىناتتى...

مۆرىتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، ئايال خۇدا كوللىنىس ھەققىدە، بۇرنى بىلەن سۆيۈشىدىغانلار (تازىمۇ كۆلكىلىك!) ھەققىدە پاراڭ سالغان ھېلىقى ساراڭ ساقىلىنى سىلاپ، ئوڭايسىزلانغان ھالدا: كىسەلخانىدا مېڭىسى چايقالغان كىسەللەر بار، بىلەمسىلەر، مۇزىكا ئۇلارغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ ئۇلانى ئاگاھلاندۇردى.

— بىلىمەن، بىلىمەن! — ئۇلا ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — لېكىن، ھازىر ھەممەيلەننىڭ ئەس-ھۇشى جايىدا ئەمەس! مەنمۇ ئەقلىمدىن ئازاي دېدىم! ھەممەيلەننى ئەركىلىتىپ يامان ئۆگىتىپ قويدۇق، ئۇقامسەن!...

جۇغى كىچىك بوۋاي خىجالەتچىلىكتە يەنە ساقىلىنى سىلاپ، غىپپىدە 9-كىسەلخانىغا قايتىپ كەتتى.

ئۇزۇندىن ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلدى! كىسەل كارۋىتىدا ياتقانلار جىرغا ۋە كىچىك ھارۋىلاردا بىر-بىرلەپ سىرتقا ئېلىپ چىقىلدى، مۇزىكا ئولتۇرۇشى باشلاندى.

تىببىي ئىنستىتۇتتىن كەلگەن بىر يىگىت ئىتتىك سۇرئەتتە دۇمباق چالدى، يەنە بىرى كاناي، ئۈچىنچىسى ساكسوفون چالدى، ئۇزۇن چاچ قويغان، ئىشتىنىغا ياماق چۈشكەن ئوقۇغۇچى ئەپچىللىك بىلەن ئىسكىرىپكا سىمىنى تارتاتتى. قىزلار ھەر خىل ناخشىلارنى ئېيتتى، ناخشىلارنىڭ مۇھەببەت ھەققىدىكىلىرىمۇ، ئۇرۇش ھەققىدىكىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئىنستىتۇت ئوقۇغۇچىلىرى ساز چالغان ۋە ناخشا ئېيتقاندىن تاشقىرى، كۈلكىلىك تىياتىرمۇ ئويناپ چىقتى. تىياتىرنىڭ بىر

پەردىسى بولۇپمۇ كۆلكىلىك ئىدى: بىر ”نېمىس“ يۈزىگە كۆمۈر قارىسى بىلەن ساقال سىزىۋالغان، قولىغا ھاسا تۇتقان، ئۇچىسىغا جۇل-جۇل نېمىس ھەربى كىيىمى، بېشىغا تۆشۈك پولات قالپاق كىيگەن ھالدا ساقلىقنى ساقلاش-يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمىدىن چىقتى. ئۇچىسىغا بومازى چاپان كىيگەن، بېگىنىڭ جەينەك قىسمىغا ياماق چۈشكەن، لېكىن گالستۇك تاقىۋالغان ئوقۇغۇچى مۇزىكا ئولتۇرۇشنى باشقۇردى، ئۇ بۇرنىدا گۇدۇڭلاپ ئۆزىنى ”ئېلانچى“ دەپ ئاتىدى. شۇ تاپتا، ئۇ ھېلىقى ”نېمىس“قا قاراپ قويۇپ، بىزدىن سورىدى:

— ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇ قانداق رول؟ — ئاندىن بۇرۇلۇپ ”نېمىس“تىن سورىدى، — ھوي، بىز سىزنى بۇ يەرگە چىللىمىغاندەك ئىدۇققۇ؟

كارىدوردا بىر پەس قاتتىق كۈلكە جاراڭلاپ، يەنە جىمىپ قالدى — ھەممەيلەن: ھېلىتىنلا كۈلكىمىزنى باسالماي قالغىنىمىزغا قارىغاندا، كېيىنكى ئويۇن تېخىمۇ قىزىقارلىق بولسا كېرەك، دىگەن يەرگە كەلدى.

— مەن ستالىنگرادتىن قېچىپ چىقتىم، — ”نېمىس“ بىچارىلەرچە زارلاندى، — مەن مۇشۇ ھاسام بىلەن قەدىرلىك دۆلەت باشلىغىنى راسا دۇمبالاي دەيمەن!...

شۇ پەيتتە، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈۋىدى، چىراقنىڭ ئوتىمۇ لەپىللەپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن غۇلغۇلا باشلاندى:

— بېرىپ دۇمبالىغىن!

— لېكىن پۇتۇڭچۇ، پۇتۇڭنى قانداق قىلىسەن؟ پۇتۇڭ ئاقساققۇ!

— سەن بېرلىنغا يېتەلەمسەن؟

— قاراڭلار، ئۇ ستالىنگراد جېڭىدىن كېيىن ئەقىلسىز بولۇپ قاپتۇ! — دېدى سوغاققىنا كۈلۈپ ئېلانچى.

— ئەقىلسىز بولۇپ قالدىم! ئەقلىمنى تاپتىم، — «نېمىس قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، يەنە بىرنىمە دېمەكچى بولۇۋىدى، بۇ ئويۇننى جۇڭبۇي گۇساكوۋ بۇزۇۋەتكىلى قىل قالدى. يېقىندىن بۇيان، ئۇ ھەمىشە شېستوپالوۋ بىلەن بىللە ئىدى. قارىغاندا، بۈگۈن ئۇ ئىككىسى بىر گىرىلكا ھاراقنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر بوتۇلكا ھاراقنىمۇ ئىچىۋەتكەچكە، جۇڭبۇي سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويدى ۋە كىچىك ھارۋىدىن كۆتىرىلىپ، ۋاڭ-چۇڭ كۆتەردى:

— ئەقلىڭنى تاپتىڭمۇ؟! قانخور، ئىلگىرى قانداق ئويلىغۇدىڭ؟ كاللاڭ نەگە كېتىۋىدى؟ كۆپچىلىككە دەپ باقە قېنى!...

— سۆزلە، ھايۋان، بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىپ قويىمىز!... — شېستوپالوۋ جۇڭبۇيغا بولۇشتى، باشقا يارىدارلارمۇ دەرغەزەپ بولۇپ ھۆكۈردى.

تاماشابىنلار مىڭ تەسلىكتە تىنچىدى. «نېمىس»نىڭ ھەتتا ئىلاجسىز پولات قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي رۇس يىگىتى ئىكەنلىكى، تىببىي ئىنستىتۇتتىن كەلگەنلىكى، ئەسلا دۈشمەن ئەمەس، بەلكى دوختۇرخانىنىڭ ياردەمچى-يېتەكچىلىرىدىن ئىكەنلىكى، بۇ پەقەت فاشىستلارغا قارشى سەنئەتتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىغا توغرا كەلدى. لېكىن، ئوقۇغۇچىلار «نېمىس» قاتناشقان ئويۇنلارنى قويۇۋېرىشكە پېتىنالمىدى، كېيىنكى نومۇرلاردا ھەجۋى قوشاق، ھاسىغا تايىنىپ تانسا ئويناش، ئاخىر «نېمىس» كاسىسىغا تېپىپ يېيىش قاتارلىق ئويۇنلار كۆرسىتىلەتتى. باشقا ئورۇنلاردا بۇ

نومۇر زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئاقمى-
دى، چۈنكى بۇ يەر ئادەتتىكى دوختۇرخانا ئەمەس، بەلكى نېرۋا
پاتولوگىيىسى دوختۇرخانىسى ئىدى. تىببىي خادىملار بۇنى ئېسىدىن
چىقىرىپ قويغان، رەھبەرلىكمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.

شۇنى ئېيتماي بولمايدۇ، رەھبەرلىك بۇنى ئېسىدىن چىقىرىپ
قويماسلىقى كېرەك ئىدى!

ئارتىستلارنىڭ يېنىدا ئۇلار ئۆزلىرى ئالغاچ كەلگەن بىرنەچچە
شام، تاملاردا بىرنەچچە تام چىرىغىلا يورۇپ تۇرغاچقا، كارىدور
ئىچى غۇۋا يورۇق ئىدى. كارىدورنىڭ يىراقراق ئۇ بېشىدا قىزىل
كىرلىك بىلەن توسۇپ قويۇلغان 9-نومۇرلۇق كېسەلخانىنىڭ ئىشىگى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىك كەينىدىمۇ بەزىلەر تۇرمۇش كەچۈ-
رەتتى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى هازىرچە هەممەيلەنگە
قاراڭغۇ ئىدى.

مۇزىكا ئولتۇرۇشى كىچىككىنە بىسەرەمجانلىقتىن كېيىن يەنە
داۋاملىشىپ، ئۆز يولىغا چۈشتى. كۆپچىلىك ئارقىمۇ-ئارقا بىرمۇنچە
ئويۇنلارنى كۆرسەتتى. ساغۇچ چاچلىق قىز شۇ چاغلاردا مەڭگۈ
ئۆچمەيدىغان «چىراق نۇرى»①نى ئېيتىپ بولدى، لېكىن لىدا
تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. "ئۇ كەلمەسمۇ؟" دەپ ئويلىدىم مەن مەيۈس-
لەنگەن هالدا.

مۇزىكا ئولتۇرۇشىغا قاتنىشىش ئىشىدا ئالدىن كېلىشىۋالمىغان
بولساقمۇ، چوڭ ئەسكەرلەرنىڭ تارتىنىۋېلىشىغا يول قويماي، ئۇنىڭغا

---

① سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە تارقالغان ناخشا، بۇ
ناخشىنىڭ تېكىستىنى مەشهۇر سوۋېت شائىرى ئىساكوۋىسكى يازغان.

www.uyghurkitap.com

بىر ئورۇننى ساقلاپ قويغان ئىدىم. بۇرۇت قويۇۋالغان ھېلىقى ئوفىتسېرمۇ مەن ئولتۇرغان قاتاردا ئولتۇرۇپ، ئەتراپىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. مەن قارىمىغان بولساممۇ، لىدانىڭ قاچان كەلگەنلىگىنى بىلىۋالدىم. ئوفىتسېر شارتتىدا قوپۇپ، ئورنىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈندى. مەن ئۇلارغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، يۈزۈمنى ئۆرۈۋالدىم.

— سىز ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ. — دىدى لىدا پىچىرلاپ ئوفىتسېرغا ۋە ئۆزىنى ئاقلاۋاتقاندەك ئەدەپ بىلەن قوشۇپ قويدى، — بوش ئورۇن تۇرسا، سىز نىمىشقا ئۆرە تۇرىسىز.

قارىغاندا، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدىن ياكى باشقا نىمىدىن مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرمىسا، چىقىپ كېتىپ بىرەر چاتاق چىقىرىشىمنى — دېرىزە ئەينىگىنى، چىراقلارنى چېقىشىمنى ۋە ياكى چۇقان-سۈرەن سېلىشىمنى پەملىگەندەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، شۇ ھامان پۈتۈن زېھنى بىلەن سازەندىلەرگە قارىدى.

مەنمۇ تەڭكەش قىلىنىۋاتقان مۇزىكىغا جىددى تۇردە قۇلاق سېلىپ، سازەندىلەردىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم.

تاماشابىنلار چاۋاك چېلىپ، جانلىنىپ كەتتى، مەنمۇ ئاستا ئەگىشىپ چاۋاك چالدىم. كىمدۇ بىرەيلەن قاتارىمىزغا قىستۇرۇلۇپ، مېنى لىدانىڭ يېنىغا سىغداپ قويدى. مەن ھودۇقۇپ ئۆزەمنى قاچۇرۇپ، يەنە بىر تەرىپىمدە ئولتۇرغان ئىلگىرىكى خوشنامنى چىڭ قىستىدىم. تەلىيىم ئوڭدىن كەلدى!

— نىمە، مەن سېنىڭ تاختاي تېمىڭمىدىم، ھە؟ تاختاي، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى ئۇ تاقەت قىلالماي.

— قوغۇشۇن! — ۋاقىرىدىم مەن.

"تاختاي" ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ماڭا تىكىلىپ، كۆزلىرىنى

چىمچىقلىتىپ قويدى ـ دە، بىرنىمە دىمىدى.

شۇ چاغدا، ئېلانچى گىتىلېر ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنى مەسخىرە قىلىدىغان كۈلكىلىك گەپلەرنى دەپ بولۇپ، ھەقىقىي پايتەخت ئېلانچىسىنىڭ ئاھاڭىنى دوراپ، دىمىغىدا ئېلان قىلدى:

ــ جەڭچىلەر چىن دىلىدىن ياقتۇرىدىغان ناخشا ــ «قىزچاق!»

بىر قىز تەبەسسۇم بىلەن پىيانىنونىڭ قېشىغا كېلىپ، بىزگە تازىم قىلغاندىن كېيىن، ناخشىنى باشلىدى:

تىنماي كېچىچە چىقىپ شۇۋىرغان،
قارنى دۆۋىلىدى چوڭ ـ كىچىك يولغا.
ياتار جان قوزام كىچىك كارۋاتتا،
لاتا ئېيىقنى تېڭىپ باغرىغا...

قىز ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىنىڭ كىچىك قىزىنى سېغىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى، ناخشىدا يېرىم كېچىدە، كەسكىن جەڭ ئارىلىقىدىكى ئارام ئېلىش پەيتىدە، بۇ جەڭچى ــ دادىنىڭ ئاكوپتا كىچىك قىزىنى ياد ئەتكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن ئىدى. قىز بۇ ناخشىنى ئاتا تەلەپپۇزىدا ئېيتىۋىدى، نىمىشقىدۇ ئاجايىپ تەسىر قىلىپ، كىشىنىڭ يۈرىگىنى ئېزىۋەتتى.

9 ـ نومۇرلۇق كېسەلخانىنىڭ ئىشىگىدىكى كىرلىك لەپىلدەپ، ئىچكىرىدىن بىر "ئىۋان" ــ ئۆتكەن قېتىم ماڭا "ناخشا ئېيت...ما" دىگەن ھېلىقى ئىۋان سوغۇرۇلۇپ چىقتى. ئىۋان ئىشىك كېشىگىگە يۆلەنگىنىچە، ناخشىغا قۇلاق سالدى. مەن ئەنسىرەپ ئۇنىڭ ھەركىتىنى كۈزەتتىم، پەمىچە، لىدامۇ دىققەت بولۇپ قىمىرلىدى ۋە قاتتىق جىددىيلىشىپ تۇرۇپلا قالدى.

ئىۋاننىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، قىيسىيىشقا باشلىدى. گويا ئۇنىڭ

يۈزىدىكى بىر پارچە مۇسكۇلى قىسقىراپ، كالپۇكلىرىنى بىر تەرەپكە تارتىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن كالپۇكلىرىنى تۈزلەشكە تىرىشاتتى، ساراسىمىگە چۈشۈپ بارماقلىرىنى قورۇق سۆڭەك مۇشت قىلىپ تۈگۈۋالدى. شام يورۇغى ئۇنىڭ چىرايىنى يورۇتۇپ، تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا يورۇپ، بۇ كۆزلەردىن دەھشەتلىك نۇر چاقنىغانلىقىنى كۆردۈم.

تاپشۇرۇقتا بىنائەن ھەركەتنى كۈزىتىدىغان، زۇرۇر تېپىلغاندا قەتئىي تەدبىر قوللىنىدىغان ئايال سانىتارلارمۇ بۇ ئەھۋالنى بايقىدى. ئۇلار، بىرنەچچە ئاق سايىدەك، مېڭىسى چايقالغان بىمارنىڭ يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئېھتىيات بىلەن، لام ـ جىم دېمەستىن، ئۇنى كېسەلخانا ئىشىگىدىن كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ ئانىمۇ زۇۋان سۈرمەستىن، ئايال سانىتارلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى. ئۇ بىر نۇقتىغا ـــ شامغا مىقتەك قادالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئېغىزى تارتىشاتتى، ئۇ گويا ئەسەبىلىك بىلەن مۇزىكىنى يۇتۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇشتۇمتۇت، ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن دات ـ پەرياد سالدى:

ـــ مې...نى... تۇ... تۇت... ماڭ...لار! ـــ دېدى ـ دە، رەزىلكە ئادەمدەك ئىڭىز سەكرىدى، ئۇنىڭ ئەلپازى قورقۇنچلۇق ئىدى، تۇتقاقلىقى تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن، يەرگە گۈپپىدە يىقىلدى، ئۇ يەردە پۇتلىرىنى ئېچىلغان قايچىدەك كېرىپ ياتاتتى.

مۇزىكا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئەمدى مېڭىسى چايقالغان بىمارنىڭ ئارقا مېڭىسىنى پولغا گۈپۈلدىتىپ ئۇرۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلاندى. ئۇ ئانىنىڭ دات ـ پەريادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، مېڭىسى چايقالغان يەنە بىرنەچچە بىمار كېسەلخانىدىن سەكرەپ چىقىشتى، شۇنىڭ

بىلەن جەڭگە-جىدەل باشلىنىپ كەتتى...

شاملار ئۆچتى. كارىدورنى قاراڭغۇلۇق باستى. يارىدارلار ۋە كېسەللەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈگۈرۈشكە باشلىدى. چۇقان-سۈرەن، ئىڭراش، دات-پەرياتلار...

— ۋاي...ۋاي...ۋاي!

— بومبا تاشلىدىمۇ؟!

— ئا...ئادەم...ئۆ...ئۆل...تۈردىمۇ؟ ۋاي ئاللا، ئا...دەم... ئۆل...تۈرۈپتۇ!

— يولداشلار، يولداشلار!

— بىمارلار، تىنچلىنىڭلار! سۆيۈملۈكۈم، تىنچلىنىڭلار! — دەپ ۋاقىرايتتى ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنا قاراڭغۇلۇقتا. لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى ھېچكىم ئاڭلىمايتتى، ئاڭلىغۇسىمۇ كەلمەيتتى.

ياردەمچى سېستىرالار تېزلىكتە كىچىك ھارۋىلارنى ھەرقايسى كېسەلخانىلارغا ئاپىرىپ، جىرغىلارنى ئېلىپ كېتىشكە تىرىشتى.

— ھولۇقماڭلار، ئەستاغپۇرۇللا! — جۇنۇبىي گۇساكوۋنىڭ ۋاقىرىدىغان ئاۋازى بارلىق ۋاڭ-چۇڭنى بېسىپ چۈشتى. ئۇ بىردىنلا كىچىك ھارۋىدىن يەرگە يىقىلىپ، گېپىس، بىنتلارنى سۇندۇرۇۋەتتى، گېپىسمۇ ئۈزۈلدى.

مۇنداق ئەھۋالدا قانداق ھەركەت قىلىش كېرەكلىكىنى ماڭا چارلىغۇچىنىڭ تەجرىبىسى ئەسكەرتكەندەك بولدى. مەن لىدانى كاپىدا تۇتۇپ، تامغا يۆلەندۈرۈپ، تېنىم بىلەن ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇپ ۋاقىردىم:

— مەشەدە تۇر! سېنى قىستىۋېتىدۇ! مەشەدە تۇر دەۋاتىمەن!

ئۇ قاچماقچى بولۇپ يۇلقۇناتتى.

www.uyghurkitap.com

— مەشەدە تۇرساڭچۇ!...

كىمدۇ بىرى مېنى ئۇرۇپ، ياربدار قولۇمنى تارتقۇسىنى، كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئىڭرىغىنىمچە بوششىپ يىقىلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، "مشا، نىمە بولدۇڭ؟!" دەپ، لىدا مېنى تۇتۇۋالدى ۋە قورققىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە ۋاقىرىدى:

— چىراقنى يېقىڭلار! چاپسان چىراق يېقىڭلار! ۋايجان، بۇ نىمە ئىش؟

چىراق يېقىلدى. سانىتارلار ۋە سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر كېسەلخانىسىدىكى ئەسكەرلەر ئۇۋانغا ئېتىلىپ، ئۇنى لۆڭگە بىلەن باغلىدى. مېڭىسى چايقالغان بىمار سانىتار غەمخورلۇق قىلىپ تۇرسىمۇ يەنىلا تىترەيتتى، ئىسەدىگىنىچە شۆلگەي ۋە ئاق كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ تۇكۇرەتتى. مېڭىسى چايقالغان باشقا بىمارلارنى سانىتارلار سۆڭەكلىرى چوخچىيىپ چىققان دومبىلىرى ۋە پارقىرىتىپ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلگەن تاقىر باشلىرىنى سلاپ-سىپاپ، بەزلەپ، كۆڭلىنى ياسايدىغان نۇرغۇن چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ يۇرۇپ، مىلىك تەسلىكتە 9-نومۇرلۇق كېسەلخانىغا ئېلىپ كىردى. نۆۋەتچى سېسترا شپرىس ۋە بىر ئىستاكان سۇنى كۆتىرىپ، شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. پولدا ياتقان جۇنۋېي گۇساكوۋ بىلەن باشقا ئىككى ئەسكەر شۇ ھامان ئېلىپ بېرىلىپ، يارىسى تېڭىلدى. يەنە بىرنەچچەيلەن تىللىغىنىچە ۋە ئىڭرىغىنىچە ئۆزلىرى تېڭىش بۆلۈمىگە قاراپ ماڭدى.

يېقىن ئارىلىقتا چىراق يورۇغاندا، لىدانىڭ مەڭزىدە قان تۇرغانلىغىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا دەۋەتتىم:

— يۈزۈڭدە قان تۇرىدىغۇ؟!

— نىمە قان؟ — لىدا ھاڭ-تاڭ بولۇپ، بىردىنلا كاپپىدا قولۇمنى تۇتتى. — بۇ سىنىڭ قىنىڭ! سىنىڭ... يۇزۇڭدىن قان ئېقىۋاتقانلىغىنى سەزگەن ئىدىم. — ئۇ مىنى سۆرەپ ماڭدى، — تېز بېرىپ تاڭدۇر، تېز...

تېڭىش بۆلۈمگە باردۇق. ئۇ يەردە چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن بىرتوپ ئادەم تۇراتتى. بەزىلىرى قاقاقلاپ كۈلەتتى، بەزىلىرى دەرھال قاننى توختىتىشنى تەلەپ قىلاتتى، بەزىلەر تېخىچە يىغلاڭغۇلۇق قىلىپ تىللايتتى، بەزىلەر بولسا پەقەت يېنىككىنە ئىڭرايتتى. گۇساكوۋ ئامىياك سۇيۇقلۇغىنى پۇراپ، روھلىنىپ كەتتى.

— بۇنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ئىتنىڭ بالىسى — مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش ھەيئىتىنىڭ كاساپىتى! مېڭىسى چايقالغان بىمارلار مۇزىكا ئولتۇرۇشى قىلماڭلار، دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرغان، ئاگاھلاندۇرغان ئىدى! — دەپ ئاغزىنى بۇزدى جۇنۇبىي. ئۇنىڭ ئاۋازى ياربدارلارنى تىنچلاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى، بولۇپمۇ ماڭا شۇنداق بولدى.

مەن تېڭىش بۆلۈمىدىن غىپپىدا چىقىپ، ليۇرىكىنى ئىزدىدىم. ئۇ ساق-سالامەت ئىكەن، سېسترالارغا ھە-ھۇ دىيىشىۋېتىپتۇ. تىببىي ئىنىستىتۇتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئەزەربەيجانلىق كولىيە، نېمىس رولىنى ئالغان ھېلىقى ياردەمچى-يېتەكچى ھەتتا قارا سۇركەپ ياسىۋالغان ساقىلىنى پاكىز سۇرتۈۋېتىشكە ئۈلگۈرمىگەن يىگىتمۇ ياردەملىشىۋاتاتتى. مەنمۇ ياردەملىشىشكە تۇتۇندۇم. لېكىن، دەل شۇ پەيتتە، كىمنىڭدۇ: "مى...شا! مىشا! مىشانى كۆرمىدىڭلارمۇ؟" دەپ ۋاقىرىغىنى ئاڭلاندى، مەن مىنى چاقىرىۋاتقانىمىدۇ، دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈرە-ئۈلگۈرمەيلا، — دۇنيادا مىشا ئاتلىقلار تولىغۇ، — لىدا

www.uyghurkitap.com

ھاسىرىغان ھالدا مېنى ئەيىپلىگىلى تۇردى:

— شۇمۇ قەھرىمانلىق بوپتۇ ـ دە! تاڭدۇرمايلا قېچىپسەنغۇ...

— لىدا، بەك كايىپ كەتمە، ماڭا ھېچ گەپ يوق.

— راست، ھېچ گەپ يوق، — دېدى ئۇ لەۋلىرى تىترىگەن ھالدا، — قارىغىنا، تېخىچە قان... ئېقىۋاتامدۇ! گەپنى ئاڭلا، تېز بېرىپ تاڭدۇر، كاساپەت. بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرستىمەن!

مەن بېرىپ يارامنى تاڭدۇردۇم.

ئىلا خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلاندى. يارىدارلار ۋە كېسەللەرنىڭ ئەھۋالى نورماللاشتى. كۆپچىلىك يىغىشتۇرىدىغاننى يىغىشتۇرۇپ، تازىلىق قىلدى. بىزنىڭ ھېلىقى يارەمچى ـ يېتەكچىلىرىمىزنىلا پالاكەت باستى — سازلار يوق ئىدى. كىشىلەر پاتپاراقچىلىقتا كانايىنى دەسسەپ ماكچايتىۋېتىپتۇ، كىمدۇ دۇمباقنىڭ ئۈستىگە دەسسىگەچكە، ياكى يىقىلغاچقا، دۇمباقنىڭ قوسىغى ئېگىلىپ كېتىپتۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلار ساز چېلىپ ئاز ـ تولا قوشۇمچە تاپاۋەت قىلىپ، جان باقىدىكەن. ئەپسۇس، قوشۇمچە تاپاۋەت تاپالمىدى. تازىمۇ سەتچىلىك بولدى. بۇ زادىلا قاملاشمىدى. مەن ئەزەلدىنلا بۇ ئىلانى مەنسىتمەيتتىم. مانا ئەمدى قارىسام، مەنسىتمەسلىكىم يوللۇق ئىكەن.

لېكىن، خۇددى كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك، بالا ـ قازادىن بەخت ـ سائادەتمۇ چىقىپ قالىدىكەن، بۇ قېتىمقى "جەڭ" ئارقىلىق، مېنىڭ لىدا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمدە ئۆزگىرىش بولدى، بىز ئەمدى بىر ـ بىرىمىزدىن قاچمايدىغان، مۆكۈۋالمايدىغان بولدۇق.

قانداقتۇ بىرەر ۋەجىدىن سىرتقا چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالمىسام،

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ كېسەلخانىغا كېلىپ، بىر مىنۇت بولسىمۇ، ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئەسكەرلەر بۇنىڭغا كۆنۈكۈپ قالغان ئىدى، ھەتتا مېنى شاڭخۇمۇ قىلمايدىغان بولدى. ئۇلار، ئەكسىچە، تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەر بىلەن بىزنى مۇھاپىزەت قىلىشاتتى. قۇلىغىمغا شۇنداقمۇ خەۋەر يېتىپ كەلدى: بۇرۇت قويۇۋالغان ھېلىقى ئوفىتسېر مەن بىلەن لىدا توغرىلىق پەسكەش گەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەممەيلەننى جاق تويغۇزۇۋەتكەن قوپال ۋە ھاراقكەش جۇڭۋېي گۇساكوۋ ئۇنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپتۇمىش، ئاخىرىدا ھەتتا چوڭ مۇشتۇمىنى شاۋۋېينىڭ بۇرۇتى ئالدىغا ئاپىرىپ پۇلاڭلىتىپتۇمىش. لېكىن، بۇ گەپ ئويدۇرما بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. چۈنكى بىزدە پوچىلىقتا ئۇستىلار تولا، توقۇغان ئويدۇرمىلىرىغا كىشىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالىدۇ.

ئەلۋەتتە، مەن ئۆزەم قانداقتۇ پەسكەش گەپلەرنى ئاڭلىسام، ئۇ ھالدا ئۇ شاۋۋېينىڭ قۇلىغىنىڭ تۈۋىگە بىر تەستەك سېلىپ، ئىشنى بىر يولىلا تۈگەتكەن بولاتتىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، بەلكىم مېنى دوختۇر-خانىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن، ياكى مېنى ئاگاھلاندۇرۇلغانلار لىيەنىگە ئاپىرىۋېتىشى مۇمكىن. ئەسكەرلەرنىڭ ئوفىتسېرلارنى ئۇرۇشىغا يول قويۇلمايتتى، دوختۇرخانىدىمۇ يول قويۇلمايتتى.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي باھارمۇ كېلىدۇ. شاڭشى شېستوپالوۋ، ھېلىقى "ياغاچ" خوشنام، ئەزەر بەيجانلىق كولىيە، يەنە نۇرغۇن ئادەم دوختۇرخانىدىن چىقىپ، ئىش كۆتۈپ تۇرۇش بېكىتىگە كېتىشتى.

لىيۇرىكمۇ ھەربىي خىزمەتتىن بوشىنىپ ئائىلىسىگە قايتتى — ئۇنىڭ ئۆپكىسىدىكى كىچىك تۆشۈك باشتىن-ئاخىر پۈتمىگەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا بىر قۇر يېڭى ھەربى كىيىم بەردى، قانداقتۇ ئاخىرقى تەستىقنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. ئەتە ئۇنى ئۈزىتىپ پويىزغا چىقىرىپ قويماقچىمەن. بۇنىڭغا رەھبەرلىك قوشۇلدى. بۈگۈن ئۇ مېنىڭدىن سورىدى:

— بىلەمسەن، لىدا قايەردە تۇرىدۇ؟

— پۈشكىن كوچىسىدا، ئىشىگى ئالدىدىكى پەلەمپەي سۇنغان، ئۆگزىسىدە شامال كۆرسەتكۈچ بار.

— ھە، شامال كۆرسەتكۈچ بار ئىكەن، ئۇ ھالدا تاپالايسەن، — دىدى لىۋرىك يەكۈن چىقىرىپ ۋە ھەربى كىيىم ئورالغان كىچىك بوپىنى ياستۇغۇمنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى.

مەن مىدالىلىرىمنى لىۋرىك سانچىپ ئاچقان يىڭنە تۆشۈكىدىن پايدىلىنىپ ھەربى كىيىمگە تاقاپ، چىپپىدا كېلىدىغان ئۆتۈكنى كىيىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا راۋرۇس تۇردۇم. يېڭى ھەربى كىيىمدە، پۇت-قولۇمنى چۈشەپ قويغاندەك، ھېچ قولىشالمىدىم.

— بۇرادەرلەر، قانداق، بولىدىغاندەكمۇ؟

— "بولىدىغاندەكمۇ" دىگىنىڭ نىمىسى؟! بەئەينى گۋاردىيە جەڭچىسى بولدۇڭ! ھەقىقىي گۋاردىيە جەڭچىسى!

— يالغان ئېيتماڭلار، بۇرادەرلەر، راستمۇ؟

تېخى ئىشەنمەيۋاتامسەن! پۈتۈن كراسنودار قىزلىرى بۈگۈن پۇتۇڭغا باش قويىدۇ دىگىنە!

— ماۋۇ گەپنى ئاڭلا، سەن بىر ئارتىست قىز تاپ!

— ئۇ ئارتىست قىزنى نىمە قىلىدۇ! ئۇنىڭدىن نىمە نەتىجە چىقىدۇ! ئۇ مۇنداق كاتتا توي كىيىمدە ئاشخانىنىڭ ھەرقانداق ئايال خىزمەتچىسىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالالايدۇ!...

— قويۇڭلارا ئۇنىداق گەپنى! — مەن خوشال ھەم خىجالەت بولۇپ، گومۇشتەك بولۇپ قالدىم-دە، قولۇمنى سىلكىپ كېسەلخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقتىم. كەينىمدىن بىرەيلەننىڭ مۇنۇ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىردى:

— ئۇ يەرگە بېرىپ تەبىئەت مەنزىرىسى! ئۇستىدىلا گەپ سېتىپ ئولتۇرما! بىردەم ئاسمانغا، بىردەم يەرگە قاراپ ئولتۇردۇڭمۇ، بولدى، ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ...

— بىر رومكا قېقىۋېلىپ، يۈرىگىڭنى توختىتىۋال!...

بۇ ئادەملەر ماڭا ئەقىل ئۆگىتەتتى! بۇلارنىڭ ھەممىسى تەجرىبىلىك، بولۇپمۇ ئېغىزدا تەجرىبىلىك ئادەملەر ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ھەر ھالدا ماڭا بەزى نەرسىلەرنى ئۆگەتتى. مەن ئاشۇ «تەجرىبىلىك» جەڭچىلەرنىڭ تەكلىۋىگە قۇلاق سېلىپ، دوختۇرخانىنىڭ بارلىق ئۆتكەل-چازىلىرىدىن ۋە قاراۋۇلخانىنىڭ مۇھاپىزەتچىسىدىن ئوغۇرلۇق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئۇدۇل پۈشكىن كوچىسىغا قاراپ مېڭىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ يەرگە يېتىپ باردىم. ھېچقانداق قىينىچىلىق ۋە توسالغۇسىزلا، شامال كۆرسەتكۈچى بار ھېلىقى ئۆينى تاپتىم — لېكىن، شۇ پەيتتە نىمشقىدۇ يۈرىكىم پوكۇلداپ، سۇنىغان پەلەمپەي يېنىدا توختاپ قالدىم. كېيىن، پۇتلىرىم ئاياق كىيىم كىيىشكە ئادەتلەنمەي، ئاياق پۇتۇمنى قىسىپ قاتتىق ئاغرىتىۋەتكەچكە، ئولتۇرۇۋالدىم.

پەلەمپەيدە ئۇزۇنغىچە ئولتۇردۇم، دات بېسىپ كەتكەن شامال كۆرسەتكۈچ ئۆگزىدە غىچىرلايتتى، شاخلاردىكى مۇز پارچىلىرى توكۇلداپ چۈشەتتى. ئۇزاق ئولتۇرۇپ مۇزلاپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن، قوللىرىمنى سېرىپ سىپتا تىكىلگەن مووۇت پەلتويۇمنىڭ يەڭلىرىگە

تىقىۋالدىم. شۇ ئەسنادا، ئۆيدىن قولىدا كىچىك سىۋۇتنى بار بىر ئايال چىقىپ، ھېلىمۇ چاقناپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى بىلەن بېشى-
دىن ئايىغىغىچە سەپ سالدى، بۇ لىدانىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالدىم.

— ياش يىگىت، بىرەرنەرسىگىزنى يۇتتۇرۇپ قويدىگىزمۇ نىمە؟

— ئۇن رۇبلى پۇلۇمنى يۇتتۇرۇپ قويدۇم.

— نەدە يۇتتۇردىگىز؟

— ئاۋۇ يەردە، — دىدىم مەن قوللىرىمنى پەلتونىڭ يېڭىدىن چىقارغۇم كەلمەي، ئىڭىگىمنى كۆتىرىپ ئىشىك تەرەپنى ئىما قىلىپ. مەن گويا ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمايتتىم.

— ئۇنداقتا، بۇ يەرنى يىراۋۇقراق دەپ، رۇبلىنى مەشەدىن ئىزدەۋېتىپسىز-دە؟ مۇنداق كۈلكىلىك گەپ ماڭا چۈشىنىشلىك.

دەيدىغان گەپ قالمىدى، كۈلكىلىك گەپمۇ تۈگىدى. "ئۆيگە قايتىپ" ئىسسىنىۋېلىش كېرەك ئىدى، لېكىن مەن خۇددى مۇشۇ سۇنغان پەلەمپەيگە مىخلاپ قويغاندەك مىدىرلىماي ئولتۇراتتىم.

— ياش يىگىت، بۇ يەردە ئۇزاققىچە ئولتۇرماقچىمۇسىز؟

— بىلمەيمەن، — دىدىم مەن بىرئاز روھسىز چۈشۈپ، — يەنە بىر-دەم ئولتۇرسام، ئاندىن ئېنىق بولىدۇ.

— نىمە ئېنىق بولىدۇ؟

— ھەممە ئىش ئېنىق بولىدۇ.

— ۋاي، ئەزىزىم ئەسكەر، مۇزلاپلا كېتىپسىز، — ئايال قوشۇمىسىنى تۈردى، — خوپ، قېنى ئەمىسە، قەدەملەپ مارش، ئۆيگە كىرىڭ! لىدىيە ئۇخلاۋاتىدۇ. ئۇنى ئويغىتىڭ. مەن ماگىزىنغا بېرىپلا قايتە-مەن. — ئۇ شۇنداق دىدى-دە، كېتىپ قالدى.

دالاننىڭ ئىشىگى ئوچۇق ئىدى. مەن ئۆتۈكۈمنى ئاۋايلاپ پاكىز سۈرتۈپ، ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى قېقىپ، ئاستا ئۆيگە كىردىم. مۇۋۇت پەلتويۇمنى يېشىپ، ئېسىپ قويدۇم. كۆكرىگىمدىكى مېداللار جىرىڭلاپ كېتىۋىدى، قولۇم بىلەن بېسىۋېلىپ، ئەتراپىمغا كۆز سالدىم. ئەينەكلىك كونا كىرىسلو، پەدەز ئۈستىلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۇچىلىق دۇخاۋا دەستۇرخان يېپىلغان، پۇتلىرى بۇرمىلىق ياسالغان كىچىك كىيىم ئىشكاۋى، رامكىسى قارىداپ كەتكەن بىردانە ماي بوياق رەسىم. رەسىمدە بىردانە تاۋۇز بىلەن ئىككى دانە نەشپۈت بار ئىدى — مۇشۇنداق رامكىدا سۇسراق كۆرۈنەتتى.

قارىغاندا، لىدانىڭ ئاتىسى ئىلگىرى چوڭ كادىر بولغان، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار ناھايىتى ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرگەندەك قىلاتتى. لېكىن، كېيىن ئاتىسى نەگە كەتكەن، لىدا بۇ توغرىلىق بىرنىمە دېمىگەن، سوراشمۇ بىئەپ. ئۇلار شەھەردىن چېكىنىپ چىقىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن. ئىشغالىيەت مەزگىلىدە، لىدا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ساتقىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ جىمىسىنى سېتىپ، يەپ تۈگەتكەن. ئۆينىڭ يېرىمىنىمۇ ساتقان — بۇ ئىشغالىيەت ئاياقلاشقاندىن كېيىنكى ئىش. لىدانىڭ بىر چىشىمۇ نېمىسلار ئىشغال قىلىپ تۇرغان مەزگىلدە سۇنغان. دۈشمەنلەر ئوق ياغدۇرغاندا ئۇ ئۈستەلنىڭ ئاستىغا مۆكۈۋالغان، قورقانلىغىدىنمۇ، ياكى باشقا ۋەجىدىنمۇ، ئۇ گازىر چاققان. ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چىقىۋاتقان پىلىموت ۋە توپ ئاۋازلىرى ئىچىدە، ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر كىچىك تاشنى گازىر بىلەن بىللە ئاغزىغا سالغان. قىسقىسى، ئۇرۇش ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزگەن.

مانا، تازا ئەخمەق قىز! راستلا ھاماقەت قىز! بارلىق مېداللىرىمنى

www.uyghurkitap.com

تاقاپ ھەربى كىيىمدە كەلگەنلىگىمدىن خەۋەرسىز ئۇخلاپ ياتىدۇ. ئۇ مېنىڭ كىرلىكنى ئورنىپ يوپكا ئورنىدا كىيگىنىمنى ياكى جەينەك تەرىپى تىتىلىپ كەتكەن بومازى قاپلىما چاپان كىيگىنىمنىلا كۆرگەن. بەلكىم، مېنى تونۇمايمۇ قالار.

كرېسلوغا يېقىن بېرىپ، ئېھتىيات بىلەن ئەينەككە قارىدىم. يىگىتنىڭ تەققى-تۇرقى جايىدا. يۈزىنىڭ كىچىككىنە يېرىنى ئوق يارا قىلغان بولسىمۇ، ھېچ ۋەقەسى يوق، بۇ قەھرىمانانە جەڭ قىلغانلىغىنىڭ ئىسپاتى بولالايدۇ. چىرايىمدا يات بىر خىل ئىپادە باردەك، چىرايىمغا ھۆسن قېتىلغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇمۇ بىكار ئەمەس، بىر قېتىم تېگىش بۆلۈمىدە، يۈيۈنۈپ بولۇپ يارامنى تاڭدۇرغىلى بارغىنىمدا، ئاگنىيە ۋاسىلىيېۋنا — ئىنتايىن قاتتىق قول بۇ "ئوت ئىلاھە"سى بۇرنىغا چۈشۈرۈۋالىدىغان كۆزەينەگىنى ئېلىپ، يىراقنى كۆرەلمەيدىغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا تىكىلىپ، گويا قايەردىندۇ كەلگەن "شاھزادە"نى تونۇيالمايۋاتقان ئادەمدەك ۋە ئالتۇن تۇخۇم كاككلاپ بايراپ كەتكەن مىكيانىدەك ئۈنلۈك تۇۋلىغان ئىدى:

— لىدا! لىدا! قارىغىنا، بىزنىڭ مىشا نىمىدىگەن چىرايلىق!

شۇ چاغدا، قاتتىق خىجالەت بولۇپ، شۇ ھامان تېگىش بۆلۈمىدىن چىقىپ كەتتىم. لېكىن، ئۆزەمنىڭ چىرايلىق، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىغىمنى بىلەتتىم ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ھېيت-بايراملاردىكىدەك خوشال بولاتتىم. ھېيت-بايراملاردا كىشىلەر ھامان چىرايلىقراق كۆرۈنىدۇ.

ئۆسۈپ كېتىۋاتقان بۈجۈغۇر ماڭلاي چېچىمنى سىلاپ يۆتىلىپ قويدۇم. ھېچقانداق جاۋاپ بولمىدى. شۇ پەيتتە، ئارا تام ئۆينىڭ ئىشىگىدىكى مەلەڭزىنى ئېھتىيات بىلەن ئېچىپ، لىدانى كۆردۈم.

ئۇ ئۇخلاۋاتاتتى.

ئورۇندۇقنى يېقىن ئېلىپ كېلىپ، كارۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. ئولتۇرغاچ، لىدانىڭ تەكشى، چوڭقۇر تىن ئېلىشىغا، كۆكرىگىدىكى يوتقاننىڭ بىلىنەر بىلىنمەس كۆتىرىلىپ-چۈشۈپ تۇرۇشىغا، چاچ- لىرىنىڭ تەبىئى يوسۇندا يۇمشاق ياستۇقتا چېچىلىپ ياتقانلىغىغا كۆز سالدىم. لىدانى ئاق ياغلىق چىككەن ھالەتتە كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ شۇنچە يۇمشاق، ۋاللداپ تۇرغان چىرايلىق چېچى- نىڭ بارلىغىنى بىلمەيتتىم. كۆكرىگىمدە قانداقتۇ بىر نەرسە ئېرىگەن- دەك بولدى-دە، ئىختىيارسىز لىدانىڭ چېچىغا قولۇمنى تەككۈزدۇم. ئۇنىڭ چاچلىرى ھەقىقەتەنمۇ خۇددى كۆپۈكتەك، يۇمشاق ۋە يېنىك ئىدى. لىدا مىدىرلاپ، كۆزلىرىنى ئاچتى. ئۇ ھەيران بولۇپ، ماڭا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرھال يوتقىنىنى ئىڭىگىنىڭ ئاستىغىچە تارتىۋالدى.

— ۋىيەي، مىشا! — ئۇ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، ماڭا بىردەم كۆز سال- غاندىن كېيىن، خۇددى قارغۇدەك مېنى سىلاشقا، چاچلىرىمنى، يۈز- كۆزلىرىمنى سىلاشقا باشلىدى، مېداللىرىمنى بىر بىرىگە تەككۈزۈپ جىرىڭلاتتى-دە، بىر ھېقىقلاپ كۈلۈۋەتتى، — ۋىيەي، راستلا مىشاغۇ بۇ!

لىدا، گويا مېنىڭ چېچىمنى ئەمەس، بەلكى ئاتىنىڭ يايلىنى تۇت- قاندەك، ماڭلاي چېچىمنى تۇتىۋالدى. ئۇ ماڭلاي چېچىمنى تارتسا، مەن ئاغرىققا چىداپ، كۈلەتتىم. ئۇ بېشىمنى تارتىپ ئاپىرىپ، كۆكسىگە چىڭ بېسىپ، تېخىمۇ ئۈنلۈك سۆزلىدى:

— جېنىم مىشا! كېلىپسەن! ئۆزەڭ كېلىپسەن! يالغۇز ئۆزەڭ! تېپىپسەن-ھە!... — ئۇنى ھېق تۇتىۋالدى، ئۇ ھە دەپ كۈلەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشايتتى: بىردەم ھېق تۇتاتتى، بىردەم قاقاقلاپ كۈلەتتى! ـ ۋىيەي، جېنىم مىشا، سەن يېنىمدا ئولتۇردۇڭمۇ؟ ئۆمۈرۋايەت، مەن بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، مىشا! ـــ ئۇ لېۋىنى چىشلەپ بېشىنى بۇرىۋالدى، ئۇنى يەنە ھېق تۇتتى. مەرۋايىتتەك بىرتامچە ياش مەڭزىدىن يۇمۇلاپ چۈشتى. لىدا نە قەدەر ئاجىز- ناتىۋان كۆرۈنەتتى دىسىڭىزچۇ.

ـــ ساڭا نىمە بولدى؟ ساڭا زادى نىمە بولدى؟

ـــ مىشا، بىلەمسەن، ئەتراپتىكى تۇرمۇش مۇنداق: يارىلىنىش، قان ئېقىش، ئۆلۈش ـــ ھەممىسى مۇشۇنداق ئىشلار... ھەتتا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيدۇ. مەن ئۆزەمنى يەنىلا ئۇخلاۋاتقاندەك، ئويغانغۇم كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن. ـــ ئۇ ھېقىلداشتىن توختىدى، خۇداغا شۈكرى، لېكىن كۈلكىسىمۇ غايىپ بولدى. لىدا كۈلسە، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى، ھەتتا ئاغزىدىكى سۇنغان چىشىمۇ خوشال كۈلۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

ـــ سەن بۈگۈن نىمىشقا...

قانداق؟ ـــ سورىدى ئۇ ۋە كىچىك بالىغا ئوخشاش بىلىگى بىلەن يۈزىنى سۈرتتى.

ـــ بىرئاز ئىچىڭ تىتىلداۋاتىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ـــ ساڭا دىمەككە ئاسان، ـــ دىدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا، ياش تامچىلىرى يەنىلا كىرپىكلىرىدە يالتىرايتتى، ـــ كىيىنىۋالاي، مىشا، يۈزۈڭنى ئۆرۈپ تۇرغىنا.

شۇ پەيتتە، ھەر ئىككىلىمىز ئوڭايسىزلىنىپ، باشقا ـ باشقا تەرەپكە قارىدۇق.

لېكىن، كۆزلىرىمىز يەنە ئىختىيارسىز ئۇچراشتى.

بىز بىر بىرىمىزگە، خۇددى قېنى كىم يېڭەركىن دەپ كۆز سوقۇشتۇرۇش ئويۇنى ئويناۋاتقاندەك، جىددى، كۆز ئۈزمەي تىكىلدۇق. لىدا ئاۋال بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، كايىغاندەك ئىلتىماس قىلدى:

— يۈزۈڭنى ئۆرۈپ تۇرغىنا، مىشا.

مەن ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ قاراسلىتىۋەتتىم.

— ئۇ ياققا ئۆرۈلۈپ تۇرغىنا، ئەزىزىم، — ئۇ تېخىمۇ يۇمشاق ئاۋازدا شىۋىرلاپ تەكرارلىدى، — ماڭا قارىماي تۇرغىنا، سېنىڭ پەنجەڭ... — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسلەپ، ئاڭلانماي قالدى. — ۋاي ئانام ـ ھەي! ـ ئۇ چىيقىراپ كەتتى.

مەن مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ قولىنى قويىۋەتتىم، قانداقتۇ خىرە، ھۇشۇمنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالغان ئىچكى ھاياجىنىمنى بېسىپ، يېنىپ چىقىپ، مەلەڭزە تەرەپكە بېرىپ، كرېسلوغا ئولتۇردۇم. تىترىگەم ئاستا ـ ئاستا بېسىلدى، بارغانسېرى خىجىللىق ھېس قىلدىم. لىدانى يەنە ھېق تۇتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، بۇ نىمە گەپ؟! مىشا، نىمىشقا گەپ ـ سۆز قىلمايلا چىقىپ كەتتىڭ؟ — سورىدى لىدا مەلەڭزىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ. ئۇنى يەنە ھېق تۇتتى، گېپىدە ئەپۇ سورىغاندەك پۇراق بار ئىدى.

— توغرا! — دەپ جاۋاپ بەردىم ئاچچىق قىلىپ.

— قۇۋ ـ لولا! — ئۇ ناماقۇل بولغاندەك شۇنداق دىدى ـ دە، ئەتىگەنلىك كىيىمى بىلەن چىقتى، چىرايىدىن مۇشكۇل ئەھۋالدا قالغانلىقى ۋە چۆچۈپ تۇرغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قورۇنغان ھالدا يۈزۈمنى سىلاپ قويدى ـ دە،

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئۆيگە قويۇپ قويۇلغان يۈز يۈيدىغان داسقا قاراپ ماڭدى.

مەن بىردىنلا ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، قولتۇغى ئاستىدىن تۇتۇۋې-لىپ بىر ھۆكۈرۈۋىدىم، ئۇ بىر يانغا سەكرەپ، داسنىمۇ ئۆرۈۋەتتى:

— نىمە بولدۇڭ؟ ساڭا نىمە بولدى؟ ئېلىشىپ قالدىڭمۇ-نىمە؟!

— ھېچ گەپ يوق! يۈزۈڭنى يۇيىۋەر!

ئۇ ياغاچ كىپىكى بىلەن چىشىنى چوتكىلاشقا كىرىشتى، مەن كىتاپ جازىسىدىن دۇخاۋا تاشلىق ئالبۇمنى ئېلىپ كۆرۈشكە باشلى-دىم، بىرىنچى بەتتە مەسۇم ۋە شوخ بالىنىڭ رەسىمى بار ئىدى. گۆدەك بالا ياستۇقتا يالىڭاچ ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، كىشى-لىك دۇنياسىغا قاراپ ياتاتتى.

— غەلىتە ئىش! ھەجەپ ھېق تۇتتا، ھېلىمۇ ياخشى توختىدى! — دىدى ھاك-تاڭ بولۇپ لىدا لۆڭگە بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— ۋاھ، — دىدىم مەن، — ھېق دىگەن نىمە ئۇ! ئۇنىڭدىن يامان-راق نەرسىنىمۇ يوقتالايمەن! جىن-شاياتۇن! ئالۋاستى! تۇتقاقلىق دەمىسەن! ھەتتا ئەپسۇن...ئېزىتقۇنىمۇ قايتۇرالايمەن. مۇشۇ سەنمۇ؟ — سورىدىم رەسىمدىكى مەسۇم ۋە شوخ بالىنى كۆرسىتىپ.

لىدا ئالبۇمنى قولۇمدىن شارتتىدا تارتىۋېلىپ، ئالبۇم بىلەن پىشانەمگە تاققىدە بىرنى قويدى.

— قارا، ئۇياتنى بىلمىگىنىنى! مە، مانا! — ئۇ «دۇنيا ساياھەتچى-لىرى» ژورنىلىنىڭ توپلىمىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، ئۆزى مەلەڭزە كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

چىگە بىلەن چىڭ باغلانغان توپلامنى ۋاراقلاپ، رەسىم-سۈرەت-لەرگە كۆز سالدىم، مىلەڭزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن كىيىمنىڭ شىلدىرلى-

غىنى ئاڭلىناتتى، لىدا ئۇ يەردىن پات-پات ماڭا گەپ تاشلاپ تۇراتتى:

— ھەربى كىيىمنى نەدىن تاپتىڭ؟ ئەجەب يارىشىپتۇ!

— لىيۇرىك بەردى. ئۇ ھەربى خىزمەتتىن بوشىناماقچى.

— ھۇ ھىلىگەر.

— كىم ھىلىگەر ئىكەن؟

— ئەلۋەتتە، سەن-دە! سەن راستلا ھېقنى يوقاتتىڭ. ئېيتقىنا، بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ؟

— پۇراپ يۈرۈپ!

— پۇراش سېزىمىڭ ئەجەب يامان ئىكەن! بەئەينى ياۋايى ھايۋانىڭكىدەك!

— ساڭا دەپ قوياي، مەن ئىپتىدائى ئورمان ئادىمى.

— سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇش تازىمۇ خەتەرلىك ئىكەن!

— شۇنداق بولمايچۇ!

لىدا مىلەڭزە كەينىدىن چىققىنىدا، ئۇچىسىغا ئاق پۇرمىلىك، تېگى كۆك كۆينەك، پۇتىغا موملانىغان پوپۇش كىيگەن، چېچىنى تەبىئى ھالدا مۈرىسىگە چۈشۈرۈپ ئىنتايىن رەتلىك قىلىپ تارىغان ئىدى.

— ياسىنىپ بولدۇم! — دىدى ئۇ كۆزلىرىم كۆزلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا بىرئاز قورۇنۇپ ۋە تەپ تارتىپ، — سەنلا ياسانساڭ بولماس! — ئۇ شۇنداق دىدى-دە، نازاكەت بىلەن يوپكىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىنى كۆتىرىپ كرېسلوغا ئولتۇردى، تېنىنى سىلاپ، يوپكىسى بىلەن تىزىنى ياپتى، — ئازراقلا كىيىم يەڭگۈشلىدىم...

مەن ژورنالنى ۋاراقلىغاچ، زوۋان سۈرمەي، ئۇنىڭغا ئوغرىلىقچە

www.uyghurkitap.com

قاراپ تۇردۇم.

— ئانام ئۇ يەردە ئەجەپ هايال بولدا، — دىدى لىدا مىنى ئالدىغاندەك. ئۇ مىنىڭ جاۋاۋىمنى ئاڭلىمايلا، سۇنئىرەك كۇلۇپ قوشۇمچە قىلدى. — ھەقىچان ئوچىرەتتە تۇرۇپ هايال بولدى. ئۆزى ياشىنىپ قالدى. تولا كوتۇلدايدىغان بولۇۋالدى. ئىلگىرى ئوچىرەتتە تۇرۇشنى، كوتۇلداشنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرەتتى.

مەن «دۇنيا ساياھەتچىلىرى» ژورنىلىنى كۆرۈۋاتاتتىم، لىدا ژورنالنى قولۇمدىن تارتىۋالدى.

— قانداق، نىمە ئىش قىلىمىز، مىشا — مىخائىل؟

— مەن نەدىن بىلەي؟

— نىمە-نىمە! ئەخمەق! — ئۇ بارمىغى بىلەن بىلىمنى نوقۇدى. غىدىغىم كىلىدىغان بولغاچقا، سەكرەپ كەتتىم.

— ئىككىمىز كراسنودار شەھىرىنى تاماشا قىلايلى. ئانام كەلسۇن، چۇشلۇك غىزانى يەپ بولۇپلا، يولغا چىقايلى. بولمىسا، بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنى ئۇنتۇپ كىتىسەن. كىتىپلا ئۇنتۇپ كىتىسەن.

— ئۇنتۇمايمەن!

— ۋاي تاڭەي، بۇنى قانداق بىلگۇلۇك؟

— ئۇنتۇمايمەن! — دىدىم مەن گېپىمدە چىڭ تۇرۇپ.

— سەن تېرىككەك، جېنىم مىشا — مىخائىل!

— بىزنىڭ نەسلىمىز شۇنداق. بىز ئېيىق ئوۋلىغۇچىلار.

— قانداق ئېيىق ئوۋلىغۇچى؟ ئېيىقنى تۇتامدۇ؟

— توغرا، ئېيىق تاپىنىنى تۇتۇۋالىدۇ. بوۋام ئۇلارنى ناھايىتى ئاسان جايلايدۇ: ئورمانغا بىرىپ، ئېيىقنى تاپىنىدىن تۇتۇۋېلىپ، ئۇۋىسىدىن سىرتقا سۆرەپ: "ۋاي، ئەزىزىم، بىللە ماڭايلى!

بىللە ساقچى ئىدارىسىگە بارايلى!“ دەيدۇ. ئېيىق خۇددى مەستەك ھۆكۈرەيدۇيۇ، يەنىلا ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

لىدا، ھەتتا راستتەك ئىشىنىپ، قولىغىنى دىك تۇتۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى.

— ۋاي، لىدا، سەن تازىمۇ ھاماقەت ئىكەنسەن! ھېلىمۇ تىببىي ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتقىنىڭ!

— سەن ئۆزەڭ ھاماقەت!

لىدا قولۇمغا بىرنى ئۇردى. مەنمۇ ئۇنى ئۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن قېنى كىم كىمنىڭ قولىنى جىقراق ئۇرىدىكىن، دەپ ئويۇنىنى باشلىۋەتتۇق. لىدا — سېستىرا، سۆزسىز چاققان قىز! لېكىن، مەنمۇ لەقۋا ئەمەس — چوڭ ئورماندا ئۆسكەن، تۇققۇز يېشىمدىن باشلاپ مىلتىق ئېتىشنى ئۆگەنگەن، كېيىن دارىلئېتامغىمۇ كىرگەن — ئېھتىمال، ساغلام پىسخىكا ۋە جانلىق ھەركەت قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۇرۇش جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى بولۇشى مۇمكىن.

لىدا قولۇمغا ئۇرماقچى بولاتتى، مەن ئۇنى قىزىقتۇراتتىم، ئېزىقتۇراتتىم. ئۇنىڭ پۈتۈن دىققىتى مېنى ئۇرۇش بىلەن بولۇپ قالغان پەيتتە، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئۇنىڭ قولىغا تاسىدا بىرنى سالدىم!

لىدا ۋاقىرىۋەتتى، شۇ ھامان قولىنى ئاغزىغا ئېلىپ باردى، ئاغرىق دەستىدىن كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش ئالدى. قانداقلىكى بولمىسۇن، قىز دىگەن قىز-دە، نازۇك كېلىدۇ، مەنچۇ...مەن گۇنايىمنى بوينۇمغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى سىلىدىم، بارماقلىرىنى ھوردىدىم. ياپىر، بۇ كىچىك بارماقلار ئاجايىپ سۈزۈك، تىرناقلىرى ھالرەڭ ئىدى. دارىلئېتامدىن چىقمىغان بولسام، ئاشۇ بارماقلارنى بىر-بىرلەپ

سۆيـۈۋالاتتىم. لېكىن شۇ تاپتا ئۇنداق قىلالمايمەن، نېمىشقىدۇ، ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم.

لېكىن، لىدانىڭ تاياق يېگەن قولىنى ھورداپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاغرىقى پەسەيگەن بولسا كېرەك، كىچىك مۇشتۇملىرىنى پۇلاڭلىتىپ مېنى ئۇرغىلى تۇردى.

— مانا ساڭا! سېنى ئۇرىمەن! جاجاڭنى يە!

— ۋاي، قۇتقۇزۇڭلار! ئادەممىزنى ئۇرۇۋاتىدۇ! — مەن ۋاقىرىدىغىنىمچە، بۇرۇلۇپ لىدانى قۇچاقلىۋېلىپ، كىرىسلوغا قىستىدىم. ئىككىمىز كۈلۈشۈپ، ئويناشتۇق. شۇ ئەسنادا دالاندىن لىدانىڭ ئانىسىنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلانمىغان بولسا، ئويۇنىمىز قايسى دەرىجىگە يېتەتتىكىن ـ تاڭ. بىز دەرھال ئايرىلىپ، ئالمان ـ تالمان كىيىممىزنى تۈزەشتۈردۇق.

— ئانا، مىشا مېنى گوللاۋاتىدۇ، كەپسىزلىكمۇ قىلدى تېخى. — لىدا ئەركىلەپ ئاغرىندى ۋە ئاغزىنى دومسايتتى.

— قىزىم، ئەرلەرنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — گوللاش، كەپسىزلىك قىلىش، — دېدى ئانىسى ۋە كىچىك سېۋەتتىن بىر دانە قارا بولكىنى ئالدى. ئۇنىڭ قارىشى ۋە گېپىنىڭ ئورامىدىن بۇ ئايالنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغاقلار ئۆتكەنلىكىنى، ئاجايىپ كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرى بارلىقىنى چۈشەندىم. شۇ چاغدا، كۆزىدىن ئەقىل ـ پاراسەت نۇرى يېغىپ تۇرغان ئانا بېشىمدىن ئايىغىمغىچە بىر قۇر قاراپ چىقتى.

— ئۇ ھالدا، كۆكرىگى بىلەن گۆھەر قىزىمنى قوغدىغان قەھرىمان مۇشۇمۇ نېمە؟...

ئۇ جۇۋىسىنى يېشىپ، كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويماقچى بولدى.

كىيىم ئاسقۇچىنىڭ مىخى بوشاپ قالغاچقا، تۆشۈكىدىن چىقىپ كېتەتتى. جۇۋا ئېغىر بولغاچقا، مىخ چۈشۈپ كەتتى. جۇۋىمۇ پوككىدا چۈشتى. مەن ئوچاق بېشىدىن چۆيۈن دەزمالنى ئېلىپ مىخنى تۈزلەپ، ئۇنى ئىلگىرىكى تۆشۈككە ئەمەس، بەلكى بىر پارچە تاختايغا مىخلاپ، چىڭ بولدىمۇ-بولمىدىمۇ دەپ تارتىپ بېقىپ، ئاندىن كىيىم ئاسقۇچنى قويدۇم-دە، جۇۋىنى ئاستىم.

— ئۆيدە بىر ئەركىشى بولسا، ئىش باشقىچە بولىدۇ! — دېدى ئانا چاقچاق ئارىلاش كۆلۈمسىرىگىنىچە ماڭا قاراپ، مەن تارتىنىپ، قۇرۇنۇشقا باشلىدىم. لىدا داستىقا سۇ قۇيۇپ، گويا مەن قالتىس ئېغىر ئىش قىلغاندەك، بىر پارچە ياپىلاق كىر سوپۇننى قولۇمغا تۇتقۇزدى.

شۇنداقتىمۇ، قولۇمنى يۇيدۇم.

— مېھماننى نىمە بىلەن كۈتىمىز؟ — دېدى ئانا، ئۇنىڭ سوئال قويغىنىنى ياكى ئۆزىگە ئۆزى سۆزلىگىنىنى ئۇققىلى بولمايتتى، لىدا بىچارىلەرچە ئۆزىنى قاچۇراتتى ۋە ئۈمىد بىلەن ئانىسىغا تەلمۈرەتتى.

— ئوبدان باقايلى.

— تولا جوۋاپ كەتمەڭلار. مەن مېھمانمىدىم؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قورسىقىممۇ توق. تامىقىمىز ناھايىتى ئوبدان — ھامان تويغىچە يەيمىز. بۇنى لىدا بىلىدۇ.

— تامىقىڭلارنىڭ قانداقلىقى، لىدانىڭ نىمىنى بىلىدىغانلىقى بىلەنمۇ كارىم يوق، — دېدى-دە، ئانا تۇنىكە سۈت چېلىكىنى لىداغا تۇتقۇزدى، — دەرھال بازارغا بېرىپ، سۈت ئېلىپ كەل. ئۇ-ماچ چالايلى. سىز ئۇماچ ئىچىپ باققانمۇ؟ — سورىدى ئۇ مېنىڭدىن.

www.uyghurkitap.com

— ئۇماچ دىگەن قانداق نەرسە ئۇ؟

— قارىغاندا، ئۇماچنىڭ نىمىلىگىنى بىلمەيدىغاندەك قىلىسىز، — دىدى ئۇ مېنى زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈپ. لىدا پەرۋا قىلماي، يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ چۈشەندۈردى، — ئۇماچنى كۆممە قوناق ئۇنىدا ئېتىدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم.

ئانا ئۆي ئىچىدە بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ، ھېچبىر ھاجىتى بولمىسىمۇ، مىلەڭزىنى تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ، ئالدىمغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ماڭا ئىمىدۇ دىمەكچىدەك، مېنى خىجىل قىلىدىغان گەپ-سۆز قىلىدىغاندەك تۇيۇلدى. مەن نەزىرىمنى باشقا تەرەپكە يۆتكەپ، سەگەك تۇردۇم. ئانا بىردىنلا چېچىمغا تېگىپ، لىداغا ئوخشاش سىلىغاچ سورىدى:

— مىشا، نەچچىگە كىردىڭىز؟

— ئون توققۇزغا.

— بۇ تازا ئۇبدان چاغلىرىڭىز، — ئانا ئۇھ تارتىپ، يەشىكنىڭ ئۈچ پارچە ياغىچى، قەغەز ۋە مايلىشىپ كەتكەن كونا-يىرتىق لاتىلار بىلەن مەشكە ئوت ياقتى، — تازىمۇ ئۇبدان چاغلىرىڭىز، — ئۇ يەنە تەكرارلىدى، — ھازىر سىلەرنىڭ كۇلۇبلارغا بېرىپ تاماشا قىلىدىغان، كەچلىك كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىغا قاتنىشىدىغان، ناخشا ئېيتىدىغان، تانسا ئوينايدىغان چېغىڭلار ئىدى...

— بىز تانسا ئويناشنى ئۇقمايمىز، خەلق ئۇسۇللىرىنى ئويناشنىلا بىلىمىز، — پەرىشانلىق بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتىم ۋە ئۇنى تۇتۇن يېنىۋاتقان مەشنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەتتىم.

مىڭ تەسلىكتە پۇۋلەپ يۇرۇپ ئوتىنى ياندۇردۇم. ئاچىز ئوت يالقۇنى لەپ-لەپ قىلاتتى، ئاشۇنچىلىك يېقىلغۇ بىلەن ئاران-ئاران يېلىنجاپ تۇراتتى. ئەگەر بىزنىڭ سىبىرىيىسىنىڭ تۇترۇقلۇق ئوتۇنلىرىدىن بىر باغلام بولغان بولسا، تازىمۇ بەلەن بولاتتى دىسىڭىزچۇ!

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە قاتتىق سوغاق بولىدىكەن، — دىدىم مەن.

— قاتتىق سوغاق بولىدۇ، — ئانا خۇددى ئەكس سادادەك جاۋاپ قايتۇردى، — بۇ تازا جايىدا ئېيتىلغان گەپ. هازىر هەممىلا يەر قاتتىق سوغاق: ئۆيمۇ، كوچىمۇ، كۆڭۈلمۇ... — ئۇ بارماقلىرىنى قارسىلدىتىپ، ئاخىرى پەس ئاۋازدا سورىدى:

— مىخائىل، سىز بىلەن ئوچۇق-يورۇق سۆزلەشسەم بولامدۇ؟

— نىمىشقا بولمايدىكەن؟ بولىدۇ. مەن ئوچۇق-يورۇق گەپلىشىشنى ياخشى كۆرىمەن.

— سىز رەنجىمەڭ. مەن — ئانا. مېنىڭ شۇ بىرلا قىزىم بار. ئېرىم بىزنى تاشلىۋەتتى، بىزنى تاشلىۋەتتى. ئۇ دوختۇر ئىدى. ئالدىنقى سەپ دوختۇرخانىسىدا باشقا ئايال بىلەن تېپىشىۋالدى. سىز بۇنى ئۇقۇپ قېلىڭ... قىسقىسى، مىخائىل، ئەقىللىق ئادەم بولۇڭ، لىدانى ئاسراڭ. ئۇنىڭ كۆڭلى تۇز. ئۇ ئەگەر... بارلىغىنى بېغىشلايدۇ. لېكىن، بىر قىز نىمىگىمۇ ئېرىشەلەيدۇ — هېچنىمىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

— سىز نىمىشقا بۇ گەپلەرنى دەۋاتىسىز؟

— هەي، مىخائىل، مىخائىل ... — لىدانىڭ ئانىسى ئالقانلىرى بىلەن كۆمۈشتەك ئاقارغان چېكە چاچلىرىنى سىلىدى، — مۇنداق دىمەسلىگىم كېرەك ئىدى. لېكىن، گەپنىڭ بېشىنى دىگەن ئىكەنمەن، ئەمدى ئاخىرىغىچە ئاڭلاڭ. سىز ئون توققۇزغا كىرگەن، قۇرامىڭىزغا

www.uyghurkitap.com

يەتكەن يىگىت. سىلەرنىڭ مۇنداق قىلىدىغان ۋاقتىڭلار ئەمەس، مىخا ـ ئىل! يەنە بىر ھەپتە ئۆتسە، بىر ئايمۇ دەيلى، كېيىن قانداق بولىدۇ؟ كېيىن قانداق بولىدۇ؟ ئايرىلىش، كۆز يېشى، ئازاپ ـ ئوقۇبەت، دەرت ـ ئەلەم!... دىمىسىمۇ، مۇھەببەتتە بۇلار بولماي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداقتىمۇ ئازاپ ـ ئوقۇبەت خىلمۇ ـ خىل بولىدۇ. ناۋادا كېيىن ساق ـ سالامەت بولسىڭىز؛ ناۋادا يەنە يارىلانسىڭىز، يارىڭىز ئېغىر بولمىسا، قايتىپ كەلسىڭىز؛ يەنە قانداق بولىدۇ؟... مەكتەپتە نەچچە يىل ئوقۇدىڭىز؟

ـــ يەتتە يىل.

ـــ كەسپىڭىزچۇ؟

ـــ كەسپىم بار ئىدى... لېكىن يەنە تاشلىۋەتتىم.

ـــ مانا قاراڭ، قاراڭ، ـــ ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ لىدامۇ تۆت ئاچا يولدا تۇرۇۋاتىدۇ. ھەتتا تىببىي ئىنىستىتۇتنىمۇ تېخى تۈگەتمىدى. قىسقىسى، مىخائىل، قۇرامىغا يەتكەن ئادەمدەك بولۇڭ. مۇناسىۋىتىڭلار بەكمۇ تېز قويۇقلىشىپ كەتمىسۇن. سىز بىلىسىز، بەزى ئىشلار، ئاشۇنداق بەزى ئىشلار... گېپىمنى چۈشىنىۋاتقانسىز...

ـــ دۇرۇس. ھەممىنى دىگۇدەك چۈشەندىم. ـــ چاچراپ قوپۇپ، پەلتويۇمنى كىيىشكە باشلىدىم. لېكىن بۇ قۇرۇپ كەتكۈر پەلتو مىنى كىيمىسۇن دەپ قېرىشقاندەك، يارىدار قولۇم قولاشماي، چىشىم بىلەن چىشلەپ ھەپىلىشىشىمگە توغرا كەلدى.

كىرىپسلونىڭ پۈرژىنىسى غىچىرلاپ كەتتى. ئانا ئالدىمغا كېلىپ، موۋۋت پەلتويۇمنى جىم ـ جىملا تارتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا، قورۇقلىرى ئارىسىدا نىمىدۇ بىرنەرسە پارقىرىدى.

ـــ كەتمەڭ، ئۇنى غەم ـ قايغۇغا سېلىپ قويىسىز. غەم ـ قايغۇ

بىلەن ئازاپ ـ ئوقۇبەت دىگەننى يەتكۈدەك تارتىۋاتىمىز.

ئانا دىلىغۇل بولۇپ قولىنى سوزۇپ، مۇرەمنى مېھرىبانلىق بىلەن سىلىدى، مەن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتكىلى تاس ـ ماس قالدىم.

ـــ بالام، جېنىم بالام! ـــ ئۇ قوللىرىنى چۇشۇردى، ـــ سۆھبىتىمىزنى ئۇنتۇپ كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ...بۇ مۇنـداقـلا دەپ قويغىنىم، ناھايىتى ئانا بولغۇچىنىڭ دەپ قويىدىغان گېپـى. ئانا بولغۇچـىنىڭ بەزىدە ئەقىل ـ ئىدرىكى بىلەن ھېس ـ تۇيغۇسـىمۇ بىر بىرىـگە تازا ياپ كەلمەي قالىدۇ. بەلكىم، خاتا دەپ قويغاندىمەن؟ بەلكىم، تەرـلەپ ـ پىشىپ ئىشلەپ يۇرۇپ، ھېرىپ ـ ئېچىپ قالغاندىمەن؟ ۋە ياكى جەبرى ـ جاپا دەستىدىن قاشاڭلىشىپ قالغاندىمەن؟ ھەرنـىمە بولۇشى مۇمكىن. مېنى كەچۇرۇڭ، خۇدا ھەققى...

ـــ نىمە دەۋاتىسىز؟ نىمە ئۇچۇن؟ ـــ لەۋلىرىم تىترەپ كەتتى، ـــ بىلەمسىز، مەن ھەقىقەتەنمۇ باشـقا ئىشـلارنى ئويـلىمايـمەن...مەن توغرىلىق ھەممىـنى يۇقۇرى ئويلىشـىدۇ، ئوزۇقـلۇق ئاشـلىـغىـمـنى خوجىلىق باشلىغى تارقـىتىدۇ، باشـقا ئـىش يوق. ـــ بىردەم جىـم تۇرغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدۇم، ـــ بۇنى دەپ ئازاپلانماڭ. ھەممە ئىش يولىغا چۇشىدۇ! دارىلئېتامدا ھەمىشە شۇنداق دىيىشەتتى، ـــ مەن زورىقىپ كۇلۇپ قويدۇم.

ـــ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز قانداق؟

ـــ مېنىڭ ئەھۋالىم؟ ئەھۋالىمنى تىلغا ئالغۇچىلىكـى يوق. مەن بىر ئەسكەر. ئەسكەر بولغۇچى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىـغىنى ئويلىمايدۇ، بولمىسا، خەيرلىك بولمايدۇ، ـــ دىدىم مەن چۇشەنـدۇرۇپ.

شۇ پەيتتە، لىدا ئۆيگە يۇگۇرۇپ كىرىپ، سۇت چېلەكنى ئۇستەل

www.uyghurkitap.com

ئۆستىگە قويۇپ، پەلتوسىنى يەشتى، ئاندىن...ۋاھ، دىگەن بىلەن كۆزى ئۆتكۈر قىز ـ دە!

ــ سىلەرگە نىمە بولدى؟ ئاراڭلاردا نىمە ئىش بولدى؟ ئانا!

ــ ھېچ ئىش بولمىدى. مەشكە ئوتنى يېقىپ قويۇپ، تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلاشتۇق. قاتتىق سوغاق ئىكەن، دەيدۇ سىڭلىڭ كىچىك ئەسكىرىڭ. ئەمدى ئۇنى ئىسسىتايلى، ئۇماچ ئىچسۇن! ئويلاپ باقىنا، ئۇ ھېچقاچان ئۇماچ ئىچىپ باقماپتۇ.

شۇنداق! ئۇ ئىيىق گۆشى يەپلا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن! ــ لىدا ئاغزىنى ئۆمچەيتتى.

بىز كراسنودار شەھىرىنى ــ كراسنويا كوچىسى، چكالوۋ كوچىسى ۋە باشقا كوچىلارنى ئايلاندۇق. لىدانىڭ ئانىسى بىلەن قىلغان سۆھ ـ بىتىم كاللامنى چىرمىۋالدى. بۇنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن. مەن مۇنداق گەپنى ئىسىدىن چىقىرىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس. ئىچكى دۇنيايىمدا مەلۇم ئۆزگىرىش، دەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، لىدا بىلەن بولغان مۇنا ـ سىۋىتىمنى يورۇقلۇق، ھاۋا، تاڭ سەھەر، كۈندۈزدەك تەسەۋۋۇر قىلات ـ تىم. ئۇ، بىلىندۇرمەي، تەبىئى ھالدا قەلبىمىزدىن ئورۇن ئىلىپ ۋە قەلبىمىزنى شاتلىققا چۆمدۈرۈپ، شۇ يەردە ياشىدى، گويا ھېچنىمە توغرىسىدا چوڭقۇر ئويلىنىشنىڭ ھاجىتى يوقتەك ئىدى. پەيدا بولدى، مانا شۇ. ئۇنىڭ نىمە ئىكەنلىگى، نىمە مەقسەتنى كۆزلەيدى ـ غانلىغى، نىمە ۋەجىدىن ئىكەنلىگى ــ بۇ، گويا بىز بىلەن مۇنا ـ سىۋەتسىزدەك بىلىنەتتى.

ئەسلىدە، تۇرمۇشتا ئاسانلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولىدىغان ھېچقانداق ئىش يوق ئىكەن. ھەتتا مۇشۇ ئىش، ئەمدىلا بىخ سۈر ـ

گەن، تېخى نامىمۇ يوق مۇشۇ ئىش سېنىڭ غەيرەتلىك ـ چىدامىلىق بولۇشۇڭنى، مەسئۇلىيەتنى زىممەڭگە ئېلىشىڭنى، ئاقىلانىلىقنى ئىپادىـ لىشىڭنى ۋە ئازاپ ـ ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىـ ۋاتىدۇ. ئۆتكۈزگۈم ھېلىمۇ پۈتۈمنى قىستايتتى، قاتتىق قىستىغاچقا، پۈتۈمنى تىزىمغىچە ئاغرىتىۋەتتى. مەن چىداشلىق بەردىم، ھەتتا كۈلۈپ قىزىقچىلىقمۇ قىلدىم، لېكىن بەزىدە كۈلكەم جايىدا بولماي، خىيالىم باشقا يەردە بولغاچقا، گېپىم قولاشماي قالدى. شۇڭا، لىدا ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، سورىدى:

ــ نىمە بولدى؟

مەن كۈلكىلىك بىرگەپنى قىلىپ، ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

ئايدىڭ كېچە، ئاسماننى يۇلتۇزلار قاپلىغان. شەھەردە بىرنەچچە ئۆينىڭ دېرىزىسىدىلا گۈڭگا چىراق نۇرى پىلىلدايتتى، لېكىن ئۇ ـ زۇن ئۆتمەي ئۇلارمۇ بارا ـ بارا ئۆچتى. شەھەر مەركىزى ۋەيران قىلىنغان، كوچىلار قول ئۇچىدىلا بىر قۇر تازىلاپ قويۇلغان، مانا ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارغىنلىق ئىچىدە جىمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پۈتۈن شەھەر قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. كىشىلەر ماڭىدىغان يولنىڭ قاسنىغى ۋە كىشىلەر ماڭىدىغان يول ئۈستىدىكى ئويمان ـ چوڭقۇرلار پارچە ـ پۇرات خىش ۋە ئەخلەت ـ چاۋالار بىلەن ھاپىلا ـ شاپىلا تولدۇرۇلغان. بۇ شەھەردە دەل ـ دەرەخلەر نۇرغۇن ئىدى، بەزى جايلاردا دەرەخلەرنىڭ ئۇچى بىر بىرىگە تۇتۇشۇپ، ئۇرۇش ـ نىڭ جاراھەتلىرى ۋە بۇزغۇنچىلىقلىرىنى يېپىپ تۇراتتى.

مەن پات ـ پات لىدانىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئەسكەرتىپ ماڭدىم:

ــ ئېھتىيات قىل، ئالدىڭدا بومبا ئازگىلى بار ئىكەن!

ــ پەخەس بول، ئالدىڭدا بومبا ئازگىلى! ــ دەپ ئۇمۇ مېنى

www.uyghurkitap.com

ئاگاھلاندۇرۇپ ماڭدى.

لىدانىڭ ئانىسى بىلەن قىلغان سۆھبەتتىن كېيىن، كۆڭلۈم پاراكەندە بولدى. قاتتىق پەرىشانلىق، ھەتتا پەرىشانلىقلا ئەمەس، بەلكى بىر خىل ئاغرىق ئازاۋى، ھېچقاچان باشتىن كەچۈرمىگەن بىر خىل ئاغرىق ئازاۋى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، يارىلىنىش، ئۈرۈلۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇششاق ئىشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاغرىققا ئوخشىمايدىغان باشقىچە ئاغرىق ئازاۋى ھېس قىلدىم. ئۆزەمنى بېسىۋېلىپ ئويلاندىم، باش قاتۇرۇپ ئۇنىڭ ئېتىنى ئويلاندىم، ئاخىرى يادىمغا ئالدىم — "ئازاپلىنىش!" بۇ، كىتاپلاردا، كىنو-فىلىملاردا كۆپ ئۇچرايدىغان سۆز، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىپتىكەنمەن، راستىنى ئېيتسام، ئىلگىرى ئۇنىڭ نىمىلىگىنى زادىلا بىلمەيتتىم.

ئۆتۈك ھەقىقەتەنمۇ پۇتۇمنى جاننى ئالغۇدەك قىستىغان ئىدى! يەردە يېتىۋالغۇم ياكى ئۆتۈكنى يېشىۋېتىپ، كراسنودار شەھرىدە يالىڭاياقلا ماڭغۇم كەلدى. لېكىن، مەن قەھرىمان جەڭچى، گۋاردىيە جەڭچىسى، ئېيىق تۇتىدىغان ئوۋچى، ماڭا مۇنچىلىك ئازاپ نىمىتى؟ مەن يەنىلا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خۇشال-خۇرام جەڭ ھېكايىلىرى توقۇدۇم:

— نېمىسلار بىزگە: "ئىۋان! ھەي ئىۋان! بىز تەرەپكە ئۆت! بىزنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىغىمىز ئالتە يۈز گىرام" دەپ ۋاقىرىدى. "يوقال كۆزىمىزدىن!" دەپ جاۋاپ بەردى بىزنىڭ ئادەملەر. ھەي، بىلەمسەن، نەگە يوقىلىدۇ؟...

— تەخمىنەن پەرەز قىلغىلى بولىدۇ، — دىدى لىدا يەنە پەرۋاسىزلا، — مەن ئىشقا چىققىنىمدا، ھەمىشە ئەسكەرلەر بىلەن باردى-كەلدى قىلىمەن.

— ئۆھۆ! — مەن يۆتىلىپ قويۇپ، ھىكايىنى داۋاملاشتۇردۇم: 
— ھەي نىمىسلار، پالانى - پوكۇنى يەرگە يوقلىش! ئۇزۇق-لۇغۇڭ ئۈچۈن بىر كىلوگىرامدىن بولكا بىرىمىز، بۇنىڭ بىلەنلا چەك-لەنمەيدۇ! — شۇ پەيتتە، قاقاقلاپ كۈلۈشكە باشلىدىم، لېكىن بىردىنلا لىدانىڭ كۆلمىگەنلىگىنى بايقاپ قالدىم.
ئۇ ئالدىمدا روبىرو توختاپ، ماڭا تىكىلىپ، كۈلكەمنىڭ توختىشىنى كۈتتى.
— مىشا، سەن ئانام بىلەن نىمىلەر توغرىلىق سۆزلەشتىڭ؟
راستىلا، بۇ قىز — بۇ كىچىك سىبىستىرانى سەل چاغلىغىلى بولمايدىكەن، بۇ، گازىر چاقسەن دەپ تاش چاينىۋىلىپ چىشىنى سۇندۇرۇۋالغان ئەخمەق قىز ئەمەس! ھەقىقەتەن پەخەسرەك بولمىسام بولمىغۇدەك!
— مۇنداقلا پاراڭلاشتۇق. پاراڭ كۆپرەك ئۇماچ توغرىلىق بولدى. ئۇقۇۋالدىم، ئەسلىدە ئۇ بىزنىڭ سىبىرىيىنىڭ ياڭيۇ بوتقى-سىغا ئوخشاپ كېتىدىكەن، لېكىن ئۇنى ياڭيۇدا ئېتىدۇ، بۇنى بولسا كۆممە قوناقتا ئېتىدىكەن.
— ناھايىتى چۈشىنىشلىك ئىزاھلىدىڭ. سۆزلەۋەر. لېكىن ئۇرۇش توغرىلىق سۆزلىمە. ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئىشلارنى غىق تويغۇدەك ئاڭلىدىم! — لىدا قولى بىلەن بوغۇزىنى سىزىپ ئىما قىلدى.
— ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ئۆز كەسپىدىن گەپ ئېچىپتۇ، دىگەن شۇ - دە... — گېپىمنى توختىتىۋالدىم، ئاغزىمدىن چىققىپ كەتكىلى قىل قالدى، — پىتلاپ كەتكەن مونچىغا ئامراق، دەيدۇ ئەمەسمۇ.
— ئەمىسە، شېئىر ئوقۇغىن، خەقلەر ۋەدىلىشىپ تېپىشقاندا

www.uyghurkitap.com

ھەمىشە شۇنداق قىلىشىدۇ! — دەپ تەلەپ قىلدى لىدا.

— شېئىر؟ ئېسىمدە يوق. ”كېسىۋەتتى دۇپ دەرىخىنى ئابىسىز قولتۇغى بويىدا...“ دىگەندىن باشقىنى ئۇقمايمەن.

— ئۇنداقتا ئاۋارە بولمايلا قوي. دوختۇرخانىدىكى ”خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى“ ئەسەرلىرىنىڭ ھەنىۋاسىنى ئۆگىنىپ بولغانمەن!

— ئەمىسە، «بىر كۈنى، قەھرىتان قىش مەزگىلى»نى ئوقۇپ بېرەيمۇ؟

— قارىغىنا، مۇشۇ كوچا دوقمۇشىنىڭ كەينىدە خىش-تاشلار دۆۋىسى بار، ئۇ بومباردىماندا ۋەيران بولغان باشلانغۇچ مەكتەپ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، مەن مۇشۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىغىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، كەڭ تارقالغان مۇشۇ قىسقىغىنا شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، ئەلا نەتىجە قازانغان ئىدىم.

— يارايسەن، ئەزىزىم كىچىك سېستىرا، ئىچ پۇشۇغۇڭنى قانداق چىقارسام بولاركىن-تاڭ؟

— ئەمىسە، ئانام بىلەن قىلىشقان پاراڭلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگىن!

— ھە-ھە! — مەن پىشانەمنى ئۇرۇپ قويدۇم، — ئېسىمدە! بىر شېئىر ئېسىمدە تۇرۇپتۇ! ئاجايىپ ئېسىل شېئىر! بىزنىڭ پەيدىكى كۆزەينەكلىك بىرەيلەن بۇ شېئىرنى ئوقۇغان ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى، كەچۈرگىن، ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇنى تاشلىۋېتىپتىكەن، ئۇنىڭ يۈرىگى پارە-پارە بولۇپ كېتىپتۇ، شۇڭا...

ئەمىسە، ئاشۇ «سەكپارە يۈرەك»نى ئوقۇپ بەرگىن.

مەن توختاپ، ئاسمانغا تىكىلگىنىمچە، ۋاقىراپ شېئىر ئوقۇشقا كىرىشتىم:

ئادەتتىكى ئەرزىمەسلا بىرنەرسە دەپ،
قارىمايمەن سىزگە ئوخشاش مۇھەببەتكە،
سۆيمەيمەن شۇنچە قىسقا، غەمسىز ـ ھېسسىياتسىز،
سۆيىمەن قايناق دىلىمدىن مەڭگۈلۈككە.
چوغدەك مۇھەببىتىم تەلەيسىز، پەرىشان
پىدا ئەيلەيمەن جاننى ئاڭا ھەر قاچان...

قاراڭ: تىتىلىپ كەتكەن كونا كىتاپتىن ئوقۇغان قىسقىغىنا شېئىر بۇگۈن گويا باشقىچىلا ئاڭلىناتتى، كۆلكىلىكمۇ تۇيۇلـمايتـتى ــ ئەكـسىچە، كىشىدە بىر خىل چىگىش تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى! ھەتتا كۆڭۈلنى بىر قىسما قىلىپ، ئازاپلايتتى. بۇ، ئۆتتۈكنىڭ پۈتنى قىستىـغانـلىقىدىندۇ، ئەتىمالىم؟ خەقلەرنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۆتتۈك بەك كىچىك كېلىپ قالسا، ھەتتا يۈرەك كېسەللىكىمۇ گىرىپتار قىلارمىش.

ــ ھىم، ساڭا نىمە بولـدى؟ ــ لىدا يۈزىـنى بۇرنىغىـچە قوڭۇر سېرىق تېرە شارپىسىغا پۈركىۋالـدى ــ ئۇنىڭ كۈلۈۋاتقىنىـنى، ياكى زەڭ قويۇپ ئاڭلاۋاتقىنىنى ئۇققىلى بولمايتتى.

ــ ئايىغى ئېسىمدە يوق. خاتىمىسىلا ئېسىمدە قاپتۇ.

ــ ئەمىسە خاتىمىسىنى ئوقۇغىن.

ئۇنتۇي دەيمەن غەمـنى بېرىـپ تەقـدىرگە تەن،
قاترايمەن ھەر تەرەپكە يۈرەك لەختە قان،
لېكىن ئىزىمدىن قالماي قوغلىشار ھامان
يېپيېشىپ رەھىمسىز قايغۇ، دەرت ـ پىغان...

مەن يەنە كېكەشلىدىم، كېيىـنكى مىـسرالارنى ئۇنـتۇپ كەتكەن ئىدىم. قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئەسلىدىم:

ــ ھېلىقى...ھېلىقى...ھە، تاپتىم! ــ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

قىسمەتنىڭ بىر قۇلىمەن، ھېچ ئامالىم يوق...
— ھىم...ھىلىقى...ھە، ئېسىمگە كەلدى!
چەكسىز شېرىن مەي ئىچىپ دەيمەن قۇتۇلسام،
كەيپىلىكتە كۆرىمەن نىگار ۋەسلىنى
خۇش تەبەسسۇم كۈلەر ماڭا ئۇنىڭغا باقسام...
ئايغىنى يەنە تاپالماي، بىرنەچچە مىسرا ئاتلاپ كەتتىم.
ناگاھان كىشلەرنى قىلسام مەغپىرەت،
يەنە مېھرىمله جېنىمنى نىسار ئەيلەپ،
نامايان بولۇپ مېنىڭ كۆزۈم ئالدىدا
پىچىرلايدۇ ئاستا: "سېنى سۆيىمەيمەن..." دەپ.

بىرھازا غىچە، ئىككىمىز قىمىر قىلمىدۇق، زۇۋان سۈرمىدۇق. ئېيتقۇسىز دەرت-ھەسرەت قەلبىمنى چىرمىۋالغان ئىدى. ئاسمان بوشلۇغىدا بىر ئايروپىلان يۇقۇرىغا ئۆرلەۋاتاتتى. باش تەرىپىمىز-دىكى مۇز قاپلىغان دەرەخ شاخلىرى شاراقلايتتى. قاراڭغۇ كوچىدىن چارلىغۇچىلارنىڭ پۇشتەك ئاۋازى پات-پات ئاڭلىنىپ قالاتتى، ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرگەن گۇمانلىق بەزى ئادەملەر تارقىلىپ، ئۆي-ئۆيلەرگە غىپپىدە كىرىپ كەتتى، لېكىن بىز يەنىلا زۇۋان سۈرمەي، ئۆز جايىمىزدا تۇراتتۇق.

— قانداق؟ — يۆتىلىپ قويدۇم مەن، — ئادەتتىكىدەكلا شېئىر، شۇنداقمۇ؟ لېكىن، ئەسكەرلەر بىر بىرىدىن كۆچۈرۈۋېلىشتى...

لىدا لام-جىم دېمىدى. مۇزلىغانلىقىدىن تۈگۈلۈپ، تۇلكە تېرى-سىدىن ئىشلەنگەن شارپىسى بىلەن ئاغزىنى يېپىپ، ئاستا ئۇھ تارتتى:

— "ناگاھان كىشلەرنى قىلسام مەغپىرەت، يەنە مېھرىمله

جىنىمنى نىسار ئەيلەپ...“ ــ ئۇنىڭ ئاۋازى تىترىدى. ئۇ بىردىنلا قۇلغىنى كەڭ كۆكرىگىمگە يېقىپ، ئاڭلانمىغۇدەك دەرىجىدە پىچىر-لىدى، ــ مېنى سۆيۈپ قويساڭمىغۇ كاشكى، ئېپىق ئوۋلىغۇچى!...

مەن مۇشۇ گەپنى ئاڭلاشنى ئۇزۇندىن كۈتۈۋاتقاندەك، شۇ هامان لىدانى باغرىمغا چىڭ باستىم، لەۋلىرىم يۇمشاق بىر نىمىگە تەككەندەك بولدى، دەرمەھەل پەرق ئېتەلمەي قالدىم، سۆيگىنىم تۈلكە تېرىسى ئىكەن.

ــ ئېست، ماۋۇ ئېيىق ئوۋلىغۇچىنى قارىمامدىغان، ئېيىق ئوۋلى-غۇچىنى...، ــ لىدا شىۋىرلىدى، ــ سەن-زە ياۋايى هايۋانلار بىلەنلا ياشىساڭ بولغۇدەك.

دىلىم رەنجىپ، قولۇمنى تارتىۋالماقچى بولدۇم. لېكىن، لىدا يۈزىنى يۈزۈمگە يېقىنلاشتۇرۇپ، خۇددى كىچىك بالىلار ئادەتتە سۆيۈشۈش ئالدىدا قىلىدىغىنىدەك، لەۋلىرىنى سوزدى. لېۋىمنى چىڭ يۇمۇپ لەۋلىرىگە بېسىپ، دېمىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ، تىن ئالمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەندىلا، قولۇمنى قويۇۋەتتىم.

يۈزۈمنى ئۆرۈپ، چوڭقۇر نەپەس ئالدىم.

بىز يەنە ئۇندىمەي، يۈزىمىزنى ئۆرۈپ، باشقا-باشقا ياققا قارىدۇق.

ــ مىشا، قارىغىنا، بۈگۈن ئاخشام قانچىلىك يۇلتۇز باردۇ، هە؟ ــ لىدا ئاخىرى ئېغىز ئاچتى، مەن ئاسمانغا لەپپىدە قارىدىم.

بۈگۈن ئاخشام يۇلتۇز ھەقىقەتەنمۇ نۇرغۇن ئىدى. كۆپىنى كۆر-گەن چوڭ يۇلتۇزلار يېقىن ئارىلىقتا بىر تەكشى نۇر چېچىپ چاراق-لاپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ كەينىدە بولسا، سان-ساناقسىز ئۇششاق يۇلتۇزلار پارقىراپ، كۆز قىسىشىپ، خىجىل بولغاندەك قورۇنۇپ مۆكۈشەتتى. كېچىچە ئۇخلىمايدىغان بۇ بەخت-سائادەت يۇلتۇزلىرى

چەكسىز ـ بىپايان ۋە سان ـ ساناقسىز ئىدى.

ــ مىشا، ئەتىمالىم، ئۇ يەردە بىزنىڭمۇ كىچىك يۇلتۇزىمىز باردۇ، ھە؟

ــ بەلكىم باردۇ، لېكىن بىز بىلەن ئالاقىسى يوق!

ــ ئاھ، ئەجەپ قوپال ئىكەنسەن ـ ھە! ــ لىدانىڭ پەيزى ئۆچتى، ــ نىمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىۋاتقىنىڭنى بىلمەن...

مەن سەگەكلەشتىم، ئالدىراپ ـ تېنەپ: ئۇنىڭ ھېچنىمىنى بىلمەيدىغانلىقىنى، مۇنداق قوپاللىقنى دارىلئېتامدا ۋە ھەربى لاگېردا يوقتۇرۇۋالغانلىقىمنى، بۇنى پۈتۈنلەي چۈشەنگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتىم.

ــ مىشا، سەن ئانام بىلەن نىمە دېيىشكەنلىكىڭنى راستلا ئېيتـ مامسەنا؟

ــ راستلا ئېيتمايمەن!

ــ مەيلى ئەمىسە! سەن ھەقىقىي ئەزىمەت، ھەقىقىي جەڭچى ئىكەنسەن! ــ ئۇ قولىنى مووۋت پەلتويۇمنىڭ قايرىما ياقىسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ، مېنى ئىتتىرىپ ـ ئىتتىرىپ قويدى. ــ مىجەز ـ خاراكـ تېرىڭ پولاتتا ئوخشايدۇ، سىر ساقلىيالايدىكەنسەن. مەن بولسام ئاجىز قىز. شۇنداقتىمۇ، مېنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئاۋۇ كىچىك يۇلتۇزغا قارىغىنا. ئەنە ئاۋۇ، يەتتە تىكەن يۇلتۇزىنىڭ يېنىدىكىگە...

بىز يەنە سۆيۈشتۇق، بۇ يۇلتۇزلار ئۈچۈن بولدى، بۇ دورەم يۇزىمىزنى ئۆرۈۋالمىدۇق. مەن ئۇنى مووۋت پەلتويۇمنىڭ ئېتىكىگە ئورىۋالدىم، ئۇنىڭ تىنىقلىرىنىڭ كۆكرىكىمنى ئىللىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇ نە قەدەر لەززەتلىك، نە قەدەر ھوزۇر دېسىڭىزچۇ. ئۇنى تازا چىڭ قۇچاقلىۋالغۇم كېلەتتى. ئۇ، گويا يۇمران تۈكلۈك

قۇشقاچ بالىسىغا، خۇددى سېرىق قۇشقاچقا ئوخشاش، نازۇك، يېقىم-لىق ۋە يۇمشاق ئىدى. ئۇ، ئەخمەق قىزلارغا ئوخشاش لام-جىم دىمەي، ماڭا چىڭ يېپىشۋالغان ئىدى! ئۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتكۈل سوۋېت خەلقى ئۈچۈن نىمە ئىشلارنى قىلسام بولاركىن-تاڭ!...

مىشا، سەن ئىلگىرى سۆيۈشكەن...ھىم...قىزلار بىلەن سۆيۈش-كەنمىدىڭ؟

— ياق، سۆيۈشمىگەن. پۇرسەت بولمىغان ئىدى.

مەنمۇ سۆيۈشمىگەن.

ئۇنى ئۆزەمدىن سەل نېرى قىلىپ، ئىشەنمىگەندەك چىرايىغا تىكىلدىم. ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— راست، راست گېپىم. ھېلقى شاۋۋېي ماكىرىن مېنى ئىككى قېتىم ئۇزىتىپ قويىدى، لېكىن سۆيۈشمىدۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمۇ سۆيگۈزمەيتتىم...

— سەن مېنى ھەسەت قىلىدۇ، دەپ ئويلايدىغانسەن، بەلكىم؟ — مەن "ھىم" دەپ قويۇپ، قاقاقلاپ كۈلدۈم. لېكىن كۈلكەم تەبىئى چىقماي، كىكىرتىگىمگە بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. "بۇنىڭ ھاجىتى نىمە!" دەپ ئۆزەمگە ئاچچىغىم كەلدى.

— مېنىڭ بىلەن مۇنداق تەلەپپۇزدا سۆزلەشمەيلا قوي. — لىدا-نىڭ دىلى ئازار يەپ، ئاۋازى تىترەپ كەتتى. — قارا، سەن پالاكەت قارامنى!

— خوپ، گەپ قىلمايلا قوياي! — ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ، چېكەم بىلەن يۇزىنى ئۇستۇم، بىز يەنە سۆيۈشتۇق.

تۈن نىسبى، بىز پۇشكىن كوچىسىدا، شامال كۆرسەتكۈچ ئورنى-تىلغان ئۆينىڭ يېنىدا تۇراتتۇق. سوۋادان تېرەك توسۋالغاچقا،

www.uyghurkitap.com

شامال كۆرسەتكۈچ كۆرۈنمەي قالدى. ناگان ـ ناگاندا، ئۇنىڭدىن تۆمۈر ئەسۋاپنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن غىچىرلىشى ئاڭلىناتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالاتتى. شۇ پەيتتە، يالىڭاچلىنىپ قالغان سۇۋادان تېرەك شاخلىرى بىر بىرىگە تېگىپ شىلدىرلىۋىدى، شاخلاردىكى مۇز پارچىلىرى شاراقلاپ ئالدىمىزغا چۈشتى. كوچىدا يىغىلىپ قالغان قارلار يوق، تار ـ خالتا كوچىلارنىڭ بەزى يەرلىرىدىلا قارىداپ قالغان ئاق داغلار كۆرۈنەتتى. ھەقىقىي سوغاق تېخى باشلانمىغان، نەملىكمۇ يوق، بۈگۈن ھەتتا كۇبان يايلاقلىرىنى ھەمىشە قاپلىۋالىدىغان، كىشىنى بەزگەك كېسەللىكىگە مۇپتىلا قىلىدىغان نەملىكمۇ يوق ئىدى. بۇ قانداق گۈزەل، يېقىملىق كېچە ـ ھە! لېكىن، يۈرەكنى قاتتىق ئازاپ، چىدىغۇسىز ئازاپ قىينايتتى.

مەن تۇرۇپ پارقىراپ، تۇرۇپ خۇنۇكلىشىپ كېتىۋاتقان ئۇششاق مۇز پارچىلىرى — كىچىك يۇلتۇزلارنى ئۆتۈكۈمنىڭ تۇمشۇقى بىلەن تېپىپ ئوينايتتىم، گەپ ـ سۆز قىلمىدىم، كۆڭلۈمدە كېتىش كېرەكلىكىنى، كېتىدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ، پۇتلىرىم خۇددى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك تۇيۇلاتتى.

شەھەرنىڭ جىمجىت، بوش قالغان تار كوچىلىرى بىلەن دوختۇرخانىغا قايتتىم، بومبا ئازگاللىرى ئۇچرىمىدى، ئۆتۈكۈمنىڭ پۇتۇمنى قىستىغانلىقىنىمۇ سەزمىدىم، بەلكى سەپتە كېتىۋاتقاندەك قەدەم تاشلاپ، لىدانىڭ ئانىسى ماڭا دېگەن گەپلەرنى ئۇنتۇپ، بىزنىڭ تۆەندىكىلەر ياخشى كۆرىدىغان ناخشىنى تۇۋلىغىنىمچە ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردىم:

ئېگىز كۆتىرىپ تۇغىمىزنى،

ئىگىز كۆتىرىپ تۇغىمىزنى،
تارمار قىلايلى دۈشمەننى!
ۋەتەن يولىدا، سوۋېت تۇپرىغىنى قوغداش يولىدا،
يولداشلار، دوستلار، باتۇرانە باسايلى ئالغا!...

دۇنيادىكى ھەممىگە پەرۋاسىز قارايتتىم. شاتلىقتىن كۆڭلۈم يايراپ كەتكەچكە، ئۇچرىغانلىكى ئادەم بىلەن قۇچاقلاشقۇم، سۆيۈشكۈم كېلەتتى. لېكىن، ماڭا ئۇچرىغانلار سۆيۈشكىلى بولمايدىغان ئادەملەر ئىدى.

تولىمۇ خىلۋەت، قاراڭغۇ بىر خالىتا كوچىدا بىرنەچچە "قاراقچى" يولۇمىنى توسىدى — ئۇ چاغلاردا، كراسنوداردا مۇنداقلار تولا ئىدى.

ئۇلار ھىجىيىشىپ بۇيرۇق چۈشۈردى:

— ھوي توختا! ئايلىنىپ يۈرۈۋەرمە-ھە، بۇلبۇل!

— سىلەر نىمە قىلماقچى؟

— كىيىم، كىيىمىڭلا كېرەك، بۇلبۇل! خىجالەتچىلىكتە قالماسلىغىڭ ئۈچۈن، يالاڭ ئىشتىنىڭنى قالدۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن.

— رەزىل تەنتەكلەر! — دىدىم يەكگىل ئۇھ تارتىپ ۋە بىر توپ تەنتەك ئوغرىلارغا يولۇقۇپ قالغانلىغىمنى بىلدىم. مۇنداقلارنى دارىلئېيتامدا كۆپ كۆرگەن، ئۆزەممۇ كىچىگىمدە مۇنداق "كەسىپ"نى قىلىپ باققان ئىدىم.

— مەن ھەربى دوختۇرخانىدىن! — دىدىم مەن. ئۇ چاغلاردا، ھەرقانداق ئوغرى ھەربى دوختۇرخانىدىن چىققانلارغا چېقىلمايتتى. بولمىسا، ئۇ ۋىژدانىنى يوقاتقان ئەبلەخلەردىن بولۇپ قالاتتى.

ئۇلار قول چىرىغىنى يورۇتۇپ ماڭا سەپ سالدى-دە، قول

چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ: "ئەپۇ قىلىڭ!" دېدى ۋە مېنىڭدىن تاماكا سورىدى. يېنىمدىكى ماخوركىنىڭ ھەممىسىنى بۇ جەلىگۈرلەرگە تۆكۈپ بەردىم، ئۇلار خارابىلەر ۋە ئورمان قاراڭغۇلۇغى قوينىغا غىپپىدە شۇڭغۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى. مەن يەنە ناخشامنى ئېيتـ-قاچ، يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم:

ئىگىز كۆتىرىپ تۇغىمىزنى!
ئىگىزكۆتىرىپ تۇغىمىزنى!...

"قاراقچى"لار ناخشامنىڭ ئۇدارىغا تەڭكەش قىلىپ ئىسقىرتىپ، قاقاقلاپ كۈلۈشتى:

— بۇ ئەسكەر سۆيۈق دورىنى قانغۇدەك ئىچكەن ئوخشىمامدۇ!

لېۋرىكنى پويىز ئىستانسىسىغا ئۈزىتىپ چىقتىم. ئۇ تېرەك ياغىچى-دىن ياسالغان ھاسىسىغا تايىنىپ، مېنىڭ بىلەن مۈرىسىنى-مۈرىگە تىرەپ كېتىۋېتىپ، تىنىماي تاماكا چېكەتتى ۋە نىمىشقىدۇ ھاسراپ كۆسۈلدايتتى، قانداقلىكى بولمىسۇن، چېنىقمەن، فۇتبولمۇ تېپىمەن، دەيتتى، يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلاردىنمۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى. لېۋرىكنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ساراتوۋلۇقلار قالتىس ئىكەن، ھەننى-ۋاسى فۇتبولچىلار ۋە گارمونچىلار ئىكەن، ھەتتا ناخشىلىرىمۇ بىر بىرىدىن يېقىملىق ئىمىش.

— ئۆپكەڭدە يەنە تۆشۈك تۇرسا، جېنىڭنى ئۈپرىتىپ نىمە قىلىـ-سەن؟ — دېدىم مەن. لېكىن، ئۇ جاۋاپ بەرمەي، ماڭا گۇدۇڭلا-ۋەردى:

— ناۋادا ھەربىي خىزمەتتىن ئۇزۇل-كېسىل بوشانساڭ، بىر يوللا مېنىڭ قېشىمغا كەل. قانداقلىكى بولمىسۇن، ھامان بىرەر يەردە ماكانلىشىشىڭ كېرەككۇ. مېنىڭ ئاتا-ئانام ھايات. ئۇنىڭ

ئۈستىگە بىزنىڭ شەھەرنى سەنمۇ بىلسەن. سا...را...توۋ دېگىنە!
— بىلىمەن: "ئېھ ساراتوۋ، شەۋكەتلىك شەھەر"، ۋاھاكازالار...
— مەن ساڭا رەسمىي گەپنى قىلىۋاتىمەن!
— خوپ، ئۈرىيۇك، بىر گەپ بولار. كەل ئەمدى، قۇچاقلىشىۋالايلى.
— كەل ئەمسە، — دېدى ليۇرىك، ئۇنىڭ ئوق تېشىۋەتكەن مەگزى تارتىشقا باشلىدى. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلىدى، ھاسسىنىڭ بېشى دۈمبەمگە تىرىلىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ بوپىسىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇۋالدىم. ئىككىمىز شۇ ھالەتتە، خۇددى چېلىشىۋاتقاندەك، بىرھازا تۇردۇق.
ھېلىقى شاۋۋېي ماكرىن ليۇرىك بىلەن بىر پويىزدا ماڭاتتى. ئۇ يارىشىملىق كۆلرەڭ ھەربىي پەلتو كىيىۋالغان ئىدى. دېمەك، ئۇ ھېلىقى جۇۋىنى خەقتىن ئارىيەت ئاپتىكەن، مەن بۇنىڭ ئۈچۈن بىرمەزگىل بىكاردىن-بىكار كۆڭۈل ئاغرىغى تارتىپ يۈرۈپتىمەن. شاۋۋېي بۇرۇتىنىمۇ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. ئەمدى، ئۇ بۇرۇتىنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق لازىمى يوق. ئۇ ئالدىنقى سەپكە كېتىۋاتاتتى، ئۇ تەرەپتە قىزىقتۇرۇپ ئېزىقتۇرغۇدەك ھېچكىم يوق. قىسىمدا بىر-ئىككى قىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلار ئاللىقاچان كۆپ قېتىم ئېزىقتۇرۇلۇپ بولغان.
شاۋۋېي بىلەنمۇ قۇچاقلاشتىم. ئۇ مۇرەمگە قېقىپ، كۆمۈش قاپلىتىلغان چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، خوشاللىق بىلەن ئېيتتى:
— ھەي، مورلاردەك رەشىك قىلغۇچى ھەسەتخور، شەھەرنىڭ تەرتىپىگە دىققەت قىلغىن، جۇمۇ.
مورلارنىڭ كىملىگىنى بىلەتتىم، شۇڭا مۇنداق ئاتاش قۇلىقىمغا

خۇش ياقمدى، لېكن شاۋۋېي جەڭگە كېتىۋاتاتتى، مۇنداق ئاخرقى پۇرسەتتە يەنىلا جدەللەشسەك قاملاشمايتتى. شۇ سەۋەپتىن، ناھايتى دوستانە جاۋاپ بەردىم:

— ئىشەنسەڭ بولىدۇ، مەن بۇ شەھەرنىڭ تەرتىۋىنى چوقۇم ساقلىيالايمەن. سەن ئۇ تەرەپتە ھېلىقى سەرگەردان دۆلەت باشلىغىنى تارمار قىلغىن...

يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىگىدە ھادىسە يۈز بەرگەچكە، تىكۈچىلىك كارخانىسىنىڭ ھېلىقى ياردەمچى-يېتەكچىلىرى بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار، 8-مارت خەلقارا خوتۇن-قىزلار بايرىمىنى تېخىمۇ قىزغىن تەبرىكلەش ئۈچۈن، كارخانىغا مەلۇم ساندا ئەر ھەمرالار ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

”ئەر ھەمرالار“ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن ياردارلار ۋە كېسەللەر ئىچىدىن تاللاندى، مەنمۇ تاللاندىم. لېۇرىك كەتكەندىن كېيىن، دوختۇرخانىدا ئۇزاق ۋاقىت يېتىش جەريانىدا تونۇشقان يېقىن ھەمرالىرىم دوختۇرخانىدىن كەتكەندىن كېيىن، تازىمۇ ئىچىم پۇشتى.

كۆڭلۈم پاراكەندە بولۇپ، ئولتۇرالماي قېلىشىمدا يەنە بىر سەۋەپمۇ بار ئىدى — مەن دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان كۈنمۇ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى، بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرەتتىكى...

گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭمۇ ئاز-تولا كۆڭۈل ئاچقۇم كەلدى، چۈنكى لىدا نۆۋەتچىلىك قىلىشقا بىر سوتكىدىن كېيىن كېلەتتى، بۇ بىر سوتكا گويا چېكى يوقتەك ئۇزاق بىلىنەتتى. بۇ ۋاقىتنى سېزە-

سەزمەي ئۆتكۈزۈۋېتىش كېرەك ئىدى.

تىكۇچىلىك كارخانىسى يەر ئاستى ئۆيىگە جايلاشقان، ئۇ يەر ئەسلىدە بۇ كارخانىنىڭ ئامبىرى ئىدى. تىكۇچىلىك ئىشلىرى ئىشچىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن، شۇنىڭدەك شەھەردىن خىش-كېسەكلەرنى تېرىپ كېلىپ، پۈتكۈل بىر قەۋەت بىنانى سالغان. لېكىن، ئۇلار دېرىزە راملىرىنى ھەر-قانداق قىلىپمۇ تاپالمىغاچقا، يېڭىدىن سېلىنغان بىر قەۋەت بىنانىڭ دېرىزىلىرىنىڭ ئورنى رام ۋە ئەينەك سېلىنىشنى كۈتۈپ، قاپ-قاراڭغۇ ئۆڭكۈردەك قارىيىپ تۇراتتى.

يەر ئاستى ئۆيىدە، تىكۇچىلىك ماشىنىلىرى، كىيىم پىچىش ئۈستىلى، شۇنىڭدەك كىيىم تىكىشكە لازىملىق باشقا تۈرلۈك بۇيۇم-لار ۋە ئەسۋاپ-سايمانلارنىڭ ھەممىسى يىغىشتۇرۇلۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا دۆۋىلەنگەن. بوشىتىلغان يەرگە ياغاچ تاختايلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بىرنەچچە خىزمەت ئۈستىلى قاتار قويۇلغان. دۆۋە-دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەنگەن خىشلار ئۈستىگە قىسقا كۆتەكلەر قويۇلغان ئىدى.

ئۈستەلدىكى يېمەكلىكلەر ئاساسەن كۆكتاتلىقتىن كەلتۈرۈلگەن. قارىغاندا، بۇ يەردە ئىشلەيدىغان قىزلارنىڭ كۆپچىلىكى يېزا بازار-لىرىدىن كەلگەندەك قىلاتتى، ئۇلار ئۆيلىرىدىكى نەرسىلەرنى ئىمكان قەدەر بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن: تۇزلانغان تەرخەمەك، بەيسەي، پەمىدۇر، چىلانغان ئالما، — ئۈستەل ئۈستىدە ۋە ئاستىدا نۇرغۇن بوتۇلكىلىق ۋىنولارمۇ تۇراتتى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ خۇسۇسلار ئېچىتقان بوتۇلكىلىق ئاق هاراق ئىدى. قىپ-قىزىل ۋىنولار، بايرام كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش ۋە قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن، پەقەت

"ئاياللارنىڭ ئىچىشىگە تەييارلانغان" ئىدى.

مەن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم، بۇنىڭ سەۋىۋى، شىپىتوپالوۋ- ئەزەربەيجانلىق كولىيە، يەنە باشقا بىرنەچچە تونۇشلارمۇ تىكۇچى ئايال ئىشچىلارغا مېھمان بولۇپ كەپتۇ. پەلىپەتىش كىيىنگەن ناتونۇش يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار قورۇنۇپ، بۇلۇڭغا بېرىۋالغان، نىمە قىلارىنى بىلمەيتتى، ئۆزلىرى ئالغان رولنى — خوتۇن-قىزلار بايرىمى يىغىلىشىنىڭ ئەرلەر رولىنى تولىمۇ غەلىتە، تولىمۇ سۇنئى ھېس قىلىشاتتى! ئۇلار نائىلاج كەلگەن ئىدى!

بۇ يەردە شىپىتوپالوۋلا، بىلىق سۇغا كىرگەندەك، ماسلىشىپ-چىقىشىپ كەتتى. ئۇ "ئىتتىلىپ تۇرغان" ئەر قىرىنداشلىرىغا ھە دەپ مەدەت بېرەتتى، گەپ ئارىلىغىدا يەنە كۆپچىلىككە: يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تولۇقلانغان لىيەننى باشلاپ ئالدىنقى سەپكە بارىدىغانلىقى، ئەزەربەيجانلىق كولىيەنى ئۆزىنىڭ لىيەنگە كىرگۈزۈپ، ئىنتايىن باتۇر جەڭچى قىلىپ يېتىشتۈرىدىغانلىقى، كېيىن ئۇنىڭ كۆكرىگىگە لىق ئوردېنلار ئاسقان ھالدا ئاكىستافاغا قايتىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ قېلىشى ئېھتىماللىقى، ئۇ يەردە ھاراق-شاراپ ۋە قىزلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا كولىيەنىڭ دەپ بەرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئاگىنىيە دوختۇر سىنى قانداقسىگە قويۇۋەتتى؟ — ئۇ بىردىنلا گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋەتتى.

— ئاران ئۇنىدى — دىدىم مەن ئۇستەل يېنىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن قىزلارغا بېشىمنى ئېغىتىپ، — ئۇلار دوختۇرخانىمىزغا يېڭى كىرلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولۇشتى...

— ھە...ھە، راست، كىرلىكلەرگە ئۈستى-ئۈستىلەپ ياماقلار

چۇشۇپ كەتكەن. شۇنداقتىمۇ قانداقسىگە؟ — شىپىستوپالوۋ لىدانىڭ مېنى قانداقسىگە قويۇۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى سورىماقچى ئىدى. لېكىن، بۇ يىگىت شاللاق بولسىمۇ، ھەر ھالدا كىشىنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئۇ شۇ ئان قاقاقلاپ كۈلۈپ، خوشال-خۇراملىق بىلەن ھەممەيلەنگە ئۆزىنىڭ ئەزەربەيجانلىق كولىيە بىلەن بىرلىكتە "تاختاي تام يول خېتى" بىلەن ئىش كۆتۈرۈپ تۇرۇش بېكىتىدىن چىققانلىقىنى يەنى تاختاي تامدىن ئارتىلىپ چۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

تىككۈچىلىك كارخانىسىنىڭ باشلىقى نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇ ھاسا تۇتقان تەمبەل قاۋۇل يىگىت بولۇپ، بىر كۆزىگە ئاق داكا تېڭىلغان ئىدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇ نۇتۇق سۆزلىمىدى، پەقەت تەبرىكلەش يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەققى-تۇرقىنىڭ تەنتەنىلىك يىغىنغا ئانچە ياراشمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، دەرھال ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسىگە سۆز بەردى.

— ئۇ ساغلام، ئىشچان ئايال، — تونۇشتۇردى كارخانا باشلىقى، — ئۇ تىككۈچىلىك سېخىدىكى ئەڭ ياخشى ستاخانوۋچى — بۇ گەپ ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇردى ۋە ئەندىشىگىمۇ سېلىپ قويدى.

ئۇ، سۆز تېكىستى بولمىسىمۇ، باشتىلا پىششىق سۆزلىدى:

— بىز سوۋېت خوتۇن-قىزلىرى ئەمگەك سېپىدە كۈچىمىزنى ئايىمايمىز... — ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىز بۇ يەردە يىغىلىش ئۆتكۈزۈۋاتىمىز، بەزىلەر ئۇ يەردە قان تۆكۈۋاتىدۇ، — دېگىنىدە، كۆز ياشلىرى يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، سۆزلىيەلمەي قالدى. نۇرغۇن قىزلارمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، باشلىرىنى چايقاپ، ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. كارخانا باشلىقى بىر كۆزى بىلەن بىزگە ھەسرەتلىك قاراپ قويۇپ، ھەممەيلەننى ئورۇن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

www.uyghurkitap.com

شېستوپالوۋ تەبىئى يوسۇندا بايرام پائالىيىتىنىڭ باشقۇرغۇچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل خاھىشى، مىجەز-خۇلقى، تەلەپلىرىنى چوڭقۇر چۈشەنگەچكە، كىمنى كىم بىلەن بىللە ئولتۇرغۇزۇش كېرەكلىكىنى خېلىلا توغرا قىياس قىلالايتتى.

ئۇ "ئۆز يىگىت" بولغان ماڭا ئالايىتەن كۆڭۈل بۆلۈپ، يېنىمغا چوڭ ئويما ياقىلىق قارا كۆينەك كىيگەن بىر قىزنى ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ قىزنىڭ ئىگىز پۈتلۈق قەددىنىڭ بويىنغا ئوخشايدىغان چىرايلىق، زىلۋا بويىنى چىقىپ تۇراتتى، بويىنىدا بىر قاتار سېرىق مارجان بولۇپ، ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرغان بىرنەرسىنى، بىر "مونەك"نى — دارىلئېتامدا شۇنداق دەيتتى، — ئېسىۋالغان، بۇ "مونەك"نىڭ ئۈستىدە گۆھەردەك بىرنەرسە خۇددى مۆشۈكنىڭ يېشىل كۆزىدەك چاقنايتتى. قىزنىڭ خورما رەڭ، ئۇچى بۈجۈغۇر سۇمبۇل چاچلىرى كېلىشكەن، چىرايلىق بويىنغا دولقۇندەك يېيىلىپ، مۈرىلىرىنى سەل يېپىۋالغان ئىدى. قىزنىڭ چاچلىرىغا رەڭداش كۆزلىرىدىن قېنىق قوڭۇررەڭ نۇرچاقناپ تۇراتتى، ئۇ قورۇنماستىن، ئازادە، بىرئاز تەكەببۇرانە ھەركەت قىلاتتىيۇ، نەشتەردەك سانچىلمايتتى. شېستوپالوۋ قىزىقچىلىق قىلىپ كۈلكىلىك بىرگەپ قىلىۋىدى، قىز بىمالال، ناھايىتى قاتتىق جاۋاپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نائىلاج ئۈستەلنىڭ نېرىقى بېشىغا غىپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۇ يەردە قوي كۆزلۈك بۇلماقتەك بىر قىزنى قوچاقلىۋېلىۋىدى، ئۇ بىچارە قىز، ۋىنو ئىچىش ۋە پاراڭ سېلىشىش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تىن ئالالمايمۇ قالدى.

لېكىن، مەن قورۇنۇپ ئولتۇراتتىم. يېنىمدا ئولتۇرغان ژېنىيەدەك قىزلاردىن (قىزنىڭ ئىسمىنى ماڭا شېستوپالوۋ دەپ بەرگەن ئىدى)

ئاز ـ تولا ئەيمىنەتتىم، بىزدەك ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا قولى يەتمەيدۇ، دەپلا ئويلايتتىم. شۇڭا، "رەسمىيەتچىلىكنى قىلىپ بولۇپ"لا، بالدۇرراق پۇشكىن كوچىسىغا قېچىپ كېتىشنىڭ كويىدا بولدۇم. ئەلۋەتتە، لىدانىڭكىگە يەنە كىرىشكە پېتىنالمايتتىم، لېكىن شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرسەممۇ مەيلى ئەمەسمۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ سۈت سېتىۋالغىلى، سۇ ئېلىپ كەلگىلى ياكى بىرەر ئىش قىلغىلى چىقىپمۇ قالار؟...

— سىز ئەجەب ھالىمدىن خەۋەر ئالايمۇ دېمەيسىز ـ ھە! — ژېنىيە خىيالىمنى بۆلۋەتتى.

— بۇنى... ئۇقمايدىكەنمەن... بېشىمدىن ئۆتمىگەن... — مەن ئوڭايسىزلىنىپ، شۇ ئان قوسىغى چوڭ كومزەكتىن ئۇنىڭغىمۇ، ئۆزەمگىمۇ ۋىنو قۇيدۇم، ـ بايرىمىڭىز خوشال ئۆتكەي، خوتۇن ـ قىزلار بايرىمىڭىزغا شات خوراملىق تىلەيمەن!

— سىزگىمۇ مۇبارەك بولغاي! — ژېنىيە مېنىڭ بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، كۆپ قىرلىق قەدەھتىن ۋىنونى ئاستا شۈمەردى. مەن ۋىنونى گۈپپىدە ئىچىۋېتىپ، ئۇنىڭ گويا مېنىمۇ ئايال كىشى ھېسابلاپ، زاڭلىق قىلىۋاتقىنىنى چۈشىنىپ قالدىم! "خەپ" دېدىم ـ دە، بىر پەيتنى تېپىپ، ئۇنى چېقىۋېلىش نىيىتىگە كەلدىم. لېكىن، شۇ ئەسنادا گارمون چېلىنىپ، ھەممەيلەن «شامپان كۆپۈكى» ناملىق تانگو ئاھاڭىغا سىلىنغان، ئەينى ۋاقىتتا ناھايىتى مەشھۇر ناخشىنى چېچىلاڭغۇ، ئىگىز ـ پەس ئېيتىشقا باشلىدى، لېكىن ناخشا ئاستا ـ ئاستا رەتكە چۈشۈپ، ئۇدارغا ماسلاشتى: "سۆيۈملۈك يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ، ماڭغاندا مەشرىققە ئايلىنىپ، جىمجىت دون دەرياسى ئۈستىدە، قىپقالدى زاراڭنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

شېخىدا، ئامرىغىم ياغلىغىڭ ئىلىنىپ...»
ناخشا ئاخىرلىشاي دېگەندە، مۇنداق مىسرالار ئوقۇلدى:
ئېنىقراق ئاڭلالماي قالدىمغۇ،
جانانىم ناۋاتتەك گېپىڭنى،
ۋە لېكىن ھەسرەتتە پەرىشان،
كۈتىسەن، بىلىمەن، سەن مېنى؛
ئەمەس ئۇ ئوتقاشتەك ياپراقلار،
دەريانىڭ بويىنى قىزارتقان،
بىلىپ قوي، ئۇنتۇما دىلبىرىم،
ئۇ بىزنىڭ قېنىمىز — ئاققان قان.
بارلىق ئاياللار ۋە قىزلار ياش تۆكتى، بەزىلىرى داستىخاندىن قوپۇپ سىرتقا يۈگۈرۈپ، ھۆكرەك ئېتىپ يىغلىدى.
بۇ — چۈشىنىشلىك، ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ۋە ئوغۇللىرى ئۆلتۈرۈلگەن. ھەممەيلەن تەرلەپ-پىششىپ ئۇلارغا نەسىھەت قىلدى، ئۇسسۇلۇق ئىچكۈزدى، ئۇلارنى يېتىلەپ كېلىپ يېڭىۋاشتىن ئورۇنلىرىغا ئولتۇرغۇزدى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى قىزارغان، كۆڭلى پەرىشان، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى.
يېنىمدا ئولتۇرغان ژېنىيەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، لېۋىنى چىڭ چىشلەپ، كىرپىكمۇ قاقماي، نەگىدۇ ھاڭۋېقىپ تىكىلەتتى.
مەن تېخىمۇ ئەيمىنىپ قىمىر قىلمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭغا تېگىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن، مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋېرىشمۇ ئەدەپسىزلىك بولاتتى. شۇڭا، تەخسىگە ئازراق سوغاق سەي سېلىپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە چىلانغان ئالمىنى قويۇپ، تەخسىنى ژېنىيەنىڭ

ئالـدىغا قويـدۇم ـ دە، مۇرىسىگە نوقۇدۇم:
— ژېنىيە، ئازراق بىرنىمە يەڭ!
— ھە؟ نىمە؟ — ژېنىيە تىترەپ كەتتى ۋە يىراقـلارغا كەتـكەن خىيالىدىن ئويغىنىپ، مىننەتدارلىق بىلەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.
— رەھمەت، مىشا! راستلا بىرنەرسە يىگۈم كېلىۋىدى...
"نىمـىدىگەن ئوبدان قىز بۇ!" — ئىچىمدە ماختىدىم ئۇنى. — "تەربىيە كۆرگەن قىز دىگەن مۇشۇنداق بولىدۇ ـ دە! يىگۈسى كەلسە، يەيدۇ. سەھرالىق قىزلارغا ئۇچـراپ قالـساڭ، بولـدى، ياسالـمىلىق قىلىپ: 'نەدىـكـىنى! يىـگۈم يوق! مەن ئەزەلـدىن سوغاق سەي يىمەيمەن...' دەپ، قوۋۇرغاڭنى ئېگىۋېتىدۇ."
— مىـشا، ماڭا يەنە ئازراق ۋىنو قۇيۇپ بەرگەن بولـسـىڭىز، سىزدىن چەكسىز مىننەتدار بولاتتىم!
— ۋىنو؟ — قوسىغى چوڭ كومـزەكـنى قولۇمغا ئالدىم، — جان ـ دىلىم بىلەن!... — ئەمدى ئانـچە قورۇنـماي، ئەركىن ـ ئازادىـرەك ئولتۇرۇشقا تىرىشتىم.
— مۇمكىن بولسا، كۈچلۈك ھاراقتىن قۇيغىن، مىشا.
بىز خۇسۇسلار ئىچىتقان ئاق ھاراقتىن بىر رۇمكىدىن ئىچىشتۇق، شۇ ھامان كۆكرىگىم قىسىلغاندەك بولۇپ كەتتى، ئەگەر ژېنىيە ئالمىسىدىن بىر چىشلەم چىشلەتمىگەن بولسا، نەپىسىم ئۈزۈلۈپ قالاتتىمىكىن ـ تاڭ.
— مىشا، بىز خۇددى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانـىدەك بىر ئالمىنىڭ تەمىنى تېتىدۇق، — دىدى ژېنىيە مەن چىشلىگەن ئالمىنى كۆرسىتىپ. مەن يەنە ھاراق قۇيـدۇم، ئالـمىدىن يەنە بىر چىشلەم يىدىم، كاللامدا خىيالـلار پەرۋاز قىلـغىلى تۇردى: "مىشا!

www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن نىمىشقا مېنى مىشا دەيدۇ؟ مەن شۇنداق ساغلام، قاۋۇل ئەزىمەت تۇرسام، يەنىلا مېنى مىشا دەپ قىچقىرىشىدۇ. بۇ مېنىڭ تازا قەيسەر ئەمەسلىكىمدىندۇ؟ بەلكىم شۇنداقتۇ؟...“لېكىن، خىيال سۈرۈ-ۋەرمىدىم. ئۆزەمنىڭ خېلىلا مەس بولۇپ قالغىنىمنى بىلەتتىم، شۇڭا، يەنە نىمىلەرنى خىيال قىلىدىغانلىقىمنى خۇدا بىلىدۇ: ”بەلكىم، مەن يامان ئادەم ئەمەس، ياخشى ئادەمدىمەن“ — دىگەنىدەك، تەكشىلىپ قالغاندىن كېيىن پەيدا بولىدىغان تۇتۇق-مۇجمەل ئوي-خىيال-لارغا غەرق بولاتتىمكىن-تاڭ.

— مىشا، ئەڭ ياخشىسى، بىر ئىلاج قىلىپ مېنىڭ ئىچ پۇشۇغۇمنى چىقىرىڭە؟ — دىدى ژېنىيە كەيپىلىكتە ناز بىلەن نايناقلاپ ۋە ماڭا يېقىنلاشتى، ئۇنىڭ يالىڭاچ، ئوتتەك مۇرىسى مېنى بەئەينى كۆيدۈ-رۈۋەتكەندەك بولدى.

نۇرغۇن ئەسكەرلەر ئۇستەللەر يېنىدا ئەركىن-ئازادە ئولتۇرۇ-شاتتى. ئۇلار ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىپ، قانداقتۇ ھېكايە ئېيتىشىۋا-تاتتى — ھەممەيلەن قۇچاقلىشىپ، بىر بىرىگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇ-شاتتى. شىپىستوپالوۋ بولسا قوي كۆزلۈك، گوموشتەك ھېلىقى قىز بىلەن نەگىدۇ يوقالغان ئىدى.

— لېكىن، مەن، — كىكىرتىگىم قۇرۇپ كەتتى، — بۇنى ئۇۋۇق-مايمەن.

— ئەمىسە، ئۇرۇش توغرىسىدا سۆزلەڭ، قەھرىمانلارنىڭ تۆھپە-لىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ.

ياق، ئۇنىڭ بۇ گېپى جايىدا بولمىدى! ئۇنىڭ ئۇرۇش توغرىد-سىدا پاراڭلاشماقچى بولۇشى قاملاشمىدى. ئالدىنقى سەپ ئاكوپلىرىد-دىكى ئىشلارنى مەسلىكتىكى قۇرۇق پاراڭنىڭ تېمىسى قىلىشقا

بولمايدۇ. مەسلىگىمۇ بىرئاز يېشىلگەندەك بولدى.

— ئۇرۇش دەھشەتلىك ئىش، ژېنىيە، — دېدىم جىددى تۇردە ژېنىيەگە، — بۇنى كۆلكىگە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ.

ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، چىرايلىق، لېكىن يىڭنە بىلەن خەتلەر چېكىلگەن قولى بىلەن تەمتىرىگەن ھالدا بوينىدىكى مارجىنىنى ئويناشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، جەڭ ئېلان قىلغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى:

— ئەمىسە، مېنى تانسىغا تارتىڭ!

— تانسا ئويناشنىمۇ ئۇقمايمەن، — دېدىم مەن پۇشايمان قىلغان ھالدا قوللىرىمنى يېيىپ، — قارا، سېنىڭ ئەر ھەمرىيىڭنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

— ئۇلار بىزنى ئالداپتۇ! ئۇرۇش قىلىشقا ھەممىدىن ماھىر، ئەڭ باتۇر جەڭچىلەرنى ئەۋەتتۇق، دېيىشىۋىدى، لېكىن، ئالدىمدىكى قانداق ئادەم؟ بىر پوق قوساق لەقۋا! خەپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارغا يالاڭ ئىشتان تىككەندە، ئېغىسىڭ ئالدى-كەينىنى ئالماشتۇرۇپ تىكىمىسەك!...

— ۋاي-ۋۇي، ژېنىيە، ژېنىيە! — مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئىچىمدە: مۇشۇنداق بىر سىڭلىم بولغان بولسا، نىمىدىگەن ياخشى بولاتتى-ھە!...، دەپ ئويلىدىم.

لېكىن، ژېنىيە خىيالىمنى داۋاملاشتۇرۇشۇمغا يول قويمىدى، ئۇ مېنى ئۇستەل يېنىدىن سۆرەپ چىقىپ، ئېيتتى:

— ئەرنىڭ تانسا ئوينىغان چاغىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى قەدەم تاشلاش، تانسىدا ھەمرا بولۇۋاتقان قىزنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يىقىتىپ قويمىساڭلا بولغىنى!

www.uyghurkitap.com

”سەرگەردان! دارىلئېتامنىڭ تەنتىگى! بىزنىڭ ھەممىزلا سەھرالىقلار! ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ زىيالىلاردىن بولالمايمىز!“ مەن بىر قارارغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە پىقىراشقا باشلىدىم. بىز خەقلەرنى سوقۇۋەتتۇق، خەقلەرمۇ بىزنى سوقۇۋەتتى، تانسا شۇنداق قىزىدى ۋە كۆڭۈللۈك بولدى.

بايام نۇتۇق سۆزلىگەن ھەدە شېستوپالوۋنى بوينىدىن تۇتۇپ، ئۇنلۇك ۋاقىرىدى:

— مەن كارخانا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ۋاكالىتەن ئاغزىڭغا سۆيۈپ قوياي!

شۇ پەيتتە، بىردىنلا لىدا يادىمغا كەلدى، سۆيۈشكەنلىرىمىزنى ئەسلىدىم-دە، ئوغرىلىقچە غىپپىدە ئامبارغا باردىم، ئۇ يەردە ”ئەرھەمرا“لارنىڭ ھەربى پەلتو ۋە قولاقچىلىرى بار ئىدى. مەن ئارىيەتكە ئالغان، ئۆزەممۇ تونۇمايدىغان پەلتو بىلەن قولاقچىنى تېپىۋالماقچى بولۇپ، بىرھازا ئىزدەپمۇ تاپالماي، ئاخىرى قولۇمغا چىققىنىنىلا ئالاي، كىيگۈدەك بولسىلا بولمىدىمۇ، دىگەن يەرگە كەلگىنىمدە، بىرەيلەننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ، ھاماقەت ئاكا، مېنى تاشلىۋەتتىڭغۇ؟ — ئۇ مېنى نەق مەيداندىلا تۇتۇۋالدى، ئىلاجسىز مۇرەمنى چىقاردىم، — ھاماقەت ئاكا، مېنىڭ پەلتويۇمنىمۇ كىيگۈزۈپ قويغىنچۇ، نىمىشقىدۇ، بۇ بايرام كېچىلىگىنىڭ ھېچ مەزىسى يوققۇ!

ئېھ، كۇبانىنىڭ بىپايان زىمىنى، سېنىڭ ئۇزاقلارغا سوزۇلغان، ئۇچ-قىرى يوق چەكسىز تۈزلەڭ داللىرىڭ بىز سىبىرىيىلىكلەرگە نە قەدەر چۈشىنىكسىز، نە قەدەر ناباپ-ھە.

قىشلىغى، ياكى سىم-سىم يامغۇر ياغىدۇ، ياكى قار ياغىدۇ، پاتقاق تىزغا چىقىدۇ، يەنە كېلىپ شۇنداق يېپىشقاق پاتقاق دىسىڭىزچۇ! مارت ئېيىغا كەلگەندە، بىز تىكۆچىلىك كارخانىسىدا تانسا ئويناۋاتقان چېغىمىزدىمۇ، يەنىلا سۇلار نېپىز مۇز تۇتقان، ئۇششاق قارلار ئۇچقۇندايتتى. مانا شۇ تاپتا، قار — جىمجىت، تەمكىن-خاتىرجەم قار يەنىلا ئۇچقۇنداپ، كىشىنىڭ قەلبىگە يىراق باللىق چاغلارنىڭ خوشاللىغىنى بېغىشلايتتى.

ژېنىيە قارنى پومۇداقلىۋېلىپ، خۇددى ماروژنى يەۋاتقاندەك، تىلى بىلەن يالىدى، ماڭىمۇ يالاتتى، ئىنتايىن تاتلىق ئىكەن! راستلا ھەقىقەتەن تاتلىق ئىكەن!

كېيىن، ئۇ قار پومزىكىنى ماڭا ئاتتى، لېكىن مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىمىدىم. نىمىشقىدۇ، ژېنىيەنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىدىن خەۋەر تاپقىنىمدىن كېيىن، ھاماقەت بولۇۋالغۇممۇ، ئوينىغۇممۇ كەلمىدى: ئۇ شۇ يەرلىك، كراسنودارلىق، رەسسام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئۆزىمۇ سەنئەت مەكتىۋىدە ئوقۇغان ئىكەن. لېكىن، كېيىن ئۇرۇش پارتلىغاندا، پۈتۈن ئائىلە بويىچە چېكىنىۋاتقان چاغدا بومباردىمانغا ئۇچراپ، ژېنىيە بىلەن ئىككى ساندۇقلا قاپتۇ: ساندۇقلارنىڭ بىرىدە ئانىسىنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە پەدەز بۇيۇملىرى، يەنە بىرىدە دادىسىنىڭ لايىھە سىزمىلىرى ۋە ئەسەرلىرى بار ئىكەن. ھازىر، ژېنىيە چوڭ سېختا كۆينەك تىكىدىكەن، ئۆزىنىڭ قۇتلۇق-مۇبارەك كۈنلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتىدىكەن...

مەسىلىگىم پۈتۈنلەي دىگۈدەك يېشىلدى. مەن يوغان يۆگەلگەن تاماكىنى چەككەچ، جىمجىتلىقتا چۆككەن شەھەردە كېتىۋاتىمەن. ژېنىيە ئالدىمدا بىر پۈتى بىلەن تاخلاپ، بىر تال كىچىك ياغاچ

بىلەن گۈللۈك باغچىنىڭ قورۇق تېمىنىڭ رىشاتكىسىنى ئارىلاپ، قانداقتۇ بىر ناخشىنى ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇزۇن ئاق شارپىسى (بۇمۇ ئانىسىدىن قالغان يادىكارلىقتەك قىلاتتى) مۈرىسىدە خۇددى قاناتتەك لەپىلدەيتتى. مەن بۇ قىزغا نە قەدەر ئىچ ئاغرىتاتتىم، نە قەدەر ئېچىناتتىم دىسىڭىزچۇ!...

— ماڭىمۇ بىر شوراتقىنا، سىبىرىيىنىڭ كىچىك قارئادىمى! — ژېنىيە توختاپ، توقۇلما ئاق پەلىيىدىن قولىنى چىقىرىپ ماڭا سۇندى.

— بەرمەيمەن! شوخلۇق قىلما!... ئۆكچەڭنىمۇ غاچىلدىتىپ دەسسىمە! — مەن، خۇددى چوڭ ئاكىسىدەك، ئۇنىڭغا ئاچچىقلاندىم.

ژېنىيە هاڭ-تاڭ بولۇپ ماڭا تىكىلدى:

— نىمە بولدى؟

— هېچ گەپ يوق! مۇشۇنداق بىر قىز! هەم چىرايلىق! هەم ئەقىللىق! بەلكىم، ئوبدان ئۆگىنىپ، رەسسام بولۇشىمۇ مۇمكىن!... دەسلەپتە، قېشىڭدا ئولتۇرۇشقىمۇ ئەيمەنگەن ئىدىم! لېكىن سەن...

— مە...شا، كۆپ ئىچىپ قويۇپسەن! بېلجىرلىغىلى تۇردۇڭ! نەدە هەم چىرايلىق، هەم ئەقىللىق بولاي! ۋىژدانسىز رەسسام دىگىنە! تاماكاڭنى بەر، مەن چېكىۋېتەي! — ئۇ تېخى چېكىپ تۈگەتمىگەن تاماكامنى ئاغزىمدىن تارتىۋېلىپ، ئاچكۆزلۈك ۋە ئۇستىلىق بىلەن بىرنەچچە شورىدى، — نەدىكىنى! — ئۇ بىرئاز تىنچلانغاندىن كېيىن، گۇدۇڭلاپ قوشۇپ قويدى، — مېنى خۇددى بىرئىلاهەدەك كۆككە كۆتىرىۋەتتىڭغۇ!

مەن ئىلاهەگە خۇشتار ئەمەس! سەن تىرناقتا توختىغۇدەك بىرىنچى دەرىجىلىك قىزلارنىڭ بىرى، ئۆزەڭنى تۆۋەن چاغلىما!...

— سەن نىمىشقا ۋاتىلدايسەن؟ نىمىشقا كىشنى تىللايسەن؟



www.uyghurkitap.com

— ھېچقىسى يوق!
— ئەمىسە ئىش تۈگىدى — ۋەسسالام!
— ياق، تۈگىمىدى!
— ياق، تۈگىدى!

ئۇ يەنە ئالدىمدا بىر پۇتى بىلەن تاخلاپ، تاماكا ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ ماڭغاچ، ناخشا ئېيتتى: "يوق مەزىسى، يوق مەزىسى، كۆك تاماكىنىڭ يوق مەزىسى؛ ئەسكى ئەبلەخ، يامان ئەبلەخ، سىبىرىيىلىك ئادەمنىڭ ئەسكىسى."

لېكىن، ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدە غەم-قايغۇسىز بايرام شاتلىغىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ ياتاق دەرۋازىسى يېنىدا تۇرۇپ، نازاكەت-ئەدەپ بىلەن ماڭا قولىنى سوزۇپ، سېھىرگەرلىك قىلىۋاتقاندەك، ئۇستىلىق بىلەن بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى:

— خەير — خوش، غەمگۈزارىم! ھەمرا بولغىنىڭغا كۆپ رەھمەت، كۆڭۈللۈك سۆھبىتىڭ ئۈچۈنمۇ ھەشقاللا، سېنى ياتاققا چىللىمايمەن، چاپلىشىۋېلىشىڭ مۇمكىن. قىزلىرىمىز بۇنى ياقتۇرمايدۇ ھەم بۇنىڭغا چىدالمايدۇ، ئىش ئۆڭدىن كەلمەي، پالاكەت باسسا، قوسىغىنى چوڭايتىۋالىدۇ. سۈنئىي ھالدا بالا چۈشۈرۈۋېتىشكە كەلسەك، ھى‌ھى! بۇنىڭ قىممىتى بىر كوپېيكلا!...

— ژېنىيە، سېنى رەنجىتىپ قويىدۇممۇ نېمە؟

— شۇنداق! — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى، — سەن سەت گەپلەرنى قىلدىڭ!

— سەت...گەپلەر؟!

— سېنىڭ ئالجاناپ، چىرايلىق گەپلىرىڭ كىشنى سەت گەپلەردىنمۇ بەتتەر ئازاپلايدۇ! سەن ئاشۇ گەپلىرىڭ بىلەن مېنىڭدىن بىزار

www.uyghurkitap.com

بولۇۋاتقىنىڭنى يېپىۋاتىسەن! شۇنداقمۇ؟ مېنى سۆيۈپ قويۇشنىمۇ خالىمىدىڭ؟ سەن مېنىڭدىن نەپرەتلىنىسەن، شۇنداقمۇ؟ نەپرەتلىنەمسەن؟!

— ژېنىيە، سەنزە، ژېنىيە! سەن ئۆزەڭنىڭ نە قەدەر قەدىرلىك ئىكەنلىگىڭنى ئۇقمايسەن...

— مېنىڭ قەدىر-قىممىتىم پەقەت تۆت يۈز رۇبلى ۋە بىر پارچە كۆنگە يېرىم كىلوگىرام ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان كارتوچكا! بۈگۈن سېنىڭدەك مۇتەئەسسىپكە يولۇقۇپ قالمىغان بولسام، ئەتىمالىم، يەنە ئاز-تولا يەيدىغان-ئىچىدىغان رىسقىم بار ئىدى، سېخىلىق بىلەن يىگىرمە بەش رۇبلىمۇ بېرەتتى-دە.

— خەير-خوش، ژېنىيە! گېپىمنىڭ قاملاشمىغان يەرلىرى بولسا، ئەپۇ قىلغىن.

— خۇدا ئەپۇ قىلىدۇ! — ژېنىيە، خۇددى ئىلاھە قىياپىتىدە، بىر قولىدا توپ-توغرا ئاسماننى كۆرسەتتى. لېكىن، ئۇ يەنە بىردىنلا تۈگۈلۈپ، شارپىسىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۈزىنى يېپىپ، قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، دەرۋازىنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى.

مەن ئىلگىرىكىدىنمۇ تومراق قىلىپ بىر تال تاماكا يۆگەپ، غەنىمەت ئالغان چاقماقتا تۇتاشتۇردۇم، كارخانا ياتىغىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا قاپىغىمنى تۈرۈپ بىر پەس تۇردۇم-دە، «ئۆيگە» — دوختۇرخانىغا قايتتىم.

قولۇمدىن نىمە كېلەر؟ ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلسام بولار؟

بىر دوقالدىن ئۆتكىچە، يەنە بىر دوقال دۇچ كەلدى! مەن ھەربى پەلتويۇم بىلەن قۇلاقچامنى كىيىم ساقلاش ئۆيىدىكى مىخقا

ئىشكە ئۆلگۈرە ـ ئۆلگۈرمەيلا، ئارقا تەرىپىمدىن بوران گۈكۈرىگەن ـ دەك؛ دولقۇن شاۋقۇنىدەك، يىڭنە سانچىغاندەك، توك سوقـقانـدەك، قىسقىسى، ئىنسانلار تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ ھەيۋەتلىك، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تازا تىترىتىدىغان شۇئارلاش ئاڭلاندى:

ـــ سەن نەلەردە تاماشا قىلدىـڭ، قەبىـھ ئېيـىـق ئۇۋچىـسى؟!

كەينىمگە قارىسام، لىدا كىيىم ساقلاش ئۆيى رىشاتكىسـىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپـتۇ! ئۇ مۇشـتۇمـلىرىـنى چىـڭ تۈگـكەن، رەڭـگى بوزىرىپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنايتتى. ياغاچ رىشاتكا بىزنى ئايرىپ تۇرمىغان بولـسا، ئۇ ئېتـىلـىپ كېـلىپ، ۋەتـۋەرىـگىمـنى چىقىرىۋېتەتتى.

ـــ ئاي ـ ھاي! خېنىم! سىزگە سالام! ـــ مەن يەرگىچە ئېگىـلىپ تازىم قىلدىم. ـــ راستىنلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنـمەن، بىلەمـسىز، بۈگۈن سـىز بىلەن مەشەدە كـۆرۈشـۈپ قالارمەن، دەپ راسـتىنـلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن! ھەقىقەتەنـمۇ كۈتۈلـمـىگەن ياخـشى ئىشقۇ بۇ!

ـــ "خېنىم" دىگەنىنىڭ نىمىلىگىنى كۆرسـتـىپ قويىـمەن ساڭا! "كۈتۈلمىگەن" دىگەنىنىڭ نىمىلىگىنى كۆرسـتـىپ قويىـمەن ساڭا! راستىڭنى ئېيت، باياتىن نەدە ئىدىڭ؟!

ـــ بايرام كېـچـىلـىگـىدە. خەلـقارا خوتۇن ـ قىـزلار بايـرىـمى كېچىلىگىدە.

ـــ سەن...سەن ئۇ يەردە هاراق ئىچتىڭمۇ؟

ـــ شۇنداق بولمايچۇ؟! ـــ مەن رىشاتكىنىڭ تېگىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ، ئىرەنسىزلىك بىلەن دانا پىكىرلىرىـمـنى ئېيتـتىم، ـــ بايـرام بولغاندىكىن، خۇددى باللارغا ئوخشاش، ناخشا، كۈلـكە ـ چاقچاقـلار

www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆڭۈل ئېچىش كېرەك-تە.

لىدا بىر پەس ھولۇقۇپ قالدى. ئاغزىنى بىردەم ئېچىپ، بىردەم يۇمۇپ، ئاۋازىنى چىقىرالمىدى، كۆزلىرى خۇنۇكلەشتى. مەن ئەبىسلىدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ھاماقەت قىياپىتىگە كىرىۋالماي، دىگەن يەرگە كېلىۋىدىم. لېكىن، نەق شۇ پەيتتە "دەردىنى ئالىدىغان" بىرى — ھېلىقى بۇرۇتلۇق ئارتىست نىمىندۇ ئالغىلى كېلىپ قالدى، مەن شۇنىڭدىن لىدانىڭ بۈگۈن كېچە نۆۋەتچى سېستىرانىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقىنىنى پەملىدىم.

— قوڭغۇراق چېلىنىدىمۇ-يوق؟! — لىدا ئارتىستنى سوراققا تارتتى، — قەدەملەپ مارش، بۆلۈمىڭگە قايت! ھەر قىسما ئادەم ھەممىلا يەردە لاغايلاپ يۈرگەن! — ئاندىن يەنە ماڭا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، كۆكرىگىمگە قولى بىلەن نوقۇپ سۆزلىدى، — دەرھال ماڭ! دەرھال ماڭ! — ئۇ غەزەپتىن بوغۇلۇپ ھاسىرىدى، ئۇنى ئەقلى-ھوشىنى يوقاتتى، دىيىشكە بولاتتى. — پۈتۈن ھەربى كىيىم بىلەن! پۈتۈن! ساڭا بۇيرۇيمەن! مەن سىلەرگە كۆرسىتىپ قويىمەن! — ئۇ ھەتتا يەرنى تېپىنچەكلىدى.

— سەن نىمىشقا چاڭ-توزاڭ توزىتىسەن؟

لىدا ياقامدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، كۈچەپ سىلكىۋىدى، مېداللىرىم جىرىڭلاپ كەتتى.

— راستىڭنى ئېيت، ھېلىقى يېڭىچە كىيىنگەن ئايال ئىشچىنى ئۆزىتىپ قويدۇڭمۇ-يوق!

مەن ئىنائەتچانلىق بىلەن بېشىمنى سالدىم. لىدا لىپىلدەپ تۇرغان بۇرۇن تۆشۈكى بىلەن قاتتىق بىرتىندى:

— سېنىڭدىن ئەتىرمۇ پۇراۋاتىدۇ! ئەرزەن ئەتىر! ناچار

ئەتىر!

ــ مېنىڭدىن پۇرىسا، هاراق پۇرايدۇ، كەلسە ـ كەلمەس گۇمان قىلما!

ــ ياق، ئەتىر پۇرىغى! سەن مېنى ئالدىيالمايسەن!

ــ خوپ، بەلكىم ئەتىر پۇرىغىدۇ. مەن ئۇ يەردە تانسا ئوينىدىم، بىرى بىلەن...

ــ ياخشى! ناهايىتى ياخشى! ــ لىدا غەلىبە قازانغاندەك، تېخىمۇ غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى، ــ تانسا ئوينىغانمىش! تانسا ئويناشنى ئۇقمايتتىڭغۇ، ئەسكى ئەبلەخ! مەن بىلىمەن! ھەممە ئىشىڭنى بىلىمەن! ــ لىدا مېنى تامغا قىستىۋالدى، شۇنداق قاتتىق قىستىدىكى، ھەتتا تىنالمىدىم، ئىگرىيالمىدىم، ــ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشتۈڭمۇ، سۆيۈشتۈڭمۇ؟!

مەنمۇ بوزەك ئەمەس، ھەممىنى يېپىدىن يىغىنىسىگىچە دەپ، گۇناھىمنى بويۇنۇمغا ئالامتىم. ئۇ سوراقتا تارتىسا، تارتىۋەرسۇن، چېچىلسا، چېچىلۋەرسۇن، دەپ، يەنە بېشىمنى تۆۋەن سالدىم.

ــ نەچچە قېتىم؟

ــ نىمە نەچچە قېتىم؟

ــ ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم سۆيۈشتۈڭ، دەۋاتىمەن؟

ــ ھە، نەچچە قېتىم؟ ــ ئەسلەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋال دىم، ــ بەلكىم يېرىم سائەتتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزاقراقمىكىن ـ يە. مەن سائەت سالمىغان تۇرسام...

ئەسلىدە مۇشۇ بىرنەچچە ئېغىز كۈلكىلىك گەپتىن كېيىن، ئۇ ئويغىنىپ، مېنىڭ بىلەن بىرلىكتە قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىدۇ، دەپ خىيال قىلغۇدىم، لېكىن، ئۇنداق بولۇپ چىقمىدى. ئۇ راستىنلا ئەقلى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

ھۇشنى يوقاتقان ئىدى.

— كېيىنچۇ؟

— نىمە كېيىن؟

— كېيىن قانداق بولدى؟ يوشۇرمايلا قوي! راستىڭنى ئېيت، ئەسكى نىمە! بولمىسا، راستلا كۆرگۈلۈگۈڭنى كۆرستىمەن!...

— كېيىن؟ كېيىن نىمە بولدى؟ ھە...ھە، كېيىن...ئېسىمگە كەلدى، كەچلىك تاماقتا ئۆلگۈرەلمەي قالماي دەپ، ئالدىراپ-تېنەپ قايتىپ كەلدىم.

لىدا مېنى قويۇۋېتىپ، قوللىرىنى پەسكە چۈشۈردى:

— سەن مېنى كولدۇرلىتىپسەن! سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن!

— قانداق پىچاق بىلەن؟ ئوپېراتسىيە پىچىغى بىلەنمۇ، ئادەتتىكى پىچاق بىلەنمۇ؟ ئەڭ ياخشىسى ئادەتتىكى پىچاقنى ئىشلەتكىن. ئوپېراتسىيە پىچىغى تولىمۇ گاللىشىپ كېتىپتۇ.

— ھاماقەت! ئېيىق ئۆۋلىغۇچى! قارام! سىبىرىيىلىك سەھرالىق! ئىشقى يوق ياغاچ... يەنە... يەنە بار... يىغلايمەن تېخى! مانا... مەشەدە...مەشەدە... — ئۇ، تېرەكىرېسلونى — كارىدوردىكى بىردىن-بىر ھېلىقى كونا، قاتلىنىشىپ كەتكەن، ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن كىرېسلونى كۆرسەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇلۇڭدىكى مۇشۇ كىرېسلودا، مۇشۇ قاتتىق پۇرژىنىلار ئۈستىدە ناتىۋان-غېرىبانە سۈرەتتە ئاق خالات كىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم-دە... ئۇنى قوپاللىق بىلەن قۇچاقلاپ، باغرىمغا باستىم:

— سەن تازا دۆت ئىكەنسەن!

— ئەلۋەتتە، دۆت، يەنە كېلىپ ئۇچىغا چىققان دۆت! — ئۇ ئىسسەدەپ ئۆزۈپ-ئۆزۈپ سۆزلىدى، — ئەقىللىق ئادەم مۇشۇنىڭ

ئۈچۈن...

مەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ شارپىسىنىڭ ئۇچى بىلەن يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتۈم، قۇلىغا پۈۋلەپمۇ قويدۇم.

— سەن راستىلا سۆيۈشمىدىڭمۇ؟ — ئۇ بىچارىلاردەك پىچىرلاپ، ھېلىمۇ ياش مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— راست!

— ئۆلۈپ قالغىلى قىل قالدىم. بەرھەق! ھەممەيلەن مېنى ئالدىدى. ھەممەيلەن بىردەك ھەركەت قىلدى. مەن خۇددى ھاماقەتتەك ئۇ بۆلۈمدىن بۇ بۆلۈمگە قاتراپلا يۈردۈم، ئۇلار ماڭا: سېنى مېڭىسى چايقالغان بىمارلارنىڭ يېنىغا كەتتى؛ فىزىكىلىق داۋالاش بۆلۈمگە كەتتى؛ شاخمات ئويناۋاتىدۇ... دېيىشتى. كېيىن، سىلەر ئامراق ھېلىقى ئايال پادىشا — داۋالاش بۆلۈمىدىكى سېستىرا: "جېنىم لىدا، كىمنى ئىزدەپ يۈرىسەن؟ مىشانىمۇ؟ ئۇ بۈگۈن يوق. ئۇ بايرام ئۆتكۈزگىلى ھېلىقى ئاياللارنىڭ يېنىغا كەتتى!" دىدى. ئويلاپ كۆرگىنە؟! ھىم، ئۇنى قىيما-چىيما قىلىۋەتكۈم كەلدى! — لىدا راستىلا خەت يېزىلغان كىچىك بىر پارچە قەغەزنى تىتىپ-تىتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ پانىيەگە قانداق تاقابىل تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

مەن لىدانى رىشاتكا ئاستىغا سۆرەپ، كىيىم ساقلاش ئۆيىگە ئېلىپ كىردىم-دە، بىر دۆۋە كىيىم دالدىسىدا چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدۈم. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ مۇشتۇمى بىلەن بېشىمغا ئۇردى:

— ئەدىۋىڭنى بېرىمەن، سەن كۈشەندىنىڭ! — ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئېيتتى، — كىممۇ بىلسۇن، سېنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلغىنىمنى!

بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، بۇ يەرگە ۋراچلاردىن تەشكىللەنگەن باھالاش ھەيئىتى كەلگەندە، مەن دوختۇرخانىدىن چىقاتتىم. شۇڭا، ئۇ سېستىرالارغا يالۋۇرۇپ سىمېنا ئالماشتۇرۇپ، نۆۋەتچىلىك قىپتۇ، ئۇ تۈزۈك ئۇخلىماي، ئاراممۇ ئالماي، مېنىڭ يېنىمدا بولۇشنىڭ كويىدىلا بوپتۇ، — بۇ توغرىلىق ئۇ ماڭا بىرنىمە دېمىگەن ئىدى. بۇنى كېيىن ئۇقتۇم.

ئۇ چاغدا، نۇرغۇن ئىشلارنى تېخى ئۇقمايتتىم ۋە چۈشەنمەيتتىم.

•

ئاخىرى، دوختۇرخانىدىن چىقىش نۆۋىتى ماڭا كەلدى. مېنى غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى خادىم سۈپىتىدە خىزمەت قىلسا بولىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ھەرقايسى ئىش كۈتۈپ تۇرۇش بېكەتلىرى ۋە زاپاس تۈەنلەر ئوتتۇرىسىدا قاتراشقا توغرا كېلەتتى. ئادەتتىكىگە ئوخشاش، قاتراش ۋاقتىنىمۇ ئالاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇنسىز ئىدى، تاكى مەلۇم قىسىمغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەلۇم ئورۇننى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگىچە شاپاشلاشقا توغرا كېلەتتى.

لىدا جۈدەپ كەتتى، مېنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى. ئەتە تاڭ سەھەردە، يۈك-تاقلىرىمنى رەتلەپ-يىغىشتۇرۇپ، ئىش كۈتۈپ تۇرۇش بېكىتىگە ماڭىدىغان بولدۇم. شۇ كۈنى ئاخشىمى، بىز ئۇخلىماي، تەن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەنلەر بۆلۈمىدىكى دۆڭلەك تۆمۈر مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ تۈنەش قارارىغا كەلدۇق. مەشتە كۆمۈر ئىس پۇرقىرىتىپ ياناتتى، تورۇسقا ئېسىلغان يەككە-يېگانە ئېلېكتىر چىرىغى گۇڭگا نۇر چاچاتتى. ئېلېكتىر ئىستانسىسى يەنە ئىشقا چۈشكەن، لېكىن قاتتىق تەلەپ بويىچە توك ئىقتىسات قىلاتتى، شۇڭا، كېچىسى ئۆچۈرۈشكە تېگىشلىك چىراقلارنىڭ ھەن-

نىۋاسى ئۆچۈرۈۋېتىلەتتى.

قانداق ئايرىلىدىغانلىقىمىزنى ئالدىنئالا تەسەۋۋۇر قىلدىم، ئايرىلىش ئېغىر ۋە ئېچىنىشلىق ئىدى، ئىدىيەمدە بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويدۇم. لېكىن، ئەمىلىيەتتە، تېخىمۇ بەتتەر ئازاپلىنىشقا توغرا كېلەتتى. مەن ئەسلىدە: بىز پاراڭلىشا-پاراڭلىشا، كۆڭلىمىزدە ساقلاپ ئېيتالمىغان سۆزلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىۋالىمىز، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، نەتىجىدە، ھېچ گەپنى ئېيتالمىدۇق. مەن ھە دەپ تاماكا چېكەتتىم، لىدا تىنىماي قولۇمنى سىلايتتى. بۇ قولۇم ساقىيىپ، ئاغرىقنى سەزگۈدەك بولغان ئىدى.

— سېنى ئوبدان كۈتۈپ ساقايتتۇق، خۇددى يېڭىۋاشتىن تۇغقاندەكلا، — دىدى ئاخىرى لىدا پىچىرلاپ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك.

بالىنىڭ قانداق تۇغۇلىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلىدىغاندۇ؟ ئەتىمالىم، ئالەم يارالغاندىن بۇيان بارلىق ئاياللار بىلسە كېرەك. يەنە كېلىپ لىدا تىببىي خادىم-دە!

— قولۇڭنى ئاۋايلا، — لىدا قولۇمنىڭ سۇنغان يېرىنى تۇتۇپ تۇراتتى، — قولۇڭنىڭ ساق قالغىنى ھەقىقەتەنمۇ مۆجىزە بولدى. ئەسلىدە كېسۋەتمەكچى ئىدى. قارىغاندا، تەن سالامەتلىكىڭ راستىنلا ئوبدان ئىكەن.

— گەپ بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى ماڭا قول بولمىسا بولمايدۇ، گەپ مانا مۇشۇ يەردە، دارىلئېيتامدىن چىققان مېنىڭدەك سەرگەردانىنى باقىدىغان ئادەم يوق.

بىز يەنە جىمىپ قالدۇق. بىر پۇتۇمدا تىزلىنىپ، مەشتىكى ئوتنى تۈزەپ قويۇپ، بۇرۇلغىنىمدا، كۆزلىرىم لىدانىڭ كۆزلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىلەن ئۈچرىشىپ قالدى.

— نېمىشقا ماڭا مۇنداق قارايسەن؟ بۇنداق قىلما!

— ئەمىسە قانداق قىلاتتىم؟

— بىلمەيمەن. بەلكىم، روھلۇقراق بولۇش كېرەكتۇ؟

— مەن كۈچۈمنىڭ بېرىچە...

نەگىدۇ بارماقچى بولۇپ چۈشكىدىن قوپقان كونا ئەسكەر مەشىنىڭ قېشىغا كېلىپ تاماكا تۈتاشتۇردى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بىر تەرىپىدىكى ساقىلى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ، يەنە بىر تەرىپىدىكىسى يۇقۇرىغا دىڭ-گىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تۇرقى تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنەتتى.

— ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ — سورىدى ئۇ قىزىقىپ، يېڭىلا ئويغانغان پەيتتىكى بوغۇق ئاۋازى بىلەن.

— ئولتۇردۇق، — دېدىم مەن گۇدۇڭلاپ.

— ناھايىتى توغرا قىپسىلەر، — دېدى ئۇ ئېسەنەپ مۇلايىملىق بىلەن، ئاندىن قولتۇغىنى قاشلىدى، — مەن سىلەرگە دەخلى بولمىدىممۇ؟

— نېمىشقا؟

— ئەمىسە قېشىڭلاردا بىردەم ئولتۇراي. ئىسسىنىۋالاي.

— ئىسسىنىۋېلىڭ، — دېدىم مەن ماقۇل بولۇپ، لېكىن گېپىمنىڭ تەلەپپۇزى بۇ كونا ئەسكەرنى تاماكىسىنى ئىتتىك چېكىپ بولۇپ، تاماكا قالدۇغىنى مەشكە بېسىپ ئۆچۈرۈپ، ئۇستۈۋېشىنى قېقىش-تۇرۇپ، بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ چۈشكىگە كېتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇ كېتىۋېتىپ گۇدۇڭلىدى:

— ھەي، ياشلار، ياشلار! مېنىڭ كىچىك قىزىممۇ پات ئارىدا ياتلىق بولىدۇ... — ئۇ كارۋاتقا چىققاندىن كېيىن، كارۋات غىچىرلاپ،

پۈرژىنىلىرى غاچىلداپ كەتتى ـ دە، ئاندىن جىمىقتى.

سۈبھى يېقىنلاشتى. كېسەلخانا قاراڭغۇ، كۆلرەڭ يوتقانىلار بىلەن ئاق ياستۇقلارنىڭ رەڭگى ئارىلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەتراپ تىمتاس.

ــ مىشا!

ــ ھە؟

ــ نىمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

ــ ھېچ گەپ يوق. دىگۈدەك نىمە بار؟

ــ ئەجىبا، دىگۈدەك ھېچ گەپ يوقمۇ؟ ئەجىبا، سېنىڭ ماڭا يەنە دەيدىغان گېپىڭ يوقمۇ؟

نىمە دىيىشىم كېرەكلىگىنى بىلەتتىم، ئاللىبۇرۇن بىلەتتىم، لېكىن قانداقمۇ بۇ قارارغا كەلگىلى، قانداقمۇ ئېغىزدىن چىقارغىلى بولسۇن؟ ياق، مەن زادىلا قەيسەر ئەمەس، قىلىچمۇ قەيسەر ئەمەس. مەن قارارى يوق، ئاجىز ئادەم.

ــ خوپ، ــ لىدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ــ قىلىغۇدەك ھېچقان- داق گەپ بولمىسا، بىرىپ كېسەل تارىخىنىڭ خاتىرىسىنى رەتلەي، بولمىسا، بۇ يەردىكى ۋە ئىنىستىتۇتتىكى ئىشلىرىمىنىڭ جىمىسى زايا بولۇپ كېتىدۇ.

ــ بوپتۇ ئەمىسە، بىرىپ رەتلىۋالغىن.

ئۆزەمگە ئاچچىغىم كەلدى، لىدانىڭ مېنى ئۆزىدىن رەنجىپ قالدى، دەپ ھېسابلاپ، ئەلەم بىلەن ئاغزىنى ئۈمچەيتكەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ھەمىشە شۇنداق قىلاتتى. مىجەزى شۇنداق ئىدى!

ئۇنى يېنىمغا تارتىپ، ئۈمچەيگەن ئاغزىغا سۆيدۈم. ئۇ مۇشتۇمى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆكرىگىمگە بىرنى ئۇردى.

ــ ھۇي، ئەسكى!

بۇنىڭغا جاۋاۋەن ئۇنىڭ لېۋىگە يەنە سۆيـدۈم، شۇ چاغدا لېـدا ئاغزىنى قۇلىغىمغا يېقىپ، ئاستا پىچىرلىدى:

ــ يىش... لىبو... دىش!①

مېنىڭ نېمىسچە ئۆگىنىشىم تولىمۇ ناچار بولغاچقا، قەغەزگە يېزىۋالمىسام، ئىمتىھان سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرەلمەيتتىم، لېكىن "لىبو" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتىم، شۇڭا، تەمتىرەپ قالدىم.

شۇ پەيتتە، لېدا ئالدىمدا تىك تۇرۇپ، دانا-دانا قىلىپ ئېيتتى:

ــ يىش... لىبو... دىش! ھەي سەنزە، گالۋاڭ!

ئۇ بۇرۇلۇپ، كېسەلخانىدىن يوگۇرۇپ چىقىپ كەتتى. مەن قاتتىق ئۇيقۇغا چۆمگەن دوختۇرخانىدا لېدانى خېلىغىچە ئىزدىدىم، ئاخىر ھېلىقى كىيىم ساقلاش بۆلۈمگە بېرىش خىيالىمغا كەلدى، بىزگە سىرلىق كۆرۈنىدىغان ئاشۇ بۇلۇڭغا قارىدىم، ئۇنى شۇ يەردىن تاپتىم. ئۇ يۈزىنى دېرىزە رامىغا يېقىپ، دېرىزە تەكچىسىدە ئولتۇراتتى. ئۇنى دېرىزە تەكچىسىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، كىچىككەن بولسامۇ گۈنايىمغا توۋا قىلىپ، ئۆكۈنگەن ھالدا قايتا-قايتا ئېيتتىم:

ــ مەنمۇ "لىبو"، مەنمۇ "يىش... لىبو"... ئاشۇ چاغلاردىلا...

---

① "مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن!" دېگەن نېمىسچە سۆزنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

سەن چىراق تۇۋىدە...

ئۇ نەملىشىپ كەتكەن بۇرنىنى كۆينىكىمگە تىقتى:

— ئەمىسە، بىرنەچچە ئايدىن بۇيان نىمىشقا ئىغىز ئاچمىدىڭ؟

ئالقىنىم بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى، بۇرنىنى سۇرتتۇم. ئۇ شۇ قەدەر ناتىۋان، شۇ قەدەر ئاجىز ئىدىكى، ئۇنى قۇچاقلاپ باغرىمغا بىسىۋالغۇم كەلدى، لېكىن بۇنداق قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدىم.

— مەن قورقىمەن. بۇ قانداق سۆز! بىر ئادەم ئۆمرىدە بۇ سۆزنى بىر قېتىملا قىلىدۇ.

— ۋاي، ئەسكى! — ئۇ كىچىككىنە مۇشتۇمى بىلەن كۆكرىكىمگە يەنە ئۇرۇپ قويدى. — سېنى نىمىشقىمۇ ئۇچرىتىپ قالغاندىمەن؟ — ئۇ مەڭزىنى يۇزۇمگە ياقتى، ئاندىن چىرايىمغا لەپپىدە قارىدى، كىچىككىنە ئالقىنى بىلەن سىلاپ، ھەيران قالغان ھالدا كۇلدى:

— مىشا، ساڭا ساقال چىقىپ قاپتۇ!

— نەدىكىنى! — مەن ئىشەنمەي، ئىڭىكىمنى ئۆزەم سىلاپ باقتىم. راستلا، تۇكلەر ئۆسۇپ چىقىپتۇ.

— مىشا... مىخائىل — بومبۇر ساقال بوۋا! — لىدا باللار ناخشىسىنى ئىيتقاندەك قايتا-قايتا تەكرارلىدى، لېكىن يەنە شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، — ۋىيەي، ھەممىسى ئۇخلاۋېتىپتىكەنغۇ! مەيەرگە كەل!

ئەمدى ئىككىمىز دېرىزە تەكچىسىدە، خالاتلار، پەلتو ۋە پاختىلىق كەمزۇللار كەينىدە بىر بىرىمىزگە چىڭ يىپىشىپ ئولتۇراتتۇق. بىزگە بىرنەچچە مىنۇتلا خاتىرجەم-جىمجىت ئولتۇرغاندەك تۇيۇلدى. لېكىن، ئارقا-ئارقىدىن ئىشىكلەرنىڭ تاراقلىغىنى، كىم-نىڭدۇ سوڭسىز كەشنى شىپىلدىتىپ ھاجەتخانا تەرەپكە ماڭغانلىغى،

www.uyghurkitap.com

كىمىنگدۇ يۆتەلگەنلىكى ئاڭلاندى، كارىدوردىن تاماكا پۇرىغى كەلدى.

دوختۇرخانا ئويغىنىپ، جانلىنىپ كەتتى. كېسەلخانىدا ياتقانلار سانىتارنى قىچقاردى، سانىتار يۈز يۇيىدىغان بىر دەستە داسنى كۆتىرىپ، ئەسنىگىنىچە كارىدوردىن يۈگۈرۈپ ئۆتتى، يىراقتىنلا ئۇنىڭ نۆۋەتچىلىك قىلىپ، تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئىشى كېسەللەرنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلىش ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، سېسترانى قىچقىرىشتى.

كەينىمىزدىكى دېرىزە سىرتى گىرىمسەن، تاشقىرىدىن نەم پۇرىقى گۇپپىدە ئۇرۇلدى. لىدا بارغانسېرى ماڭا چىڭ يېپىشىپ، يېنىك تىترەشكە باشلىدى. ئۇشتۇمتۇت، ئۇ چۆچۈپ ئويغانغاندەك، بېشىنى كۆتىرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ، يورۇپ كەتكەن دېرىزىنى، يىراقتا ــ دوختۇرخانا پەلەمپىيىدە تاماكا چېكىشۋاتقان يارىدارلار ۋە كېسەللەرنى كۆردى.

ــ ئەجىبا، ھەممە ئىش تۈگىدىمۇ؟ شۇنداق قىلىپ، بۈگۈن كېتەمسەن؟ ئىككىمىز بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلىشىش بىلەنلا ئىش تۈگىدىمۇ! مىشا، نىمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ نىمىشقا جىممىدىلا ئولتۇرىسەن!

ــ يىغلىما، جېنىم سىڭلىم.

لىدا ئەندىكىپ، چۆچىگەن نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ تىترىگى بېسىلمىدى، لېكىن كۆز يېشى توختىغان ئىدى، چىرايىدا كەسكىنلىك ئالامىتى كۆرۈندى:

ــ مىشا، تەلىۋىمنى رەت قىلما! ماقۇل دە، رەت قىلما!

— مەن ھەر قاچان تەييار... سېنىڭ... ئۈچۈن...
— ھارارىتىڭنى ئۆلچەپ باقاي... بۇ، ھارارىتىڭ ئۆرلەپتۇ، بۇ، بىردىنلا ئۆرلەپ كېتىپتۇ. ھىم، بۇنداق ئەھۋال بولۇپ تۇرىدۇ...
— دېرىزە تەكچىسىدىن تاقىقىدە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى مۈرىلىرىدىن تۇتۇپ سىلكىدىم:
— ئېلىشىپ قالدىڭمۇ، نىمە؟!
— بىلىمەن، بىلىمەن: بۇ ياخشى ئەمەس، مۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئىش ئۈچۈن دوختۇرخانا مېنى خىزمەتتىن قوغلىۋېتىشى مۇمكىن، ئىنىستىتۇتمۇ مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىشى مۇمكىن. مەيلى، ھەيدىۋەتسە ھەيدىۋەتسۇن! سېنىڭ بىلەن يەنە بىر كۈن بىللە بولسام بولاتتى، بىر كۈن بولسىمۇ مەيلى ئىدى! بۇ لەنىتى ئۇرۇش بىر كۈن توختىسىچۇ! توختىسۇن! ئۇ...
— جېنىم لىدا، ھوشۇڭنى تاپقىن! نىمىلەرنى دەۋاتىسەن؟ لىدا! لىدا! — ئۇنى سىلكىپ يۇرۇپ تىنچلاندۇردۇم. مەن قورقتۇم. ساراسىمىگە چۈشۈپ قالدىم. ۋۇجۇدۇم مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى تېخىچە ئۇقمايتتىم. زادى نىمە ئۈچۈن! نىمە ئۈچۈن؟ ئۇنىڭ شۇ قەدەر قىزغىن سۆيۈشىگە ئەرزىگۇدەك ھېچ يېرىم يوق. مەن ئادەتتىكى بىر يىگىت، ئادەتتىكى بىر جەڭچى! ئەيىۋھەناس، مىشا، سەن چىڭ تۇر! ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن، چىڭ تۇرۇشۇڭ كېرەك! ماقۇل دىمە! سەن قەيسەر ئادەم، سەن بىر ئەزىمەت. ماقۇل دىمە! مۇشۇنداق بىر قىز خورلۇق تارتسا بولمايدۇ. چىڭ تۇرغىن!
مەن چىڭ تۇردۇم. ماقۇل دىمىدىم. بەلكىم، مۇھەببىتىمىزنى

نابۇت قىلغاندىمەن، لېكىن شۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. ئۇنداق قىلمىغاندا، ئۆزەمنىڭ مۇھەببىتى توغرىسىدا سۆز ئېچىشتىن نومۇس قىلغان بولاتتىم. مۇبادا مېنىڭ ئىرادەم لىدانىڭكىدىن چىڭ ـ مۇستەھكەم بولمىغان بولسا، مەن ئۆزەمنى ئۆمۈرۋايەت كۆزگە ئىلماي ئۆتەتتىم.

قارىغاندا، ئۇ چاغلاردا مەن ھەقىقەتەنمۇ قەيسەر يىگىت ئىكەنمەن.

ئىش كۈتۈپ تۇرۇش بېكىتى "ئاشلىق سېتىۋېلىش ئورنى"نىڭ ئىلگىرىكى ئامبىرى ئىدى، ئۇ يەردىكى ئاشلىقنى ئاپتاپقا يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئېگىز بەنچاك تېخى ساق بولغاچقا، باشقىدىن كارۋات ھازىرلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، شۇڭا، "ئاشلىق سېتىۋېلىش ئورنى" خادىملارنى بازىغا توشۇشتا ۋاقىتلىق تۇرالغۇ جاي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن ئىدى. قوسىغى تويماي يۇۋاشلىشىپ قالغان قۇشقاچلار كونا ئادىتى بويىچە پات ـ پات ئامبارغا ئۇچۇپ كېلەتتى. ئەسكەرلەر ياغاچ پارچىسى ۋە قەلەمتۇراچ بىلەن يوچۇقتىن ئاشلىق دانلىرىنى قېزىۋېلىپ، ئۈستىدىكى چاڭ ـ توزاڭلارنى پۈۋلىۋېتىپ، كۆچەپ جاغلىرىنى ھەركەتلەندۈرۈپ چاينايتتى، بەزىدە قۇشقاچلارغىمۇ بىرەر چىمدىم بېرەتتى. قۇشقاچ باللىرى بىر بىرى بىلەن تالاشماي، ئىتتىك ـ ئىتتىك دانلايتتى، ئاندىن روھى چۈشكۈن، ھەركىتى ئاستا كىشىلەرگە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تەلمۈرۈپ، يېنىكى سەدىقە كۈتەتتى.

مەن تۇرغان باشقا ئىش كۈتۈپ تۇرۇش بېكەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ بېكەت ياخشىمۇ ئەمەس، يامانمۇ ئەمەس ئىدى. گەزەرمە

گەزدەرمىگە ئوخشىمايتتى، تۇرمىمۇ تۇرمىگە ئوخشىمايتتى. لېكىن ئۇلار ھەر ئىككىلىسىگە ئاز-تولا ئوخشاپ كېتەتتى. مەن ئويلايتتىم: زاپاس تۆەنلەر بىلەن مۇنداق بېكەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى يازىدىغانلار ھامان چىقىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، بىزنىڭ بالىلىرىمىز بىزنىڭ قانچىلىك ئازاپ-ئوقۇبەتلەر تارتقانلىقىمىزنى، قانچىلىك جەۋرى-جاپالارغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىمىزنى، بىزنىڭ مۇشۇنداق شەرت-شارائىتتا غەلىبە قازانغانلىقىمىزنى ئۇقمايدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىز ئۇرۇش دىگەن ئالدىنقى سەپكىلا چېتىلىدۇ، بىزنى بولسا، ئالدىنقى سەپتە بىر ئىش بىلەنلا شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، يەنى ئۇزلۇكسىز تۇردە قەھرىمانانە تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ، دەيدىغان قاراشقىلا ئادەتلىنىپ قالغان.

مېنىڭ بۇ پوۋېستىمنىڭ باشقا ۋەزىپىسى بار. بۇنىڭدا مۇھەببەت، پەقەت مۇھەببەتلا سۆزلىنىدۇ. قوشۇپ قويۇشقا تېگىشلىكى پەقەت شۇكى، مەن قىسىم بىلەن دوختۇرخانا ئارىلىغىدا ئايلىنىپ يۇرگەن چېغىمدا، ئاخىر تامىغى ھەر ھالدا بولىدىغان بىر ئىش كۆتۈپ تۇرۇش بېكىتىگە باردىم.

ئۇ يەرنىڭ باشقۇرۇش مۇدىرى توكۇر كىشى بولۇپ، ئىشىنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن بېجىرەتتى، ھەر دائىم تەرتىپكە ئەھمىيەت بېرەتتى، ئاشپەز، ناۋاي، مۇھاپىزەتچى، ھەربىي لاۋازىملارنىڭ دائىم ئالمىشىپ تۇرىدىغان بېكەت خادىملىرىنى قاقتى-سوقتى قىلىپ شىلتۇبلىشىغا يول قويمايتتى.

لېكىن، بۇ باشقۇرۇش مۇدىرىنىڭ بىر ئاجىزلىغى ئۇنىڭ سەپ تۈزۈش مەشقىغە بەكرەك ئامراقلىغى ئىدى. ئۇ بېكەت جايلاشقان يەردىكى بىر كورپۇس پىشايۋانلىق كىچىك ئۆيدە تۇراتتى. ھەر

كۆنى كەچقۇرۇنلۇغى، باشقۇرۇش مۇدىرى پىشايۋانغا چىقىپ، ھە دەپ گارمون بىلەن "كۆڭلۈم ئەجەب شادىمان" دېگەن مۇزىكىنى چېلىپ، غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى ئەسكەرلەرنى مۇزىكا ساداسىغا ئەگىشىپ مەش ئويناشقا مەجبۇر قىلاتتى.

نىمە چارە، قارىغاندا بۇ ئادەم پاراتقا، مۇزىكا تەڭكەش قىلغان شارائىتتا مەش ئويناشقا ئىنتايىن ئامراقتەك قىلاتتى، لېكىن فاشىست قاراقچىلار جەڭگاھتا ئۇنى مېيىپ قىلغان ئىدى.

كراسنوداردىكى ئىش كۆتۈپ تۇرۇش بېكىتىدە بىزنى ھېچكىم سەپ تۈزۈش مەشقى قىلىشقا ۋە ھېچقانداق ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلمىدى. پەقەت بىزنىڭ بېكەت دائىرىسىدىن چىقىشىمىزغىلا يول قويمىدى. بىز پۈتۈن كۈن ــ تۈن ئەركىن ھەركەت قىلىپ، "خېرىدار" كۈتەتتۇق. "خېرىدار" ــ غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى قىسىمنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ئۇلار يېرىلىپ كەتكەن تاش ياتقۇزۇلغان ھويلىدا بىزنى سەپكە تۇرغۇزۇپ قويۇپ، مۇھاپىزەتچى، قورۇلۇش خادىمى بولۇشقا لايىقلارنى تاللاپ ئېلىپ كېتەتتى.

ئىلگىرى بىر قىسىمدا جەڭ قىلغان، دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسىدا تونۇشۇپ قالغانلار، كۆپ ھاللاردا، مەشەدە قايتا ئۇچرىشاتتى ۋە دائىم دېگۈدەك يەنە مەشەدە بىر بىرىدىن ئايرىلىپ، تەرەپ ــ تەرەپلەرگە كېتىشەتتى.

مەن ئامبارنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بۆلۈكىدىن بىر ئورۇننى ئىگەللىدىم، كېچە ــ كۈندۈز تىزىمنى قۇچاقلاپ شۇ يەردە ئولتۇراتتىم. مەن، گويا ھېسسىياتىم ئۆلگەندەك، ھەممىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قارايتتىم. "خېرىدارلار" "مال" كۆرگىلى كەلسە، مەن چىقمايتتىم، ئەسكەرلەر سودا ــ سېتىق قىلىشسا، ئارىلاشمايتتىم. رۇخسەت ئېلىپ

سىرتلارغىمۇ چىقمايتتىم. رۇخسەت سورىغان بىلەن بەرسىبىر ئۇدى، بېكەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ، بىر-ئىككى سائەت ئايلىنىپ، بازاردا كۆيىنگىنى سېتىپ، گازىر، يىمەكلىك ياكى خۇسۇسىلار ئېچىتقان ئاق هاراق سېتىۋېلىپ قايتىشنى خىيال قىلىدىغانلار تولىمۇ نۇرغۇن ئىدى.

مېنىڭ ساتقۇدەك هېچ نەرسەم يوق ئىدى.

مېنىڭ ۋاقتىم كۆپ، هەممىنى، جۇملىدىن لىدانىڭ ئانىسى بىلەن قىلىشقان سۆهبىتىمنىڭ تەپسىلاتىنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. شۇبهىسىزكى، ئۇ هەقىقەتەنمۇ بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتكەن، سەرگۈزەشتىلىرى تولا ئايال ئىدى! ئۇ هەممىنى بىلەتتى، هەممىنى ئالدىن مۆلچەرلىيەلەيتتى، مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىمنى، هەتتا بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىمىزنىمۇ قىياس قىلالايتتى.

مانا ئەمدى مەن مۇشۇنداق ئادەم بولۇپ قالدىم، پۈتۈنلەي غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى خادىم بولۇپ قالدىم. هېچقانداق ئەهۋالنى، هېچقانداق ئەهۋالنى ئۆزگەرتەلمەيتتىم. ئىلگىرى مېنىڭدە خۇشاللىق، غايەت زور شاتلىق، ئىنتايىن زور شادۇخۇراملىق بولغان. ئۇ چاغلاردا،هېچنىمە توغرىسىدا باش قاتۇرۇشنى خالىمايتتىم، گويا ئۇرۇشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك، هەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك ئىدىم. لېكىن، ئۇ يەنە بىردىنلا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدۇ! سەن سېنى دۇنيادىن ئايرىۋەتكەن قويۇق تۇماننى بۆسۈپ چىققان ئىكەنسەن، كۆرۈشۈڭ، ئويلىشىڭ، ئەتراپىنى كۆزىتىشىڭ كېرەك. بۇ بېكەتتە ئېزىتقۇ تۇمان يوق. بۇ يەردە

www.uyghurkitap.com

پەقەت چاڭ ـ توزان، چاشقانلارنىڭ پۇرىغى، توخۇ يۇرەك، پەرلىرى چۇشۇپ قوتۇرلىشىپ كەتكەن قۇشقاچلارلا بار. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىلىرى قارتا ئوينايتتى؛ بەزىلىرى ”مال سېتىۋېلىش كىنىشكىسى“دىن پايدىلىنىپ، قانداقتۇ ئايالـلارنى ئىزدەپ كېتەتتى، ئۇ يەردە بىرەر ئىش قىلغان ـ قىلمىغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ئىشقىلىپ، هامان پو ئېتىپ كېلىشەتتى...

بىر كۈنى، ئۆزەم تۇرىدىغان بۇلۇڭدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، ساقلىقنى ساقلاش ــ يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پونكىتىغا بېرىپ، چېچەكنى ياساپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلدىم ــ بولمىسا، پىتلاپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. پىت غەم ـ هەسرەتتە قالغان، دەرت ـ ئەلەم تارتقۇچىلارنىڭ تېنىدە ئۆۋىلاشقا تولىمۇ ئامراق ــ بۇ مېنىڭ ئاكوپتا هاسىل قىلغان تەجرىبەم. خالتىنى پەرتۇق قىلىپ تارتىۋالغان بىر ئەسكەر گال ئۇستىرا بىلەن ماڭلاي چېچىمنى گىرتىدە كېسىۋېتىۋىدى، بېشىم بىرئاز يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. پولدىكى بىر دۆۋە قېنىق رەڭ چېچىمغا لەپپىدە قاراپ قويدۇم، ئۇ قوڭۇر، ئاق، بوز چاچلارغا ئارىلىشىپ كەتتى.

مەن كەتتىم. هازىر ئۇ چاچلارنىڭ ماڭا نىمە كېرىكى؟ مېنىڭ ماڭلاي چېچىم قىممەتلىكمۇ؟! قولىدا ئىسرىقدان تۇرغان پوپ گارموننى نىمە قىلاتتى!

شۇ ئارىلىقتا مەن ئىگەللىگەن بۇلۇڭنى بىرەيلەن ئىگەللىۋاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بوشىتىپ بېرىشىنى ئەدەپ بىلەن ئىلتىماس قىلدىم. ساغۇچ چاچلىق ئۇ ئەسكەرنىڭ بوشىتىپ بەرگۈسى يوق ئىدى، ماڭا قاراپ قويۇپ، شۇ هامان نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر چەتكە يۆتكىدى. ئۇ يەنە بىرئاز تاكاللاشسا، ئۇنىڭ ئەدىۋىنى تازا بېرەتتىم.

ماڭا يېقىنلا يەردە بىر شاگشى ئولتۇراتتى، بىر توپ ئادەم ئۇنى ئورىۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئۇنىۋانىمۇ، مىجەز-خۇلق ۋە سۆلىتىمۇ مۇتىھەم شىپىتوپالوۋغا بەكلا ئوخشايتتى. ئۇمۇ شىپىتوپالوۋغا ئوخشاش كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلاتتى. ئۇ ناھايىتىمۇ نۇرغۇن كۈلكىلىك لەتىپىلەرنى بىلەتتى. قىسقىسى، مۇنداق يىگىت دوزاقتىمۇ قىزىقچىلىق قىلىپ كۈن ئالالايتتى. ئەسكەرلەر بىردەم ھىكايە سۆزلىگۈچىنىڭ ئاغزىغا چوكقۇر مېھىر بىلەن قارىسا، بىردەم چىقىراپ ئۆزلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلەتتى ۋە ھە دەپ قوللىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى. مەنمۇ قۇلاق سېلىشقا باشلىدىم.

— شۇنداق، خوش، يېلىمچ بوۋاي يىغىنىدىن ئۆيىگە قايتىشىغا، موماي: "نىمە يىغىن ئىكەن ئۇ؟ نىمىلەر قارار قىلىندى؟" دەپ سوراپتىكەن، يېلىمچ بوۋاي باشتا خۇپسەنلىك قىپتۇ، بېشىنى قاشلاپ: "ئۇلار بىزدەكلەرگە نىمە يىغىن ئاچاتتى!..." دەپتۇ. "ۋاي-ۋۇي، ئاتىسى، مۇغەمبىرلىك قىلما! ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ، ماڭا دىگۈڭ كەلمەيۋاتىدۇ! مېنى تىت-تىت قىلاي دەۋاتىسەن..." دەپتۇ موماي. "ھىم، بوپتۇ ئەمىسە، — دەپتۇ بوۋاي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ئازادلىق توغرىسىدا، يەنى باراۋەرلىك توغرىسىدا يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا يەنە: "ھەر بىر ئايالنىڭ ئىككىدىن ئېرى بولسا بولىدۇ، دىگەن قارارمۇ بولدى." "ئۇمۇ بولىدىغان گەپ ئىكەن — يىغىن بىكاردىن بىكار قارار قىلمايدۇ-دە! بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىڭلار بىر تۇققان ئاكا-ئۇكىدەك ئۆتۈڭلار، ئەمىسە..."

بېكەت گۈررىدە تەۋرەپ كەتتى، قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچۇپ، دېرىزە ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلدى، ياغاچ كارۋات ۋە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردىن

www.uyghurkitap.com

چاڭ-توزانلارنى پۇقۇرۇتۇۋەتتى، ئەسكەرلەر قىڭغىر-قىيپاق بولۇپ، ئۇ يان-بۇ يان يىقىلدى.

— ۋاي...ۋاي...يەي! — مېنىڭ ئاستىمدا بىرەيلەن ئىڭراپ، ھاسىرىدى، — بىر تۇقان ئاكا-ئۇكىلاردەك، شۇنداقمۇ!؟ ۋاي-ۋۇي، بۇنىڭغا قانداق چىدىغۇلۇق! ۋاي...ۋاي...يەي!...

”بىز قانداق ياشايتتۇق؟ ئەگەر مۇشۇ شاگشىدەك يىگىتلەر بولمىغان بولسا، دۈشمەن ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قازىنالايتتۇق، ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى قانداق يېڭەلەيتتۇق، بالايى-ئاپەت ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى قانداقمۇ تۈگىتەلەيتتۇق!“ دەپ ئىختىيارسىز بىرھازاغىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم، لېكىن خىيالىمنى مېنىڭ ئىلگىرىكى ئوپېراتسىيىدىن چىققانلار كېسەلخانىسىدىكى خوشنامنىڭ ۋاقىرىغان ئاۋازى بۆلۈۋەتتى، ئۇ ھازىر بېكەت خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە مۇھاپىزەتچى ئىدى.

— لوخۋېيبۇ بارمۇ؟

— كىم؟ كىمنى ئىزدەيسەن؟

— لوخۋېيبۇنى قىچقىرىۋاتامسەن؟ — سورىدىم مەن.

— كىم، كىم ئۇ؟ — بىرنەچچە ئەسكەر تەڭلا قايتۇرۇپ سورىدى.

— ھە، لوخۋېيبۇ، دەۋاتىمەن! ئۇنى بىرەيلەن ئىزدەپ كەپتۇ. مەن چېچىمنى يېڭىلا ياساتقاچقا، بېشىم مۇزلىغاندەك بولۇپ، شۇ ھامان چۈشكىمنىڭ چېتىگە يېتىۋالدىم.

— بەلكىم يېلوفىيبۇدۇ؟

— ھە، توغرا، — دىدى ھېلىقى ئەسكەر جەزملەشتۈرۈپ، — ئۇنداقتا، بۇ سەنمۇ، مىشا! — ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى، — پەملەڭنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەنا! — دىدى-دە، ھەيۋە-سۈر بىلەن

گىدەيگەچكە، گوموش قىياپىتىگە كىرىپ، ئامباردىن چىقىپ كېتىۋې-
تىپ، چۈشەكتە ياتقان، ھەربىي خىزمەت ئۆتەشكە ئانچە قىزغىنلىقى
بولمىغان ئادەملەرنى ئەيىپلەش نەزىرىدە كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار
يىنىچە يېتىپ تاماكا چەككەچ پو ئېتىشاتتى، سەۋرى-تاقەت بىلەن
مۇۋاپىق ”خېرىدار“ كۈتۈشەتتى.

مەن سىرتقا چىقىپ كەتتىم، پۇتلىرىم ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلاتتى، مېنى ۋەھىمە باستى. تۈنۈگۈن جاراھىتىمدە ئاقما تۆشۈك
پەيدا بولغان ئىدى، ھازىر يىڭىۋاشتىن تېڭىلىپ داكىغا ئېسىپ
قويۇلغان يارىدار قولۇم بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى. داكىنى يېشىۋې-
تىپ، پۇرلاپ يانچۇقۇمغا سېلىپ قويدۇم، ھەربىي چاپاننىڭ تۈگمى-
لىرىنى ئېتىپ، ئاندىن تارتىپ رۇسلىدىم، تۈزەشتۈردۈم.

لىدا دەرۋازا يېنىدىكى تاش دۆۋىسى ئىچىدىن مۆجىزىدەك
ئۈنۈپ چىقىپ، قۇرۇپ قالغان ئوت-گىيالار ئىچىدە، تېگى كۆكىرىپ
كەتكەن خىش تامغا يۆلىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇراتتى.
ئۇ يەنىلا بېشىغا سېرىق، دۈگىلەك يۇمشاق بۆك كىيگەن، بوينىغا
يەنىلا ئاشۇ سېرىق رەڭلىك تۈلكە تېرىسىدىن ئىشلەنگەن شارپىسىنى
ئورىۋالغان، بۇلاقتەك چولپان كۆزلىرى يەنىلا چاقناپ تۇرغان
بولۇپ، ناھايىتى نازۇك-ناتىۋان قىزچاقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ماڭا
قاراپ يۈگۈردى، مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرمەكچى بولدۇم، بىراق،
ياندىكىلەرنىڭ رەھىمسىز نەزىرىدىن ئۆزەمنىڭ ياماق چۈشكەن شىم،
تورۇكلاپ تۇرىدىغان چوڭ بەتىنكە كىيىۋالغانلىقىمنى، گوجەي
يۆگىۋالغانلىقىمنى، كونا ھەربىي كىيىم كىيىۋالغانلىقىمنى، چېچىم
چۈشۈرۈلگەن، چىرايىم ياداڭغۇ ئىكەنلىكىنى بىردىنلا بايقىدىم.

مەن توختاپ قالدىم. لىدا ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا قولىنى سۇنماي،

www.uyghurkitap.com

چۆچۈپ قاراپ تۇرغىنىدا، چىشىمنى چىشلەپ سورىدىم:

— سەن نىمىشقا كەلدىڭ؟

ئۇ كەينىگە سەل داجىۋىدى، سېرىق پاتقاقتا مىلەنگەن ئاشقا دەسسەپ تېيىلىپ كەتتى. مەن ئۇنى شۇ ھامان بىلىگىدىن تۇتۇۋالدىم.

— بۇ يەرگە نىمىشقا كەلدىڭ؟

ئۇ نىمە دېيىشىنى بىلەلمەي، ۋەھىمىلىك ۋە ئېچىنىشلىق كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپلا تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مۇنداق ئېچىنىشلىق ھالەتنى ھېچقاچان كۆرمىگەن، ھەتتا ئوپېراتسىيىدىن چىققانلار كېسەلخانىسىدىمۇ كۆرمىگەن ئىدىم. بۇ ھال ئاخىر ئاچچىغىمنى كەلتۈردى، ئاچچىغىمدا نىمىلەرنى قىلىۋېتەتتىمكىن-تاڭ شۇ ئەسنادا، لىدا ئۇشتۇمتۇت يېڭىسىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى.

— مەن...قارىغىنا...ساڭا خەت ئېلىپ كەلدىم.

— نىمە خەت؟

— لىيۇرىك ئەۋەتىپتۇ. مىنىڭچە... خەتنىڭ كەلگىنىگە ئۈچ كۈن بولغان... ئۇنى قايتۇرۇۋېتىپ نىمە قىلىمىز، دەپ ئويلىدىم...

ئۇ يەنە نىمىلەرنىدۇ كۇسۇرلىدى، قارىسام، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى ياشقا تولۇپتۇ.

— بۇ تازا چىرايلىق قىز ئىكەن! — كەينى تەرىپىمدىن بوغۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم. ھويلىدا لاغايلاپ يۈرگەن ئىككى لوكچەك مىجەز ئەسكەر بىزنى تاماشا قىلىۋېتىپتۇ. قارىغاندا، ئۇلار ئەسلىدە يىغىۋېلىش لاگېرىنىڭ ئادەملىرىدەك قىلاتتى، — تۇرۇپ قارتا ئوينايتتى، تۇرۇپ جېدەل-غوغا كۆتۈرىشەتتى، ھەمىشە قانداقتۇ ھونەرلەرنى چىقىراتتى، ئالدى-ساتتى،

سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى، بۇ بىكەتتىن كېتىش خىيالىمۇ يوق، ئىشقىلىپ بۇ يەرگە ئۆگىنىپ قالغان، ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا ئالدىرىمايتتى — ئۇ يەردە ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

لىدانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنى كۆكرىگىم بىلەن قوغدىماقچى بولدۇم.

— شۇنداق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن! گۈزەل ساھىپجامال ئىكەن!

— بۇ تازىمۇ تەلەيلىك ئىكەن. مايمۇندەك ئاۋاق بىرنىمىنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزنى قولغا چۈشۈرۈۋالغىنىنى قارىمامدىغان.

— بۇ ئاي ـ بۇ كۈنلەردە، بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق. مۇھىمى، ئەرلەرگە خاس جاسارىتىڭ بولسا بولغىنى.

مەن جىددىيلىشىپ ئەتراپىمغا قارىدىم، لىدا بولسا، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا شاۋۋىي توغرىسىدا پاراڭ بولغاندا قىلغىنىدەك، مەنسىتمىگەن ھالدا كۆزلىرىنى قىستى. لېكىن بۇ يەردە، مەنسىتمەسلىك ۋە باشقا ھەرخىل نازاكەتلىككەر كارغا كەلمەيتتى! بۇ يەردە قاتتىق قوللۇق بولۇش، يامانراق بولۇش كېرەك ئىدى.

ھويلىدا ئەسكەرلەر بارا ـ بارا كۆپەيدى. بەزىلەر ئالچاڭلاپ، كېيىم كۆرسىتىپ، خەقلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى. بۇ يەردە بىزنىڭ دوختۇرخانىدىن كەلگەن ھەمراھلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار، بىزگە كاشىلا بولمىسۇن ئۈچۈن، سالام ـ سائەت قىلىشىپلا كېتىشتى. ئۇلار ھېلىقى ئىككى ئادەمنىمۇ كېتىشكە دەۋەت قىلىشتى، لېكىن ئۇلارنى قانداقمۇ كەتكۈزەلىسۇن! دەۋەت ـ نەسىھەت قىلغانسېرى، ئۇلار تېخىمۇ ئەزۋەيلەيدى. تېخىمۇ نومۇسسىز گەپلەرنى قىلغىلى، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ بىشەملىك قىلغىلى تۇردى.

بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىغى ماڭا مەلۇم ئىدى. كۆزلىرىم دەرۋازا يېنىدىكى بۇلۇڭغا قويۇپ قويۇلغان ھارۋىنىڭ تۆمۈر چاقىنى دىتلاپ قويدى. لىدامۇ بۇرۇلۇپ چاقنى كۆرۈپ، چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى ۋە لەۋلىرى ئۈنسىز قىمىرلىدى:

— ئۇنداق قىلما، مىشا، ئۇنداق قىلما!...

خۇداغا مىڭ شۈكرى، قاراۋۇل كېلىپ ئارىلاشتى.

— سىلەر نىمانداق خەققە قادىلىۋالىسىلەر، ھە؟ — قاراۋۇل ھېلىقى ئىككى لۈكچەكنى قوغلىدى، — ھەي، نىمە قىلىشىۋاتىسەن؟ بەلكىم ئۇلارنىڭ بېشىغا بىرەر بەختسىزلىك كەلگەن بولغىيدى؟ ئۆيگە قايتىڭلار!

ئەسكەرلەر ئانچە خالىماي تارقىلىشتى. ھېلىقى ئىككىيلەن ئالچاڭلاپ، شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ، باشلىرىنى قاشلاپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا كېتىشتى.

— ئادەم بىكارچىلىقتا نىمە ئىشلارنى قىلمايدۇ دەيسىلەر؟ — قاراۋۇل لىداغا ئىشەنچ بىلەن قاراپ، كۆپچىلىكنى ئاقلىغاندەك تەلەپپۇزدا سۆزلىدى. كېيىن ئۇ بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ، ھۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرگەندىكىدەك جىددى تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى، — دەرۋازا سىرتىدىكى ئۇزۇن بەندىڭگە بېرىپ ئولتۇرۇڭلار.

مەن بېكەت دەرۋازىسى يېنىدىكى ئۇزۇن بەندىڭدە پۇتۇمنىڭ ئۇچىغا قاراپ ئولتۇردۇم.

كوچىدا يولۇچىلار ئۇيان-بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، لېكىن كۆپچىلىگى ھەربىلەر ئىدى. ناھايىتى يالاڭ كىيىنگەن قىزلارمۇ ئۆتۈشتى. بۇ يەردىكى كۇبان قىزلىرى ھەققەتەنمۇ قالتىس چىرايلىق كېلىدىكەن، لېكىن ناھايىتى بالدۇرلا سەمرىپ كېتىدىكەن. بۇ مە-

ئىشەتنىڭ ياخشىلىغىدىن، ئەتىمالىم، مىۋە ـ چىۋىنى جىق يىگەنلىكتىن بولسا كېرەك. قاچانلاركىن، ئۈزۈن بەندىڭىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى زاراڭ دەرىخىدىن بىرتال شاخ سۇنىدۇرۇۋاپتىكەنمەن، شاخىنىڭ بىخلىرى قولۇمغا يېپىشىپ قاپتۇ. كىمنىڭدۇ ئۆگزىسىگە ئېسىپ قويۇلغان رادىئودىن باھار ناخشىلىرى ئاڭلىنىلىۋاتاتتى.

— مىشا! — لىدا مېنى قىچقاردى، لېكىن مەن دەماللىققا ئاڭلىمىدىم، چۈنكى ئوي ـ خىياللىرىم ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقتا، ئۆزەمدىنمۇ ناھايىتى يىراقتا ئىدى. ئۇ مۇرەمدىن ئاستا ئىتتەردى، — مىشا!

— ھە!

— مىشا، نىمە بولدۇڭ؟ مى...شا! — لىدا قولىنى ئاغزىغا ئاپىرىپ، بارمىغىنى چىشلىدى، ئاندىن مېنى يەنە ئىتتەردى، — مىشا، بىرنىمە دىگىنە! ئەزىزىم، سۆزلىگىنە!

لېكىن، مەن سۆزلىيەلمەيتتىم. ئۆزەمنى زورىغا بېسىپ تۇراتتىم. مەن ئاغزىمدىن بىر ئېغىز گەپ چىقسىلا، ئۇن سېلىپ يىغلىۋېتىدىغاندەك، بېكەت يامان ئىسكەن، دەپ ھال ئوقۇيدىغاندەك، ئۇ — لىدا يېنىمدا بولمىسا قانچىلىك ئازاپلىنىدىغانلىقىمنى، يارامىنىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلىپ قالغانلىغىنى، ئۇنىڭ ئالدىدا شۇ تاپتا ئاشۇ ھالىتىم بىلەن تۇرۇشنى زادىلا خالىمايدىغانلىغىمنى ئېيتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن چۆچەكلەردە ھەمىشە تىلغا ئېلىنىدىغان ھېلىقى قامەتلىك، قابىل، باتۇر يىگىت بولۇپ قېلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. ئەگەر مەن راستىلا ئۇ بولۇپ قالسام، راستىلا چۆچەكلەردىكى پادىشا بولۇپ قالسام، ھۆكۈمرانلىغىم ئاستىدىكى جىمىكى ئادەملەرگە، بولۇپمۇ ياشلارغا، ھېچقاچان چىرايلىق كىيىم كىيىپ باقمىغان، يەنە كېلىپ دەسلەپكى ئىشقى ـ مۇھەببەت ئوتىدا

كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلەرگە چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەر تارقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرەتتىم...ئۇرۇشنى مەڭگۈلۈككە ئاياقلاشتۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنى بىركۈن بولسىمۇ توختىتاتتىم.

لېكىن، مەن بىر ئەسكەر، غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى ئەسكەر، بارلىق ئەسكەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش چېچىم چۈشۈرۈلۈپ، تاقىر باش قىلىپ قويۇلغان. ئەمدى چۆچەكلەرمۇ يوق، چۆچەكلەر سۆزلەپ بولۇندى. ھازىر چۆچەك سۆزلەيدىغان ۋاقىت ئەمەس.

— لىدا، ئەڭ ياخشىسى، سەن كەتكىن، — دېدىم ـ دە، بەندىڭـ دىن قوپتۇم، — ئاناڭغا مەندىن سالام ئېيتقىن! ئۇ كاللىسى ئۆتكۈر ئايال ئىكەن. ساڭا ئىنتايىن كۆيۈنىدىكەن. ئۇنىڭغا ئوبدان قارىغىن.

— خوپ، خوپ، مىشا، مانا ماڭىمەن. ھازىرلا كېتىمەن. مەن پەقەت بۇ خەتنى...

— كەتكىن، لىدا!

بىز ئادەملەر ماڭىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتۇق، كىشىلەر بىزدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى، بەزىلىرى بىزگە ئۇرۇلۇپمۇ قالاتتى. لىدا بىرنىمە دېمەكچىدىمىكىن، لەۋلىرى تىترەيتتىيۇ، ھېچنىمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلىشىپ، مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىم:

— مىشا، سېنىڭدىن ئەندىشە قىلىمەن! مىشا، سېنى بۇ يەرگە يالغۇز تاشلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەيمەن. بىرەر ئىش كۆڭلۈڭگە كېلىپ قالسا...

— ئۆتۈنۈپ قالاي، لىدا، سەن كەتكىن! — مەن ئۆرۈپ قويغان زاراڭ شېخىنى تاشلىۋېتىپ، لېۋىمنى چىشلەپ، ئاسمانغا قارىدىم. —

گەتكىن، ماڭا ھېچنېمە بولمايدۇ. مەن ئېيىق ئوۋلىغۇچى تۇرسام، — چاقچاق قىلغۇم بار ئىدى، لېكىن چاقـچىغىم قاملاشمىـدى، گېلىمگە بىرنېمە تۇرۇپ قالغانـدەك بولـدى. مەن ئاۋايـلاپ ئۇنى كەيـنىگە ئۆرىدىم، — قېنى ئەمىسە...

ئۇ ئىتائەتچانلىق بىلەن مېنىڭـدىن ئايرىلدى، خۇددى مومايدەك تۇگۇلۇۋالدى. ماڭا لىدا دەرھال كەينىگە بۇرۇلىدىغاندەك تۇيۇلدى.

— ئارقاڭغا بۇرۇلمىغىن.

ئۇ ناھايىتى ئاستا ماڭاتتى، گېپىمنى ئاڭـلاپ، قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى... لېكىن يەنىلا كەينىگە بۇرۇلۇپ لەپپىدە قارىدى. ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ـ مۇڭلۇق ۋە نۇرلۇق چولـپان كۆزلىرى مېنى قىچقىراتتى.

— ئىتتىك ماڭغىن! — دەپ ۋاقىرىـدىم ـ دە، قاراۋۇلنى بىر يانغا ئىتتىرىۋېتىپ، ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتىم.

مەن بەنچاڭغا ئۆزەمنى تاشلاپ، ھەربى پەلتويۇم بىلەن بېشىمنى چۆمكەپ، بوقۇلداپ يىغلىدىم، تاكى يېشىم قۇرۇغىچە قاتتىق يىغلىدىم. ئاندىن دەرمانىم قۇرۇپ، لاسـسىدا بولۇپ ياتـتىم. ئۆمرۈمـدە تۇنجى قېتىم ئادەمنىڭ يۈرىـكى ھەسرەتـتىن قانچىـلىك دەرىجىـدە ئازاپلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. كىمدۇ بىرى پەلتويۇمنى ئۈستۈمدىن ئاۋايلاپ تارتتى. مەن ھېلىقى ئىككى لۈكچەك قول سالـغان ئوخـشايـدۇ، دەپ ئويلىـدىم ـ دە، — ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ ئاخىرقى بىر پەلتوسىنى ئوغرىلاپ، ھازاقا تېگىشىپ ئىچىشتىنـمۇ يانمايتـتى، — چاچراپ قوپتۇم.

— بىر شورىۋالغىن، راست گېپىم. — قاراڭـغۇدا كىمـدۇ بىرى يالتىراپ تۇرغان سىگار قالدۇغىنى سۇندى.

www.uyghurkitap.com

مەن سىگار قالدۇغىنى ئېلىپ قايتىق شورىدىم، ھەتتا ئاغزىمنىمۇ كۆيدۈرۈۋالدىم.

— بىرەرسى ئۇرۇشتا ئۆلۈپتىمۇ؟ — سورىدى قاراڭغۇدا سىگار قالدۇغىنى بەرگەن ھېلىقى ئادەم.

— ئۆلۈپتۇ...

— مۇنداق ئىش قاچانمۇ ئاخىرلىشار؟ — ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنندى، جىمىدى، بىردەمدىن كېيىن ئاق كۆكۈلىلۈك بىلەن پىچىر - لاپ دىيىلگەن پەندى - نەسىھەت ئاڭلاندى، — ياش يىگىت، ئۇخلى - غىن، ئەگەر ئىمكانىيەت بولسا...

مەن يەنە پەلتويۇمغا پۈركىنىپ، تېنىمنى ئىسسىتتىم، تاڭ سۈزۈلەي دىگەندە ئۇخلاپ قاپتىمەن. شۇ كۈنى، مەن سەپكە تىزىل - غان چېغىمدا تاللاندىم ۋە تۇنجى "خېرىدار" بىلەن ئۇكرائىناغا كەتتىم. ئۇ يەردىن ئالدىنقى سەپكە بېرىش يېقىنراق، ئۆزەمنىڭ قوشۇننى تېپىشىمۇ ئاسانراق ئىدى. ئەلۋەتتە، غەيرى ئۇرۇش سېپىدىكى قىسىمدا قالالمايتتىم — مەن ھېلىمۇ يۈگۈرەلەيتتىم، ئوق ئاتالايتتىم، ئىشلىيەلەيتتىم، خىش - كېسەك، رېلىس توشۇش، ياكى سوپۇن ياساش ئىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا كارغا كەلمەيتتىم، باشقا ئادەم تاپسىمۇ بولىدۇ.

ئىش - ۋەقە شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن، چۈشۈمدە كۆرگىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، لىدانى زادىلا كۆرمىدىم. مۇھەببەت تارىخىمىدىمۇ يەنە سۆزلىگۈدەك ھېچنىمە يوق. كىتاپلاردا، كۆپ ھاللاردا، ھەر خىل تاسادىپى ئۇچرىشىشلار تەسۋىرلىنىدۇ، لېكىن مېنىڭدە ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدى.

ئۇرۇش مېنى قايىنامىغا ئېلىپ كىرىپ، بىر تۇەندىن يەنە بىر

تۇەنگە، بىر دوختۇرخانىدىن يەنە بىر دوختۇرخانىغا، بىر ئۈش كۈتۈپ تۇرۇش بىكىتىدىن يەنە بىر بىكەتكە تاشلىدى. يۈرەكتىكى دەرت ـ ئەلەم ئاستا ـ ئاستا بېسىقتى، تورمۇزلانغان، غېرىبانە مۇھەببەت ـ ھېسسىياتىمۇ بارا ـ بارا سۇسلىشىپ، ھەممە ئۆز ئىزىغا چۈشتى. كەسكىن ـ جەڭ كۈنلىرىدە، گويا مۇھەببەت ئوتلىرىم ئۆچۈپ، بىر دۆۋە كۈلگە ئايلانغاندەك، مەڭگۈ، ئەبىدىل ـ ئەبەت قايتا ـ يانمايدىغاندەك بولدى.

يىللار كەينىدىن يىللار يورغىلىشىپ، نۇرغۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ھازىر ئۇرۇشنى ئەسلىسەم، خۇددى ناھايىتى يىراقتىكى ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان چۈشنى ئەسلىگەندەك بولىمەن، چۈشتىكى ناتونۇش، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مېنىڭ بىلەن تەقدىرداش بىر يىگىت ھەركەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. "بەلكىم، قايتا ئۇچرىشىپمۇ قالارمەن؟ مۇنداق ئىش پات ـ پاتلا بولۇپ تۇرىدۇ، ھەمىشە بولۇپ تۇرىدۇ!" دەپ تىنىماي خىيال سۈرەتتىم. گەرچە ئۆتكەن ئىشلارنىڭ قايتىلانمايدىغانلىقىنى، ئۆمۈرۋايەت قايتىلانمايدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، يەنىلا خىيال سۈرەتتىم، كۈتەتتىم، ئارزۇ قىلاتتىم...

مەن ۋەتىنىمنى سۆيىمەن، مۇنداق سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشقا ماھىر بولمىساممۇ، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا چىن دىلىمدىن سۆيگەن قىزغا ئۆزەمنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلالمىغىنىمدەك. بىزنىڭ بىپايان زىمىنىمىز، رۇسلارنىڭ بىپايان زىمنى تولىمۇ كەڭرى. بىرەر ئادەم يوقۇلۇپ كەتسە، دەرمەھەل تاپقىلى بولمايدۇ.

لېكىن، بىرەيلەننى سۆيگەن، ئۇ بىرەيلەنىمۇ ئۆزىنى سۆيگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھەببەت توغرىسىدىكى ئەسلىمە

بولسۇن، مۇھەببەتنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتى بولسۇن، مەلۇم جايدا مېنى سېغىنىۋاتقان ئادەمنىڭ بارلىقىنى يادىڭغا ئېلىش بولسۇن، شۇنىڭ ئۆزىمۇ بەخت ـ سائادەت. بەلكىم، مۇرەككەپ ـ چىگىش، جاپا ـ مۇشەققەتلىك تۇرمۇشتا، ئادەتتىكى كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى ئەسلىگىنىدە، يەڭگىللىك ـ ئازادىلىك ھېس قىلىشى مۇمكىن — مەلۇمكى، بىز بىر بىرىمىزنى ئەسلىگەن خاتىرىلەردە مەڭگۈ ياش، مەڭگۈ بەختىيارمىز. ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق ۋاقىتتا ياشلىق باھارىمىزنى، بەختىيار يىللىرىمىزنى قايتىلىمايدۇ. بەزىلەر بىزنىڭ بەختىيار يىللىرىمىز "ئازاپلىق" دېيىشىدۇ. ياق، ياق، بەخت ـ سائادەت ئازاپلىق بولمايدۇ، بۇ — توغرا ئەمەس! پەقەت بەختسىزلىكلا ئازاپلىق بولىدۇ!

بىر ئۆزەم يالغۇز قالغىنىمدا، بۇ ئىشلارنى، كۆپ ھاللاردا، ئەسلەيمەن، چەكسىز قايغۇ ـ ھەسرەت بىلەن ئەسلەيمەن. بىزنىڭ ھېلىقى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس، ئاجايىپ شائىرىمىز، مۇھەببەتنى ھەممىدىن بەك تولۇق، چوڭقۇر، ئېنىق ھېس قىلغان، قەدىرلىگەن ۋە يۈرىكى ئىشقى ـ مۇھەببەتكە شەيدا بولغان شائىرىمىز پۈشكىن مۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت توغرىلىق توختالغىنىدا: "مېنىڭ دەرت ـ ھەسرىتىم شات ـ خوراملىق..." دەپ نەقەدەر ئاددى ۋە سەممىي ئېيتقان دېسىڭىزچۇ.

ئايدىڭ كېچىلىرى، ئۇزۇلمەس ئاقار يۇلتۇز ئاسمان باغرىنى يېرىپ ئۆتكىنىدە، مەن ھەمىشە ئۆزەم يالغۇز ئورمان ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇ يۇلتۇزنىڭ قانداق چاقنىغانلىقىغا، ئاسماننى يېرىپ ئۆتۈپ ۋە يورۇتۇپ، قايەرلەرگىدۇ ئۇچۇپ كېتىدىغانلىقىغا قاراپ تاماشا قىلىشنى ياقتۇراتتىم. خەقنىڭ ئېيتىشىچە، نۇرغۇن يۇلتۇزلار ئاللا ـ

بۇرۇن ئۆچۈپتۇ، بىر تۇغۇلۇشتىن ناھايىتىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ئىلگىرىلا ئۆچۈپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نۇرلىرى بىزگە ئىلگىرىكىدەكلا چېچىلىۋېتىپتۇ، ئۇلار ھېلىمۇ بىز ئۈچۈن نۇر چېچىۋېتىپتۇ.

(1960 — 1972 ـ يىللار)

(«سوۋېت ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ
1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن مەخسۇت**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **ئابدۇللا ئابلىز**

## نىمىشقا بىر قۇلىقىنى ئېتىۋالسەن؟

— فىجا، دەرس ۋاقتىدا نىمىشقا دائىم بىر قۇلىقىڭنى ئېتىۋالسەن؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسى فىجادىن.

— مۇئەللىم، سىز مېنى ھەمىشە دەرس بىر قۇلىقىڭدىن كىرىپ، يەنە بىر قۇلىقىڭدىن چىقىپ كېتىدىكەن دەيتتىڭىزغۇ! — دەپ جاۋاپ بەردى فىجا.

**ئالىمجان ئانايەت** تەرجىمىسى

# خەلق ئارتىسى

## ئو. گانچار

كىرا پىكاۋىنى ھەيدەپ كېتىۋاتقان شوپۇرنىڭ كەيپى باشقىچىلا ناچار ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە بىرنەرسە چۈشىدىغاندەك ئەمەس، ئىككى قولىمۇ ماشىنىنىڭ رولىنى خۇش ياقمىغاندەك تۇتاتتى، چىرايىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى، ئاغزىمۇ ئېچىلمايتتى. بۇنىڭ ھەممىسى سىزگە گويا ئۇنىڭ بۇ ماشىنىنى ئىلاجىسىز ھەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەپتە ئاخىرى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقانلىقىدەك بىر ئالامەتنى كۆرسىتەتتى. بۇ يولۇچى ئۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈنلەي بىر ئاۋارىچىلىق بولۇپ قالغان! راستىنى ئېيتقاندا، كۈز يامغۇرى توختىماي يېغىۋېرىپ پاتقاقچىلىق بولۇپ كەتكەن بىر يېزىغا بېرىشنىڭ نېمە مەززىسى بولاتتى! ئېيتىڭا، بۇ يولۇچى ماشىنا قاتنىمايدىغان بۇ ياقا-ساقا يەردە بىرەر نەرسىسىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ-يا؟ يەنە كېلىپ، مۇنداق يولۇچىلارنىڭ تولىسىنىڭ مىجەزى غەلىتە كېلىدۇ، ئۆزىمۇ كاجىراق بولىدۇ، بۇلارغا ئىش ياراتماق تەس: تاماكا چېكىپ قويسىڭىز چىرايى تۈتۈلۈپ كېتىدۇ؛ بىر يەرگە بارسا، ئادەمنى ساقلىتىپ، كىشىلەر بىلەن پاراڭغا چۈشكىنى چۈشكەن... يەنە كېلىپ مۇز توپ مۇسابىقىسىنىڭ بۈگۈن ئاخشامغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ قالغىنى، ھەر ھالدا بۈگۈن ئاخشامقى تېلېۋىزورنى كۆرۈشكە دەخلى قىلمىسىلا بولاتتىغۇ.

كۆزىگە يېشىل سۇرمە سۇرۇۋالغان بۇيرۇمچى قىز ئۇنىڭغا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆرۈنلاشتۇرغاندا: "سىز بىر ئارتىسنى سېلىپ ماڭسىز!" دىگەن ئىدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇ قىز شوپۇرغا ئېتىبار قىلدىم دەپ ئويلىسا كېرەك.

— نىمە، بۇ شۇنداق شەرەپلىك ئىشمىكەن؟

— شۇنداق بولمايچۇ؟ سىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشى پۇرسەت نەدە تۇرۇپتۇ، زېرىكىپ يۈرگىنىڭىزدە تۇرمۇشىڭىزغا كۆڭۈللۈك بىر مەزمۇن قوشۇلسا قوشۇلىدۇكى...

ئېلىپ ماڭماقچى بولغان بۇ يولۇچى شوپۇرغا ناھايىتى يامان تەسىر بەردى. ئۇ مېھمانخانىدىن چىقىۋاتقاندىلا، شوپۇر ئۆز ئۆزىگە مۇنداق دىگەن ئىدى: ھەي، بۇ تازا ۋەسىقىسى يوق ئادەمدەك تۇرىدۇ...ئۇنىڭ ئاغزىدىن قۇلاققا خۇش ياققۇدەك بىرەر ئېغىز گەپ چىقىدىغاندەك ئەمەس، يول بويى زېرىكىپ ماڭىدىغان بولدۇم-دە. ئۇ ماشىنىنىڭ ئارقا بۆلمىسىدىكى بولۇڭدا تولغۇلۇۋېلىپ پۇشۇلداپ ئولتۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ پۇشۇلدىغىنىنى ئاڭلاپ ماڭماقتىن باشقا ئامال يوق. ئۇنىڭ بېشىغا كىيىۋالغان قالپىقى خۇددى خوتۇن كىشىلەرنىڭ بۆكىگە ئوخشايتتى، پەلتوسى ئۇزۇن ھەم تار، شارپىسىغا ئورىۋالغان يۈزىدىن قۇشلارنىڭ تۇمشۇغىدەك ئۇچلۇق بۇرنى چوخچىيىپ چىقىپ تۇراتتى، بۇ ئەپتىدىن ھازىرلا چۇشكۇرىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ساڭا توساتتىن ئۇچرىغان قەدىرلىك دوست ۋە يولداش ئەنە شۇ. ئۇ ياداڭغۇ، سەل دوكىراق كەلگەن بولۇپ، قولىغا ئەينەك قەغەزگە ئورالغان ناھايىتى چىرايلىق بىر باغلام قىزىلگۈلنى ئېلىۋالغان ئىدى، بۇ گۈلنى تېخى بەك ئاۋايلاپ، مەيدىسىگە يېقىن تىرىۋالغان ئىدى...بۇ كۈنلەر كەچ كۈز پەسلى كىرىپ قالغان كۈنلەر بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

چوغدەك ئېچىلىپ تۇرغان بۇ گۈللەرنى ئۇ نەدىن تاپقانكىن-تاك؟

يولۇچى ماشىنىدا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن شوپۇرغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭدىن بۇ يولنى بىلىدىغان-بىلمەيدىغانلىقىنى سىلىق-سىپايىلىق بىلەن سورىدى، ياخشى بىلمەن دېگەن جاۋاپنى ئالغاندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ، ئىگىنى كاتەكچە گۈللۈك تىۋىت شارپىسىغا چۈمكىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇيقۇغا چۆشىدىغاندەك قىلاتتى.

شەھەر دائىرىسىدىن چىققاندا، شوپۇرنىڭ تاماكا چەككۈسى كەلدى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان مۇنداق ئادەتكە كۆنۈپ قالغان بولسا كېرەك: ئۇزاق سەپەرگە چىقىدىغان يولۇچىلارغا دۇچ كەلگەندە، بولۇپمۇ جامائەتچىلىكنىڭ بېسىمى بىلەن تاماكىنى تاشلىغان يولۇچىلارغا دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭ خۇمارى تۇتۇپ كېتىپ، ئىختىيارسىز هالدا قولىنى تاماكىغا ئۇزىتاتتى. قاراڭ، شۇ تاپتا يەنە خۇمارى تۇتۇپ گېلى قىچىشىپ كەتتى. بۇ مەسىلە ئۈچۈن بىر دەتالاشنىڭ چىقىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى، بىراق، بۇ يولۇچى ئۆزىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئەھە-ئۆهۇ قىلىپ يۆتىلىپ، ئۆزىنىڭ تاماكا ئىسى كىرىپ كەتسە قاقىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەردى. ئەجىبا، يولۇچىنىڭ يۆتىلىپ كەتمەسلىكىگىمۇ كاپالەت قىلىش كېرەككىمدى؟ ھەممە ئىشقا تەڭ يېتىشىپ كەتكىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ بار... شوپۇر دېرىزىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈپ تاماكىسىنى تاشلىغاندا، يولۇچى سەل ئىرغاندى. ئۇ دېرىزىنىڭ كۆزنىكىنى مۇشۇنداق ئېچىپ قويىدىغان ئوخشىمامدۇ، دەپ ئەندىشە قىلغان بولسا كېرەك، بىسەرەمجان بولۇپ، ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى... قېرىشقاندەك، دەل شەنبە كۈنى

مۇشۇنداق بىر چاتاقچىغا توغـرا كېـلىپ قالغىـنىنى قارىـمامـدىغان: ئۇنىڭ كۆڭلىگە يا ئۇ ئىش، يا بۇ ئىش ياقـمايۋاتاتـتى...ئەگەر ئۇ كوچا ئاپتوۋۇزىغا چۈشكەن بولسا، قىسىلىپ ـ يەنچىلىپ، كۆرىدىغىنىنى كۆرگەن بولاتتى...

ھاۋامۇ ياخشى ئەمەس، ھاۋا تۇتۇق، ئۇنىڭ ئۈستىـگە شامال چىـقىپ تۇرغان، ماشىنا يولىنىڭ ئۈستىنى قاپ ـ قارا بۇلۇت بېسىۋالغان. يەنە كېلىپ سىم ـ سىم يامغۇرنىڭ دېرىزىـنىڭ ئەينىگـگە شىپىـتلاپ چۈشۈپ تۇرغىنى. چۈشـتىن كېيىنـمۇ كۈپـكۈندۈز تۇرۇپ، خۇددى كەچ كىرىپ قالغاندەك، جاھاننى قاراڭغۇچىلىق قاپـلاپ تۇراتـتى. مۇشۇنداق ئۇسال كۈندە، بۇ قەدىرلىك دوست زادى نەگە بارىدىـغاندۇ، نىمە ئىشى باردۇ؟ مېھـمانـخانىـدىن چىقـماي، ئىسسـىق، ياسداق، ئازادە ياتىغىدا راھەتلىنىپ ئولتۇرسىچۇ، يا بولمىسا قاۋاقـخانىغا كىرىپ، كاكتېلنى سۈمۈرگۈچ بىلەن سۈمۈرۈپ ئولـتۇرسىچۇ. بىراق، قەدىرلىك دوستنىڭ نوچىلىقى تۇتۇپ كەتـتى بولغاي، بۇنـداق راھەتتىن كېچىپ سەپەرگە چىققىنىنى كۆرمەمدىغان، يول قىسقىـراق بولسىچۇ كاشكى. گويا ئۆيلەنمىـگەن ياش يىگىتـلەردەك پۇزۇر كىيىنىپ، قولىغا گۈل كۆتىرىۋالغىنىچۇ تېخى. ئەمىلىيەتتە قالپىقىنىڭ ئاستىدىن ئاقىرىپ كەتكەن چېكە چاچـلىرى مانا مەن دەپ چىـقىپ تۇرغىنىنى بىلمەيدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ ھەركىتـىنى شوپۇر ئۆمـۈرۋايەت چۈشىنەلـمەيدۇ. بەزىـدە كېزىككەن يولۇچىلار گويا ھەق ـ ناھەق توغرىـسىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان قاراشلارنى قەستەن ئاستىن ـ ئۈسـتۈن قىلىۋەتـكەندەك بىلىنىدۇ. دۇرۇس، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر يەردىـن چىـقىپ قالىدىغان بىرەر يولۇچىغىمۇ دۇچكېلىپ قالىدۇ؛ بىراق، دائىم ئۇچراپ

تۇرىدىغانلىرى مۇنداق كېلىدۇ: ماشىناڭغا چۈشۈپ، ئەتەي ئەۋەن تاپماقچى بولغاندەك قىلىدۇ ياكى بۈگۈنكى بۇ يولۇچىغا ئوخشاش، شەنبە ئاخشىمىغا ئاتىغان پۈتۈن پىلانلىرىڭنى بۇزۇۋېتىدۇ. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن شوپۇرنىڭ دوستى كېلىدىغانلىقىنى، مۇز توپ مۇسابىقىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن شاخمات ئوينايدىغانلىقىنى ياكى يېقىنراق جايدىكى كوفىخانىغا بېرىپ ئانچە-مۇنچە ئىچىشىدىغانلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن — بۈگۈن چېخ پېۋىسى كېلىدۇ دەپ ئاڭلىغان ئىدى-تېخى، ھەي ئىست! شوپۇر ئىچىدە ھېلىقى بۇيرۇمچى قىزنى تىللاپ، يولۇچىغا ئاچچىغى بىلەن قاراپ قويىدى. ئۇ يولۇچىنىڭ نىمە ئۈچۈندۇر كۈلۈمسىرەۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ ياداڭغۇ ۋە ئاق سېرىق يۈزىدە شوپۇر ئۈچۈن زادى چۈشىنىش بولمايدىغان بىر خىل مازۇزلۇق كەيپىياتىنىڭ ئەكس ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭغا نىمە بولدى؟ كۆز ئالدىدىكى پاسكىنىلىشىپ كەتكەن بۇ كۆرۈمسىز يول ۋە بۇ يولنىڭ بويىدىكى شاخلىرى چىرمىشىپ كەتكەن قاپقارا قۇرۇق دەرەخلەر ئۇنىڭغا تەسىر قىلىۋاتامدۇ-يا؟ يولۇچى قايتۇرغۇچى ئەينەك ئىچىدىن شوپۇرنىڭ غەمكىن كۆزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، شوپۇرنىڭ جامالىغا قاراپ تاشلىماي دەپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى، ھەتتا قىمىرلاپ بۇلۇڭغىراق سۈرۈلدى. يولۇچىنىڭ يۈزىدىكى جىمجىتلىق ۋە خوشاللىق خىياللىرىغا پاتقان ھېلىقى ھالەت ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن ئىدى!

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتىدىغان ئەجەب ئادەمكىنا، — دەپ يولۇچىغا ئىچىدە باھا بەردى شوپۇر ۋە ئاغزىدا:

— بۇ گۈلنى كىمگە ئاپىرىپ بېرىسىز؟ — دىدى.

— بارغان يەردە لازىمى بار، — دىدى يولۇچى تۇتۇق ئاۋاز

بىلەن تىلىنىڭ ئۈچىدا. كۆڭلىدە بولسا بۇ شوپۇر بۇ ئىشنى سورى-
مىسا بولاتتى دەپ ئويلىدى.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، ئەگەر شوپۇر بىرئاز يېقىنلىق ۋە سەمىمىلىك بىلدۈرگەن بولسا ئىدى، بۇ يولۇچى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭ-لىشىپ مېڭىشنى خالايتتى، ئەسلىدە ئۇ ئەلگە قوشۇلمايدىغان غەلىتە مىجەز ئادەم ئەمەس ئىدى، يول ئۈستىدە بولسۇن ياكى باشقا سورۇنلاردا بولسۇن، باشقىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشىپ كېتەلەيتتى، بۈگۈن نىمىشقىدۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ دەسلەپتىلا ئېپى كېلىشمەي قالدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئېپى كېلىشمەيدىغان بىرەر ئىش-كۈشمۇ بولغىنى يوق، لېكىن ھەر ئىككىسىلا مۇشۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ئەسلىدە كۆڭۈلگە ئالغۇچىلىك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، بىراق، ئۇنىڭ كۆڭلى نازۇكراق بولسا كېرەك، مەيلى بىركىم ئۇنىڭغا دوستانىلىق بىلدۈرسۇن ياكى سەل-پەل يامان غەرەزدە بولسۇن، بولۇپمۇ تۇساتتىن، سەۋەپسىز ھالدا، يەنە كېلىپ بىلەر-بىلمەس ھالدا خەقنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ قويىدىغان يامان غەرەزلەرگە قارىتا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى.

يول بەك يىراق، قاپىغى ئېچىلمايدىغان بۇ شوپۇر بىلەن يەنە نەچچە ئون چاقىرىم يولنى بىللە بېسىشقا توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككىسىنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرىغا ئوخشاش بىر بۆلمىدە ئولتۇرغىنى، بىراق، سىلەر پۈتكۈل سەپەر ئۈستىدە ئاسماندىكى ئاكا-ئۇكىلاردەك ئىناق بولالمايسىلەر، سېنى يېنىڭدا ئولتۇرغان ھەمرىيىڭ قارشى ئالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن يۈك بولۇپ قالغان. شۇنداق-تىمۇ، رول تۇتۇپ ئولتۇرغان قەدىرلىك دوست ھازىر ئۆزىنىڭ خىز-مەت ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋالغان بولسا، خالىسۇن،

www.uyghurkitap.com

خالىمىسۇن، يولۇچىلارغا سىلىق مۇئامىلە قىلسا، قوپاللىق قىلمىسا، دېگەن ئۈمىدتە بولسەن... شۇنداق تولۇق قاپاقلار باركى، ماشىنا ھەي-دەپ كېتىۋېتىپ، يولۇچىلارغا قىلچە يۈز-خاتىر قىلمايدۇ، خالىغانچە قوپاللىق قىلىدۇ-دە، نۇرغۇن يولۇچىلارنى رەنجىتىدۇ.

— مىجەزىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ — ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن سورىدى يولۇچى بىردەمدىن كېيىن، — ئاغرىپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ مەندە ئازراق ھىندىستان دورىسى بار، خىمىيىۋى دورا ئەمەس، ئۆسۈملۈك دورىسى...

— تېنىم ساق، — دېدى شوپۇر غوتۇلۇپ — بىز ساناتورىيىگە كېتىۋاتىمىز، ئۇ يەرگە بىز مىلىك قىلساقمۇ كىرەلمەيمىز... خوتۇنۇم جىنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ بىر ساناتورىيە قەغىزى تاپ، يازنىڭكى بولسۇن دەپ مېنى قىستاپ كېتىۋاتىدۇ. بىراق، بىزگە كىممۇ رەھىم قىلىپ يازنىڭ قەغىزىنى ئۆتۈنۈپ بەرسۇن! ماشىنىخانىنىڭ باشلىقى سىمىز خانىمى بىلەن بىرىپ ئاپتاپقا قاخلىنىدۇ، بىزگە نۆۋەت كەل-گەندە، 1-ياكى 2-ئاي بولۇپ قالىدۇ...

— ئەمىلىيەتتە قىش كۈنىمۇ بەلەن، ئورمانلىقتا بىرىپ قار تېيىلىشقا ياخشى.

— قار تېيىلىش، — دېدى شوپۇر كۆزگە ئىلىمغاندەك ئاغزىنى ئۆمچەيتىپ. — سىز ھەقىچان ھەر يىلى يازدا يا ۋارنادا، يا ئالتۇن قىرغاقتا دەم ئالىسىزغۇ دەيمەن؟

— گېپىنى قاراڭ، ئۇنداق ئىش يوق، مەن دەرەخ سايىسىدا ئول-تۇرۇپ چىرىلداقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغىلى ئۇزاق زامانلار بولدى... يا ئەتراپلارغا ئويۇن قويۇشقا چىقىمەن، يا يۈرتۈمدىكىلەر چاقىرىپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. ئۆتكەن يازدا تېخى دوختۇرخانىغا كىرىپ ئوپېرات-

سىيە قىلدۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇم.

— ئانداق بولسا، نىمىشقا بۇ يوللاردا چېپىپ يۈرىسىز؟ — شوپۇرنىڭ يەنە ئۆچلۈگى تۇتتى، — مۇشۇنداق ئوسال كۈندە بىزنى سۆرەپ يۈرىسىز... ئۆيىڭىزدىكى تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا نەۋرىڭىزنى ئوينىتىپ ئولتۇرماي... گۈل-چېچەك كۆتىرىۋېلىپ يۈرگىنىڭىز نىمىسى... بىرەر خاتىرىلەش يىغىنىغا قاتنىشامتىڭىز-يا؟

— ياق، ئىشلىنىدىغان يېرى بار، — يولۇچى ئۇنىڭغا ئاۋالقىدەكلا ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان جاۋاپنى بەردى، گويا كوت-كوت قىلىپ سوراۋېرىپ كاللىسىنى ئېلىشتۇرغاندەك، بېشىنى يەنە يۇمشاق تىۋىت شارپىسىنىڭ ئىچىگە چۆمكىدى.

شۇ تاپتا شوپۇر ئۇنىڭ كۆزىدىن يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. ھازىر ئۇنى قىزىقتۇرۇۋاتقىنى كۆز داللىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان كۆرۈمسىز سۇر رەڭ تاشيول بىلەن ئوپۇق بويلاپ ئاستا سۇرۇلۇۋاتقان بىر پارچە يامغۇرلۇق قارا بۇلۇتتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. پاتقاق چاچراپ ھەممە يېرىنى لاي قىلىۋەتكەن ماشىنىلار (ئاساسەن يۈك ماشىنىلىرى) ھە دەپ تاشيولدىن كېسىپ ئۆتۈپ، ئېتىز-داللاردا ۋە يېزىلاردىكى توپا يوللاردا چېپىشىپ يۈرەتتى. تاشيولدا جىققىلا موزاي قاچىلىغان يوغان تراكتور پۇرقىرىتىپ ئىس چىقىرىپ، تارتىلداپ كېلىۋاتاتتى، ...بۇ يوغان-كېلەڭسىز تراكتور شوپۇر بىلەن قېرىشىۋاتقاندەك، ئىس-گازلىرىنى پۇرقىرىتىپ، پىكاپقا لاي-پاتقاقلارنى چاچرىتىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تارتىلداپ كەلمەكتە ئىدى، دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن لاي-لاتقىلار ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى، دەرغەزەپكە كەلگەن شوپۇر ئاچچىقى بىلەن تىللاپ، ئاندىن يولۇچى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ دېدى:

www.uyghurkitap.com

ــ كۆردىڭىزمۇ بۇ ياۋايىنى؟ ئۇنى ئادەم دىگىلى بولامدۇ؟ بۇ ئەبلەخنى كۆلچەككە كۆمتۈرۈۋەتسەم ئىدىم. ئۇ چوقۇم چايخانىدا ئىچىپ مەس بولغان. تراكتور ھەيدەش خىتى بارىكەن تىخى! ھۇ بىشەم!

ــ قەستەن قىلمىغاندۇ بەلكىم؟ ــ دىدى يولۇچى ئىرەن قىلمىغاندەك.

ــ قەستەن قىلمىغاندۇ؟ ــ شوپۇرنىڭ تىخىمۇ زەردىسى قايندى. ــ قەستەن قىلمىغان دىگەننىڭ مەنىسىنى ياخشى بىلىمەن! بۇنىڭ ھەممىسى كولخوز كادىرلىرىنىڭ قىلغان ئىشى. بۇ ئەبلەخلەر ماشىنا ــ تراكتور ھەيدەپ كەلگەندە، ھەرقانداق كىشى يول بوشتىپ بەرمەي مۇمكىن ئەمەس. گويا ئۇلار تاشيولدا ئەمەس، بەلكى ئۆز يېرىدە ماشىنا ھەيدىشۋاتقاندەك...

ــ ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىز بۇ يەرگە بۇرۇنمۇ كەلگەن ئوخشايسىز؟

ــ ئەپسۇسكى، مېنىڭ دائىم كەلمەسلىگىم مۇمكىن ئەمەس. بەزىدە بەسەيگە كېلىمەن، بەزىدە ياگىيوغا كېلىمەن، يەنە كېلىپ ھەر كەلگىنىمدە مۇشۇنداق كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرىمەن... ئۆتكەن يىلى قىشتا قىزىلچا توشۇپ كېتىۋاتقان خۇمپەرلەر مېنى قەستەن بىر ئېرىققا ئىتتىرىۋېتىپ، خۇددى خورازدەك تاڭ ئاتقىچە چىلىلاپ چىقتىم.

ــ يوللار ھازىرمۇ تېيىلغاقتۇ؟ ــ يولۇچى ئەنسىرەشكە باشلىدى.

شوپۇر ئۇنى بىر قورقىتىپ قويماي دەپ، ئەتەي يول بەك يامان، ئالدىمىزدىكى يول تېخىمۇ ئوسال، ئۆزىڭىز كۆردىڭىزغۇ، بۇگۈنكى ھاۋانىڭ ناچارلىغىنى، دىدى...

— ئاۋايلاڭ، كەچقۇرۇنلۇققا تۇمان-تۇتەك چۇشۇشى مۇمكىن.

— مېنى قورقۇتماڭ، مەن ئەزەلدىن قورقۇنچاق، — دېدى يولۇچى چاقچاق قىلغاندەك بوش ئاۋاز بىلەن.

— سىزنى بىرسى قورقىتىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — شوپۇر چاقچاقنى ئۇقماي، راستىنلا ئۇنىڭدىن سۈرۈشتۇرگىلى تۇردى.

— كىچىكىمدىن ئاشۇنداق قورقۇنچاقكەنمەن، باشقا چاتاق يوق. تۆرىلىشىمدىن شۇنداق ئىكەنمەن، — دېدى جاۋۇەن ئارتىس خۇشخۇيلۇق بىلەن، — مىسال ئۇچۇن ئالساق، بەزىلەر ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي، هە دەپ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىشقا ئالدىرايدۇ، مەن بولسام ئىلاجىكى بار ساقلاپ تۇرىمەن. هازىر قارايدىغان بولسام، بۇمۇ بىر كەمچىلىك هېسابلىنار، ئەمما بۇنىڭغا نىمە ئامال؟ ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىغى ئېتىراپ قىلىنغان ئىكەن ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئاجىزلىغىدىن خالى بولالمايدىغانلىغى بىلىۋېلىنغان ئىكەن، مەنمۇ شۇنىڭغا قاراپ يەر يۈزىدىكى مۇشۇنداق "تۇغما ئاجىزلىق"نى ئىمكان قەدەر كەچۇرۇم قىلىۋېتىمەن.

— دېمەك، ئارتىسلارمۇ كەمچىلىكسىز بولمايدىكەن-دە؟

— تىرىك ئادەمدە كەمچىلىك بولماي قالامدۇ؟ — دېدى ئارتىس سالاپەتلىك بىلەن.

— شۇنداق ئىكەن، نىمىشقا بەزى كىشىلەر سىزدەك كاتتا كىشىگە شۇنچىۋالا چوقۇنۇپ كېتىدۇ؟ — دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا قاتتىقراق تەگمەكچى بولۇپ، — بايىقى بۇيرۇمچى قىز نىمىشقا سىزنىڭ ئېتىڭىزنى ئاڭلا-ئاڭلىماستىنلا شاپاشلاپ كېتىدۇ؟ — لېكىن ئۇ گېپىنى ئۈزۈۋېلىپ، چۆيۈندەك قاتتىق بويىنىنى سەل-پەل قىمىرلىتىپلا قويدى. — سىز يولۇچىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، گەپنىڭ

يوغىنىنى سوقىسىز! بۇرادەر، مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولۇپ قالسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟ بەزى كېچىلىرى مېھمانخانىدىن چىققان مەسلىھەتلىكى جايىغا ئاپىرىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، بۇ ئىسلەر ئارقىڭىزدىن ۋالاقلىشىپ يامان گېپىڭىزنى قىلىدۇ، بەزىلىرى تېخى ۋال-ۋۇل قىنلاندىيە پىچىغىنى چىقىرىپ: ”پۇلۇڭنى چىقار!“ دەپ، قۇلىغىڭىزنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ۋاقىرايدۇ.

بۇ چاغدا، ئارتىسنىڭ يۈزىگە كۈلكە يۈگۈردى، يەنە بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەن بولسا كېرەك. بىراق، بۇ قېتىم بىكارغا كۈلمىگەن ئىدى: بالىلىق چاغلىرىدا ئېتىزلىقتا كۆپ كۆرگەن، يوغان كامىرى بار بىر توپ قېرى سۆگەت كۆزىگە چېلىقتى، ئۇ چاغلاردا ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، ھارۋىدىكى سامان دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، دادىسى بىلەن بىللە بۇ يەردىن ئۆتكەن ئىدى... سۆگەت بېشىدا قاغىنىڭ چاڭگىسىغا ئوخشاش قارا كۆرۈنىدىغان توپ-توپ ھاشارەت دۆۋىلىرى بار ئىدى، بۇ ھاشارەتلەر يىل بويى بۇ سۆگەتنىڭ تېنىنى شوراپ ئۆز ھاياتىنى ساقلايتتى، لېكىن بۇ سۆگەتنىڭ جېنى بەك چىڭ ئىكەن، ھازىرغىچە ياشاۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم چىۋىقلىرى بېشىنى ئېگىپ، يېرىمىنى لەش بېسىپ كەتكەن كۆلچەككە چىلىشىپ تۇرىدۇ...

بۇ قېرى سۆگەتنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، ئاسمان بۇرجىكىدىن شېكەر زاۋۇتىنىڭ تۇرخۇنى — يەنە بىر تونۇش مەنزىرە كۆرۈندى. سېنىڭ ئارتىسلىق ھاياتىڭ مانا مۇشۇ شېكەر زاۋۇتى كۇلۇبىنىڭ سەھنىسىدە باشلانغان... ئېخ، بۇ تۇرخۇن خېلى بۇرۇندىنلا بار ئىدى! ئۇ زامانلاردا بۇ شوپۇر تېخى تۇغۇلمىغان ئىدى... ئەسلىمىلەر خۇددى قارا دولقۇندەك ئۇرغۇپ، يەنە ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. سەن

بۈگۈنكىنى سۆيسەن، لېكىن ئاللىقاچان ئۇچۇپ كەتكەن كۆڭۈل ئاغرىقلىرى ئاۋالقىدەكلا يۇمشاق ئۈچەيلىرىڭنى تارتىۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۇ يىللار ھەقىقەتەن جاپا-مۇشەققەتلىك يىللار بولسىمۇ، لېكىن نەغمە-ناۋالار ياڭراپ تۇرغان، قىزغىنلىق ئۇرغۇپ تۇرغان تويلارنى قانداقمۇ ئۇنتۇغۇلۇق! بۇ يەردە قانچە-قانچە كېچىلەردىمۇ قىزلارنىڭ چاڭىلداپ چىقىدىغان ۋە ئەرلەرنىڭ بوغۇلداپ چىقىدىغان لەرزان ناخشا ئاۋازلىرىنى بىرەر قېتىم ئاڭلىيالامسەن... خۇددى قۇشقاچلاردەك مەڭگۈ كەلمەسكە ئۇچۇپ كەتكەن بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۆزەڭ بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ قايتىدىن ئەسلەپ، ئۇنىڭغا يۈرەك كۆيلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان بىرەر كىشى چىقارمۇ دەپ قانچە-قانچە ئارزۇلارنى قىلىسەن. قايناپ-تېشىپ تۇرغان ياشلىق چاغلار، جانجان دوستلار، تۇنجى مۇھەببەت باغلىغان پۇرۇزا كۆزلۈك قىزلار شۇ يەردە، ھەممىسى شۇ يەردە. ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىگەنىدە، ئادەمنىڭ كۆڭلى خوشال بولۇپ قالىدۇ، بىراق، رول تۇتۇپ ئولتۇرغان شوپۇرنىڭ جامالىنى كۆرگەندە، ئۆزەڭ قەدىرلەيدىغان ئۆتكەنكى ئىشلار توغرىسىدا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرمەكچى بولغان ئارزۇلىرىڭ بىردىنلا توزغاقتەك توزۇپ كېتىدۇ. كۆڭۈل سىرىنى مۇنداق يەردە تۆكۈپ بېرىشنى خالايدىغان قانداق كىشى بار ئىكەن!

ئەگەر رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان كىشى باشقا بىرى بولغان بولسا، ئۇ چاغدا سەن قوسىغىڭدىكىنى ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا تۆكۈپ بېرەتتىڭ، ئەلۋەتتە، بىراق، بۇ بۇرادەرنىڭ ئالدىدا... سېنىڭ قەلبىڭ، سېنىڭ ياشلىق باھارىڭ، سېنىڭ ھازىرغىچە تارتىشىدىغان قەدىناس دوستۇڭ، ھەتتا قەلبىڭدە ھېلىمۇ ياڭراۋاتقان

www.uyghurkitap.com

بۇرۇنقى چاغلاردىكى دوستلىرىڭ بىلەن بىللە ئېيتقان ناخشىلار بىر تىپىنگە ئەرزىمەيدۇ! ھالبۇكى، سەن ئۇنىڭغا ئۆزەڭنىڭ ھايات يولۇڭنى قانداق قىلىپ مۇشۇ يەردىن باشلىغانلىغىڭنى، دوستلارنىڭ شۇ يىللاردا كالىغا مىنىپ، بۇ قەدىمي پاتقاقلىق يولدا (ئۇ چاغدا تېخى قاراماي يېپىتىلمىغان ئىدى) سىنى پايتەختكە ئوقۇشقا ئۇزىتىپ ماڭغىنىنى سۆزلەپ بەرسەڭ بولامتى!

ئۇ ھېچ نەرسە دىمەستىن، ئۆز ۋاقتىدىكى ھېسسىياتلىرىنى كۆڭ-لىگە بىرمۇ بىر پۈكۈپ، مۈڭلىنىپ ئولتۇردى. توغرا، ئۇ بۇ ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلايدىغان بىر خىل ئۇسۇلنىڭ بارلىغىنى بىلەتتى — ۋاقىراپ بىر ناخشا ئېيتسىلا، كۆڭلىدىكى مۇڭ-ھەسرەت-نىڭ كۆتىرىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ ھازىر ناخشا ئېيتالمايتتى، گەرچە ئۇنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا ئاللىقاچانقى ياشلىق دەۋرلىرىدىكى نەغمە-ناۋالىق كېچىلەردە ئېيتىلغان ناخشىلارغا ۋە بۇ نەغمە-ناۋالاردىن كېيىنكى ئىشقى-مۇھەببەتلىك مۇڭدىشىشلارغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ — ئۇ چاغلاردىكى باغلاردا بەشىنچى ئاينىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە، قىزلارنىڭ كۆزلىرىدىن چىن مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى-دە!

لېكىن، تېخىمۇ كۆڭۈلسىز دىئالوگلار تېخى كەينىدە. پىكاپ تاشيولدىن ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى توپا يولغا بۇرۇلغان چاغدا، چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى: يول ئوڭغۇل-دوڭغۇل، يۇك ماشىنىلىرى قارا توپىلىق يولنىڭ ئۇستىدە ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتكۇدەك كاتاڭلارنى پەيدا قىلىۋەتكەن ئىدى.

— ماڭالمايدىغان بولدۇق! بۇ يولدىن تانكىمۇ ئۆتەلمەيدۇ!

— پۇلنى كۆپرەك بەرسەم...

— قانچە پۇل بەرسىڭىزمۇ بىكار!
— سىناپ باقساق قانداق؟
— ئۇنداقتا، بۇ يەردە توپ-توغرا بىر كېچە تۈنەپ قالىمىز! ئۇ يەرگە پۈتۈنلەي يېتىپ كېتىشىمىز مۇمكىن! شۇنىڭغا ئۇنامسىز؟ ئۇنامسىز؟ — شوپۇر يولۇچىغا مۇشۇ گەپلەرنى بىلەن تېگىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تاشيولغا چۈشكەندىن كېيىن بېلىگىچە پاتقاقلىققا پېتىپ ياتقان "موسكۋىچ" پىكاۋنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مېنىمۇ ئاشۇنداق بولسۇن دەمسىز؟ — دېدى.
— بەلكىم توغرا ئېيتىۋاتقانسىز، — دېدى ئارتىس ئۈمىدسىزلىنىپ — بىراق قولۇمدىكى بۇ گۈلنى قانداق قىلىمەن؟ — ئۇ قولىدىكى قىزىل ۋە سېرىق قىزىلگۈللەرگە قاراپ خورسىندى.
— بىرلا ئامال — قايتىپ كېتىش، — دەپ تەكلىپ بەردى شوپۇر، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا مۇز توپ مۇسابىقىسىنىڭ سورۇنى بىلەن ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان ھېلىقى بوتكىدىكى چېخوسلوۋاكىيەنىڭ بىرسىھن ماركىلىق ۋال-ۋۇل پىۋا بوتۇلكىلىرى كەلدى. — يول ئۈستى قۇرغاق بولغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا باشقىچە ئامال قىلاتتۇق!
— بىرەر-يېرىم سائەت ئىچىدە قۇرۇپ بولالمايدۇ-دە؟
— ئۇنداق بولسا، مۇزلاپ قاتقىچە ساقلاش كېرەك! بىراق، بۇ گۈللەرنىچۇ...ئۇ يەردە ئىشلەتمەكچىمۇ؟
يولۇچى جاۋاپ قايتۇرۇش بۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۇنىڭدىن بىر تال شوينا سورىدى.
— نىمە قىلاتتىڭىز؟ — شوپۇر ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ۋە ئارقىدىنلا يۈك-تاقلارنى قويىدىغان جاينى سىلاپ-

www.uyghurkitap.com

سىپىلاشتۇرۇپ، ئاخىرى بىرىكمە تالادىن ئېشىلگەن چىڭگىلماچ بىر كاللەك شوينىنى تاپتى.

— بەللى، نىمدىگەن ياخشى، يارايدۇ. ماڭا بىرئاز كېسىپ بېرىڭا...

شوپۇر شوينىنى كېسۋاتاتتى، يولۇچى ئەينەك قەغەز ئىچىگە ئورالغان گۇلنى ئاۋايلاپ يولنىڭ بويىغا قويدى، ئاندىن شوپۇرنىڭ قولىدىن شوينىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كونىچە كالىچىنى تېڭىشقا باشلىدى. تاڭغاندىمۇ ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ، چىڭ ۋە پۇختا تاڭدى، گويا بۇنداق ئىشنى كۆپ قېتىم قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەندەك.

شوپۇر مەنىستىمىگەندەك كۈلۈمسىرەپ، يولۇچىنىڭ غەلىتە ھەركەتلىرىگە گىدىيىپ قاراپ تۇردى.

بۇ قانداق ئويۇن؟ ئۇ نىمە قىلماقچى؟ ئارتىس كالىچىنى تېڭىپ بولۇپ، ئەينەك قەغەز ئىچىدىكى گۇلنى ئاۋايلاپ چىقاردى ۋە شوپۇرغا تاپىلاۋاتقاندەك قىلىپ:

— مەشەدە ساقلاپ تۇرۇڭ! — دىدى.

— نەدە، مەشەدە؟

— قاراڭ، مەشەدىن ئانچە يىراق ئەمەس، ئەنە، ئايەردە بىر چايخانا بار، شۇ يەردە ساقلاپ تۇرىسىز. ئازراق چاي ئىچىۋالىسىز. تېزلا يېتىمىز، كېچىكمەيمىز...

ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرغان شوپۇر ئېسىنى يىغا-يىغمايلا، يولۇچى قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوش دىدى-دە، تاشيولنىڭ تېيىلغاق يانپېشىدىن ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن مېڭىپ، توپا يولغا چۈشۈۋالدى.

توپا يولغا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە كەينىگە بىر قاراپ، قاتتىقراق قىلىپ ئېيتتى:

— ساقلاپ تۇرۇڭ، دىگىنىمىز دىگەن بولسۇن!

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ قاتتىق تېگىشىۋەتكەن كالىچى بىلەن پاتقاقلىق يولنى ئاستا دەسسەپ، مالاچ-مىلىچ ئاۋاز چىقىرىپ كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. شېكەر زاۋۇتىغا قىزىلچا توشۇيدىغان ماشىنىلار بۇ يولدا قاتناۋاتقىلى بىر ھەپتىدىن ئاشقان ئىدى، ھەم يولنىڭ ئۈستىنى پاتقاققا مىلەپ چىلىقلىتىۋەتكەن ئىدى، ئەقلى-ھۇشى جايىدا بولغان ئادەم بۇنداق ئەسكى يولدا چوقۇم ماڭماسلىقى مۇمكىن، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىنى، ئەمما بۇ غەلىتە ئادەم بۇ يولدا مېڭىۋەردى، گىرەلىشىپ كەتكەن ماشىنا ئىزلىرى ئارىسىدىن ئاۋايلاپ دەسسەپ كېتىۋەردى، بارغانسېرى يىراقلاپ، قارا بۇلۇتلۇق قاپ-قاراڭغۇ دالا ئىچىگە كىرىپ كەتتى، كۆز يامغۇرىدىن كېيىن كۆپۈپ چىققان قارا توپىلىق يەر تەرەپكە مېڭىپ كەتتى.

ماشىنىلار تاشيول ئۈستىدە غۇيۇلداپ ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. سىم-سىم يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى. شوپۇر بولسا تېخىچىلا يول بويىدا بۇ غەلىتە يولۇچىغا كۆز تىكىپ قاراپ تۇراتتى. يولۇچى ئۇنى ئەخمەق ئەتكەندەك بۇ يەردە تاشلىۋېتىپ، ئۆزى ھە دەپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى خىرە-شىرە كۆرۈنۈپ تۇرغان كەنتكە قاراپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ، ئۆزىلا بىلىدىغان ئىشنى بېجىرگىلى كېتىۋاتاتتى. يولۇچى ئادەمنىڭ ئىچى پۇشقىدەك بىر خىل ئىچكى خىسلىتىنى كۆرسىتىپ، شوپۇرغا تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىكىدىنمۇ چوڭقۇرراق تەسىر بەردى. ئېھتىمال، دەل مۇشۇ ئىچكى خىسلەت ئۇنى مۇشۇ يولغا ماڭغۇزغان بولۇشى، ئېتىزلىقلار ئارىسىدىكى توپا يوللارنىڭ ئويمان-چوڭقۇرى ۋە لاي-لاتقىلىرى ئۈستىدىن غەلىبە

www.uyghurkitap.com

قىلىشقا ئىلھام بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. تېنى ئاجىز ئەمما ئىرادىلىك بۇ ئادەم ھېلىلا يول ئۈستىدە بوينىنى شارپىسىنىڭ ئىچىگە تىقىۋېلىپ، ھەممە نەرسىدىن قورقۇپ-ئەنسىرەپ كېلىۋاتاتتى، بىر-دەم دېرىزىدىن شامال كىرىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقاتتى، بىردەم تاماكىنىڭ ئىسىدىن قورقاتتى (ئۇ ھامان ئۆزىنىڭ قۇتلۇق ئاۋازىنى ئاسرايتتى!) ئەمدى بولسا ھېچنېمىدىن قورقمايۋاتقىنىنى قارىمام-دىغان! بىراق، ئۇنىڭ قانداق ياخشى-يامان ئەھۋاللارغا دۇچكېلى-دىغانلىقى توغرىسىدا كىشىلەر ئېغىز ئاچماي تۇرالمايتتى!

"ھوي، قايتىپ كېلىڭ! تومۇ تېگىپ قالدۇ!" دەپ ۋاقىراپ ئارقىدىن قوغلىماقچى بولدى شوپۇر، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ يولۇچىنى توختىتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتى، يولۇچى چوقۇم لاي-پاتقاقلارنى كېچىپ، ھېلىقى مۇقەددەس جاينى تېپىپ، ئاندىن قولىدىكى قىزىلگۈلنى تەقدىم قىلماقچى، ئاشۇغىچە ئۇنى ھېچكىم قايتۇرۇپ كېلەلمەيتتى.

شۇڭا ئۇ ھازىر چايخانىغا بارمىسا بولمايتتى.

شوپۇر بۇ "ياۋا كۆزگى گۈل" چايخانىسىنىڭ پۈكىيى ئالدىدا ئۆزى تونۇيدىغان كۆتۈچى ئايال گانيۇشانى كۆردى. ئۇ غەلىتە بىر شوخلۇق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ:

— سىزنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى.

— يامان شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى. گانيۇشا، مېنى ھەمىشە مۇشۇنداق نەس بېسىپ تۇرىدۇ...

چاق بۇزۇلۇپ قالدىمۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىش. ماڭا زورمۇ-زور بىر يولۇچىنى تېڭىپ قويدى...بۇ ئادەم بىلەن بىللە مېڭىش تازا جاپا بولدى.

دېرىزىنى ئاچا ـ ئاچمايلا ھەپچۇش قىلىپ چۇشكۇرۇپ تۇرغان. تازىمۇ بويىنى قاتتىق، غەلىتە بىر ئادەم ئىكەن. تېخى خەلق ئارتىسى ئىمىش.

ــ ۋاي ـ ۋۇي، بۇ ھېلىقى بىزنىڭ ئىۋان كانانوۋىچ بولسا كېرەك! ــ كۇتۇچى ئايال خوشاللىغىدا ۋاقىراپ كەتتى، كۇتۇلمىگەن بۇ خەۋەرنىڭ خوشاللىغىدا يۈزى قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. ــ مۇنداق ناخشىچى جاھاندا ئاز تېپىلىدۇ! قېنى ئۇ؟

ــ ئۆزى مېڭىپ كېتىپ قالدى...قايسى بىر كەنتكە بارىمەن دەيدۇ...ئۆزىنىڭ ئاجىزلىغىغا باقماي، ئۆزەم كېتىۋېرىمەن دەيدۇ تېخى. مەن بولىدىغان بولسام، ئالتۇن تاغنى بېرىمەن دىسىمۇ، مۇنداق قاپ ـ قارا پاتقاق دەرياسى بولۇپ كەتكەن يولۇقلاردا مېڭىپ يۈرمەيتتىم...

ــ شۇڭا سىز خەلق ئارتىسى ئەمەس ـ تە، ــ دىدى كۈلۈپ گانيۇشا. ــ سىزنى نىمە بىلەن كۇتسەم بولار؟

گانيۇشا قىلچە ئېغىر كۆرمىدى، چۈنكى شوپۇر ئۇنىڭدىن تاما قىلىپ، ئۇنى بىر مەزگىل ئەگىشىپ يۈرگەن، ئەمما بۇنىڭ ئۈچۈن بىر تەستەك يىگەن ئىدى، شۇڭا شۇنداق قىلىۋاتسا كېرەك، ئەھۋالدىن قارىغاندا، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇلار ئىككىسى بىر بىرىگە يىراقتىن ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك.

شوپۇر قوسىغىم توق دەپ، بىر شېشە لىمون سۇيىلا ئالدى ۋە ئۇنى قولىغا ئايرىمچە قىياپەت بىلەن ئېلىپ، گويا ئۆزىنى باشقىلارغا يول ئۇستىدە قىلچە ھاراق ئىچمەي، پەقەت لىمون سۇيىلا ئىچىدىغان ئۈلگىلىك شوپۇر قىلىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك، كىچىك بىر شىرەگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

چايخانىنىڭ بۇلۇڭىدا شىكەر زاۋۇتىنىڭ ياشلىرى يەپ-ئىچىپ تازا قىزىشىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىرى مۇكاپات ئالغان، قالغانلىرى كېلىپ ئۇنى مۇبارەكلەپ ئىچىشىۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇدۇلدىكى بۇلۇڭدا يىراق يول بېسىپ كەلگەن بىرنەچچە شوپۇر ئازادە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشىۋاتاتتى، ئۇزايدىن پىۋىمۇ ئىچىشكەندەك تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ شىرەسىنىڭ ئاستىدىكى قاراڭغۇ بىر يەردە ماركىسى يوق بوتۇلكىلار تۇراتتى. بىزنىڭ بۇ شوپۇرىمىز ئۆزەمنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغانلىغىمنى كۆپچىلىك كۆرسۇن دەپ، لىمون سۈيىنى ئېلىپ، چايخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ ئولتۇرۇۋالغان ئىدى.

ئەمما ئۇ قانداقتۇ سەل قورۇنۇپ، نىمىگىدۇ بىئارام بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بىر ئىستاكان لىمون سۈيىنى ئىچىپ بولۇپ، ئەتراپىغا دىققەت بىلەن قاراپ قويۇپ، گانيۇشانىڭ ئالدىغا باردى-دە، سەل ئېگىلىپ، ئۇنىڭدىن سەمىمىلىك بىلەن سورىدى:

— ئېيتىڭا، مېنىڭ يولۇچى مېھمىنىم دالىدا ئېزىپ-تېزىپ كېتەرمۇ؟ كەچ كىرەي دەپ قالدى، مەن ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشۇم كېرەك-تە...

— ئىۋان كانانوۋىچ بۇ يولغا بىزدىن پىششىق، — دىدى گانيۇشا شوپۇرنى خاتىرجەم قىلىپ، — ئاڭلاڭ، بۇ يول ئۇنىڭ كونا مەھەللىسىگە بارىدىغان يول. بۇنى ئۇنىڭ ياشلىق چاغلىرىدىكى يولى دىسەكمۇ بولىدۇ...

— ئۇ يەردە تۇققانلىرى بارمۇ؟

— ھېچ تۇققىنى قالمىغان، ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئاتا-ئانىسىنى قېشىغا ئاپىرىۋالغان...

— ئۇنداق بولسا، قولىدىكى گۈلنى كىمگە ئاپىرىدۇ؟
— ھىم، بۇنى دەپ كەلسەك گەپ جىق. ئۇنىڭ بىرىنچى سۆيـ-
گىنى ئەنە شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان، تۇنجى سۆيگىنى، ئۇقتىڭىزمۇ؟
بىر مۇئەللىمە قىز، ناھايىتى ياش ئىكەنمىش، بىراق، بۇرۇنلا
سىل كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كېتىپتىكەن... قاراڭ، ئۇ تېخىچە ئۇنتۇپ
قالمىغان! نىمىدىگەن كۆيگەن، ئۆزى مۇشۇ چاققىچە بويتاق ئۆتۈۋې-
تىپتۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇنىڭ مۇھەببىتى نىمىدىگەن كۈچلۈك. ئەمما
بەزىلەر قاراپ تۇرۇپ، دۇنيادا مۇھەببەت دىگەن نەرسە قالمىدى
دىيىشىدۇ. ئۇ ھەر كۈزدە مۇشۇ يەرگە كېلىپ، ئىككىسى ئوبدان
ئۆتكۈزگەن بىر كۈننى تاللاپ، قىزنىڭ قەبرىسىگە گۈل سانچىپ
قويىدۇ... راس ئەمەسمۇ، بۈگۈنكى زاماننىڭ ئادەملىرى ئىچىدە
مۇھەببەتكە مۇنداق سادىق ئادەملەر كۆپ ئەمەس!
— ۋاي-ۋۇي، مۇنداق دەڭا... مۇنداق ئىش ئىكەن-دە، —
دىدى شوپۇر ئىچىگە تىنىپ ۋە بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ.
— نىمە بولدىڭىز، خەت تونۇمامسىز؟ — دىدى گانيۇشا
ئىشىكنىڭ يېنىدىكى تاختىنى كۆرسىتىپ، — بۇ يەردە تاماكا چېكىشكە
رۇخسەت يوق.
— كەچۈرۈڭ، كۆرمەپتىمەن، — دىدى ئۇ پەلەمپەي سۇپىسىغا
چىقىپ خۇمارىنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئاستا ئىشىك تەرەپكە قاراپ
كېتىۋېتىپ.
ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى پەلەمپەي سۇپىسىدا خېلى ئۇزاق تۇردى.
ئەمما ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، يەنە گانيۇشانىڭ ئالدىغا بېرىپ،
دىدى:
— ئۇ كىشى تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتىدا. مېنى كۈتۈپ تۇرۇڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

دىگەن ئىدى تېخى.

كۆتۈچى ئايال يەنە ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ:

— قايتىپ كېلمەن دىگەن بولسا چوقۇم كېلىدۇ، — دىدى.

— ئۇنداق دىگەن بىلەن كەچ بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ...

— ئېھتىمال مەكتەپتە ھايال بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، — دىدى گانيۇشا پەملەپ. — ئۇ كىشى ئۇ يەردە باللار ئومۇمىي خور ئۆمىگىگە قوشۇمچە دەرس بەرگەن، يەنە تېخى ئۇلارغا بىر گاگېچىن تەقدىم قىلغان... ماشىمۇ بىر نەرسە سوغا قىلغان، — ئۇ چىرايلىق كۈلۈپ قويدى. — تويۇمدا ئۇ بىزگە ئىمزاسى بىلەن بىر پاتىفون تەخسىسى ئەۋەتىپتۇ، مەن ئۇنى بەك قەدىرلەپ ساقلاۋاتىمەن. كونىراپ كەتمىسۇن دەپ پەقەت چوڭ-چوڭ بايرام كۈنلىرىلا ئاڭلايمىز.

شېكەر زاۋۇتىنىڭ ياشلىرىدىن بىرى كېلىپ، بەستىلىك يەلكىسى بىلەن شوپۇرنى ئەدەپسىزلەرچە قېقىۋېتىپ، كۆتۈچى ئايالغا دىدى:

— تۇزلىغان تەرخەمەكتىن يەنە بىرئاز ئەكىلىپ بېرىڭ، يەنە ئىككى بوتۇلكا شامپانسكى.

شوپۇر مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ:

— بەللى، تەرخەمەك بىلەن شامپانسكى ئىككەن تېخى...، — دىدى.

— سىزدىن سوراۋاتقىنىم يوق، — دىدى قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي ياش بالا.

— بولدى، بولدى، چوقۇلاشمىساڭلار بولمامدۇ! — دىدى گانيۇشا ئارىغا كىرىپ. — بۇ يەر ئۇرۇشىدىغان يەر ئەمەس!

كۆتۈچى ئايال ئارىغا كىرىپ، جىدەلنى بېسىقتۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، شوپۇر يەنىلا ئازار يىگەندەك بولۇپ، خاپىچىلىق بىلەن تاما-

كسىنى تۇتاشتۇردى ـ دە، تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ئارىدىن بىر تال تاماكا چەككۈچىلىك ۋاقىت ئۆتتى.

ئۇ پەلەمپەي سۇپىسىدا تۇرۇپ، قاتتىق ئەپسۇسلىنىش ۋە بىئاراملىق بىلەن، قاپ ـ قاراڭغۇچىلىقتا پاتقان يولغا يېنىش ـ يېنىش تەلمۈرۈپ قارىغىلى تۇردى، ئۆزىگە كۆپ ئاۋارىچىلىق سالغان ھېلىقى يولۇچى مېھماننى قايتىپ كېلىشۋاتامدىكىن دەپ كۆز يۈگۈرەتتى. چۈنكى، يولدا بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇ مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى: نېمىشقا بىر ئامال قىلىپ ماشىننى ئالدىغا ھەيدەپ بارمىدىڭ؟ نېمىشقا يولۇچىنى ئۆز جايىغا ئاپىرىپ قويمىدىڭ؟ نېمىشقا ئۇنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن دالىدا تاشلىۋېتىپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردىڭ؟ دېگەن سوراقلارغا قالاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇبدان ئويلىنىپ چارە ـ ئامال ئىزدىسە، ماشىننى تەسلىكتە بولسىمۇ ھەيدەپ بارغىلى بولاتتى، "موسكۋىچ"تەك پاتقاقتا پېتىپ قالماسلىقى مۇمكىن ئىدى، يەنە كېلىپ، بۇ پىكاپنىڭ ماتورىنى يېڭىلا ئوڭلاتقان بولۇپ، چاتاق ـ پاتاقمۇ چىقمايتتى.

چايخانىنىڭ ئايۋىنىدىن ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى، شوپۇر تىۋىش چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭماقچى بولدى، قارىۋىدى، ئىشككە قارىغۇچى ئادەممۇ دالدا تامغا يۆلىنىپ، ئۆزى يالغۇز تاماكا چېكىپ تۇرۇپتۇ.

— سىز ئىۋان كانانوۋىچنى ساقلاۋاتامسىز؟

— ، ھە شۇ كىشىنى ساقلاۋاتىمەن، توغرا ئېيتتىڭىز.

— ھەي، بىچارە ئادەم تارتقۇلۇقنى ئاز تارتمىدى...ئۆزىمۇ ياخشى ئادەم جۇمۇ...

بىر يۈك ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدىكى بىرزىنت شامالدا لەپىلدەپ

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇپ تۇراتتى. شوپۇر بىردەم قۇلاق سېلىپ، يەنە چايخانىغا كىردى-دە، ئۆزى تېخى ئىچىپ بولالماي قويۇپ قويغان لىمون سۇيى تۇرغان شىرەنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇردى. كۈتۈچى ئايالنىڭ سورىماقچى بولۇپ تىككەن كۆزىگە قاراپ بېشىنى چايقاپ: كەلمىدى، نىمە قىلسام بولىدىكىن دېگەن ئىشارىنى بىلدۈردى.

ئۇزاق ئۆتمەي، ئارتىس قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىككى مەھەللىلىگەنىڭ ھەمرالىغىدا، مەھەللىدىكىلەر بېرىپ تۇرغان كۇنلۇكنى كۆتەرگەن پېتى پەلەمپەيدىن چىقىپ كەلدى. ئىككى مەھەللىلىگى پەلەمپەي سۇپىسىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى، ئۇلار باشقا جايغا بېرىشقا ئالدىراۋاتقان بولسا كېرەك، بىراق ئۇۋان كانانوۋىچ ئارىلىقتا خېلى ۋاقىتقىچە تۇردى: ئېگىلىپ، سۇپۇرگە بىلەن ئايىغىنىڭ ئۇستىدىكى لايلارنى سۇرتۇپ ئېرىغدىدى، ئاندىن چايخانىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئۇ خېلى جان كىرىپ، ئىسكەتمۇ تۇزۇلۇپ، ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ خۇددى سەھنىدە تۇرۇۋاتقاندەك، ئىككى ياندىكى كىشىلەرگە ئېگىلىپ سالام بەردى، ئاندىن پوكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بىزنىڭ ئايال خوجايىنىمىز ھەمىشە چىرايلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، — دېدى ۋە گانيۇشاغا قاراپ ئىللىق كۈلۈپ قويدى، خوشاللىقىدا گانيۇشانىڭ مەڭزى ئاناردەك قىزىرىپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— بىز سىزنىڭ غېمىڭىزنى يىدۇق، ئۇۋان كانانوۋىچ، — دېدى گانيۇشا ناخشا ئېيتقاندەك قىلىپ، — ھاۋانىڭ بۇزۇقلۇقى، يولنىڭ ناچارلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياياق ماڭغىنىڭىز...

— ئەلە-مەلىدىكىلەرنىڭ ياردىمى بار يەردە ھېچ ئىش تۇغۇل-

مايدۇ، — دىدى ئىۋان كانانوۋىچ سەل ئۆزگىچە ئىشەنگەندەك قىلىپ، — ئۇلار مىنى تراكتور بىلەن چوڭ يولغا ئېپچىقىپ قويدى، خىيالىڭىزغىمۇ كەلمىگەندۇ بۇ ئىش.

— ئەلە-مەلىدىكىلەر ئەجەب ياخشى ئىكەن، — دەپ ماختىدى گانيۇشا.

— گەپنىڭ راستى، مەن ھەتتا خىجىل بولۇپ قالدىم، مەندەك بىر ئاددى ئادەمنى تراكتور بىلەن ئۆزىتىپ قويۇشتى...

— ئەلە-مەلىدىكىلەر توغرا قىپتۇ، بۇنچىلىك ئىشقا نىمە بولغۇدەك، — دىدى گانيۇشا قەتئىلىك بىلەن، — بەدىنىڭىزنى ئىسسىتقۇدەك سۇيۇق-سەلەڭ بىرنەرسە ئەكىلىپ بېرەيمۇ، ئىۋان كانانوۋىچ؟

— ماروژنىڭىز بارمۇ؟ — دىدى ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ، — ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن ماروژنىغا بەك ئامراق. بىراق، كىكىرتىگىمنى ئىششىتىپ قويامدىكىن دەپ، ئاغزىمغا بىر قوشۇقمۇ ئالالمايمەن...

— مەن بىلىمەن، سىز قېنىق دەملىگەن چاي ئىچىشكە ئامراق. ياكى، ئۇنىڭدىنمۇ يامانراق ئىچىملىك ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟ — كۈتۈچى ئايال شوخلۇق بىلەن قېشىنى لىككىتە كۆتىرىپ قويدى، — بۇ يەردە ھەرقاندىغى بار...قانداق، يامانراقىدىن ئەكىلىپ بېرەيمۇ؟

— ھا-ھا، ساھىبە، ئىچكۈمىنى كەلتۈرمەڭ! قاراڭ، بىز ئىككىمىز، — دەپ يېنىدا ئولتۇرغان شوپۇرغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ئارتىس، — يول بويى ھاراق دىگەننى ئاغزىمىزغا ئالمىدۇق...مۇنداق قىلايلى، بىرئاز چاي ئەكىلىپ بېرىڭ، گانيۇشا...خاپا بولماسسىز؟ — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ شوپۇردىن سورىدى، ئاندىن ئىككىسى بايا شوپۇر بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ ئولتۇرۇپ لىمون سۈيى ئىچكەن شىرەنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

— ئەمدى ياخشى بولدى، ھەممىدىن خاتىرجەم بولدۇم. — يولۇچى قايتىپ كەلگەندە شوپۇرنىڭ ئەنسىرىگەن كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ئۇ بېشىنى كۆتىرىپ، ئەتراپىدا ئولتۇرغان ھەممە كىشىگە: قاراڭلار، مەن كىم بىلەن بىللە چاي ئىچىۋاتىمەن، بۇ يولۇچى نىمە دىگەن كاتتا دىگەندەك قىلىپ، مەغرۇرلۇق بىلەن بىر قۇر قاراپ چىقتى.

گانيۇشا ئېلىپ كەلگەن چاي بەك ئىسسىق بولۇپ، قولنى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى، پەتنۇستىكى لىمۇن ئاجايىپ مېزىلىك پۇرايتتى، نەدىن تېپىپ كەلگەنكىن ـ تاڭ؟

— ئىۋان كانانوۋىچ، چايغا بېقىڭ، توڭۇپ كەتكەنسىز؟

— مەن ئىسسىق تۇرۇپتىمەن، — دىدى ئىۋان كانانوۋىچ ۋە خۇددى يىگىتلەردەك پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋېتىپ، شارپىسىنى ئېلىۋەتتى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ بويىندىكى كېپىنەك گالستۇگى ئېچىلىپ قالدى — بۇ كېپىنەك گالستۇكنى گانيۇشا نىمىشقىدۇ بەك ياخشى كۆرەتتى.

ئۇلار ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشتى. شوپۇر ئەمدى بېسەرەمجانلىقىنى قويۇپ، بۇ چايخانىدا، شۇنچە كىشىنىڭ ئالدىدا، كىشىلەرنىڭ بەكمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن بۇ يولۇچى بىلەن كۆپرەك بىرگە ئولتۇرۇۋېلىش نىيىتىگە كەلدى.

ئىۋان كانانوۋىچ قىزىق چاينى ئىچىپ ئولتۇرغاندا، شېكەر زاۋۇتىنىڭ ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ شەرەپلىك مەھەللىلىگە سۆيۈنۈش ۋە ھۆرمەت بىلەن تويماستىن يېنىش ـ يېنىش قاراپ كېتىشتى، ئارتىس قۇرۇق ئىستاكاننى نېرى قىلىپ، ئورنىدىن قوپاي دىگەندە، بۇ ياشلار پۇكەينىڭ ئالدىغا گۇررىدە ئولاشتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

ئىگىز، چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان بىرى گانىيۇشاغا كۆز ئىشارىتى قىلىپ: ۋوي، سەن كۆپچىلىكنى خوشال قىلىدىغان بىر نەرسىنى ئەتىۋارلاپ، ساقلاۋاتىمەن دەۋاتىمدىڭمۇ... دىگەننى ئۇقتۇردى.

كۇتۇچى ئايال ئىشىك دەر پەردىسىنىڭ كەينىدە بىردەم ھەپىلەشكەندىن كىيىن، پاتىفونىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، شۇنىڭ بىلەن ئاشخانىدا ناخشا ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى...

ياڭرايدۇ بۇلبۇللارنىڭ خۇش ناۋاسى،
جور بولۇپ ناخشا، قىلۇر كۆڭۈلنى مەس.
سۆيگىن، سۆيگىن، تازا بىر سۆيۈۋالغىن،
ياشلىق بىرلا كېلۇر ئىككىنچى كەلمەس!

جاراڭلىق، يېقىملىق، تاڭسۇق ناخشىلار باھارنى ئېلىپ كەلدى، يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كۆركەم كېچىنى ئېلىپ كەلدى، ھەممە كىشىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى، ئۆزىنىڭ خەلق ئارتىسىغا تىكىلدى.

بىراق، ئۇ مېڭىشقا تەمشەلدى، ئەمما يەنە ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىپ توختاپ، چاچلىرى ئاقارغان بېشىنى ئويچانلىق بىلەن تۆۋەن سېلىپ، ياشلىق دەۋرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋە ناھايىتى يىراقتا قالغان ئۆزىنى ئاڭلىدى.

بۇ ياشلاردىن بىرى شامپانىسكىدىن بىر بوتۇلكا ئالدى، يەنە ھېلىقى بويى ئىگىز، چاچلىرى يۇمشاق ۋە پاخپىيىپ تۇرىدىغان ياش ئىتتىك مېڭىپ ئالدىغا كېلىپ، كۆپۈك بۇژغۇنلاپ تۇرغان ئىگىز پۇتلۇق رۇمكىنى ئارتىسقا تۇتۇپ تۇرۇپ:

— قېنى، بىرنى كۆتىرىۋېتىڭ ئىۋان كانانوۋىچ، قايتۇرماڭ، قېنى، مەرھەمەت قىلىڭ... — دىدى.

ئارتىس بۇ ياش يىگىتكە سىنچىلاپ قارىۋېتىپ، رۇمكىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، سورۇندىكى كىشىلەرگە بوش ئاۋاز بىلەن: ”ھەممىڭلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن!“ دەپ بىراقلا كۆتىرىۋەتتى. ئاندىن قولى بىلەن خوشلىشىش ئىشارىتىنى قىلدى ۋە سەھنىدىكىگە ئوخشاش ئېگىلىپ بىر تازىم قىلدى، ئاندىن گانيۇشاغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ: ”رەھمەت سىزگە ساھىبە، مەن ئۈچۈن قىلغان ھەممە خىزمىتىڭىزگە رەھمەت“ دېدى ـ دە، شوپۇر بىلەن تاشقىرىغا چىقتى.

تاشقىرىغا چىقىپ، شارپىسىنى ئوراپ بىردەم تۇردى، دەرەخ شاخلىرىنىڭ شىلدىرلىشى بىلەن ئاڭلىنىۋاتقان تۈن شاملىنىڭ ناۋاسىغا قۇلاق سالدى، ئاندىن پىكاپقا ئولتۇردى.

پىكاپقا ئولتۇرغاندىن كېيىن، شوپۇر ئۇنىڭغا قېلىن كاناپنى سۇندى ۋە سەل ئىزا تارتقاندەك قىلىپ:

— ماۋۇ تەگلىماتنى پۇتىڭىزغا يېپىۋېلىڭ... — دېدى.

— بەللى، كۆڭلۈمدىكىدەك ئىش قىلدىڭىز، — دەپ جاۋاپ بەردى ئارتىس، شۇنىڭدىن كېيىن بىردەم جىم بولۇشۇپ كېتىپ، ئىككىلىسى ئۆز خىياللىرىغا چۆشۈپ كەتتى.

— سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچىمەن، — دېدى شوپۇر بىردىنلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — ماڭا بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق؟ بوش ئاۋاز بىلەن ئېيتسىڭىزلا بولىدۇ.

ئۇ دەرھال جاۋاپ بەرمىدى، گويا بىر جىددى ئىش ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندەك، ئاۋال ئويلىنىۋالدى.

— خوپ، ئاڭلىغۇڭىز بولسا، — دېدى ئۇ ئاخىر بوش ئاۋازدا؛ — ئارتىسنىڭ ۋەزىپىسى ناخشىسىنى ھەممە كىشىگە ئاڭلىتىش...، — ئارقىدىنلا يەنە گېپىنى ئۆزگەرتىپ، — ھەممە قەدىرناس دوستلار

ئۇچۇن... ــ دېدى.

ئۇ ناخشىنى ئېغىر ئېيتتى، ئەمما ئۇنىڭ ناخشىسى سۆيگۈ تۇيغۇ-لىرىغا تولغان ئىدى، يىراقتىكى بىر كىشىگە ئاتاپ ئېيتىۋاتقاندەك قىلاتتى:

سۆيگىن، سۆيگىن، تازا بىر سۆيۈۋالغىن،
ياشلىق بىرلا كېلۇر ئىككىنچى كەلمەس!

پىكاپ چىرىغىنىڭ يورۇغىدا، يامغۇر تامچىلىرى قىيپاش ئۇچۇپ ئۆتەتتى، ھەتتا ئۇنىڭغا قار ئۇچقۇندىلىرىمۇ قوشۇلۇپ ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژورنىلىنىڭ 1985 ــ يىللىق 6 ــ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **غۇلام غوپۇرى**
تەرجىمە مۇھەررىرى: **تۇرسۇن رەھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

# بۆكتۆرمە

## ئا. ۋېتسلېر

**ئاپتور ھەققىدە** بۇ رادىئو دىرامىسىنىڭ ئاپتورى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتاقلىق رادىئو دىرامىسى يازغۇچىسى. «بۆكتۆرمە» دىرامىسىدا ئاپتور دىئالوگ ۋە مونولوگ ئارقىلىق ۋەقەلىكنى ئىپادىلىگەن ۋە پېرسوناژلار ئوبرازىنى ياراتقان. بۇ ئەسەر ئادەتتە رادىئو دىرامىلىرىدا بولىدىغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ ئورنىغا تامامەن دىئالوگ ئىشلىتىپ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزگىچىلىك ياراتقان ۋە مەركىزىي ئىدىيىنى پېرسوناژنىڭ دىئالوگلىرى، مونولوگلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن. بۇ دىرامىدا ۋەتەن ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى بىر پارتىزان بىلەن بىر جاسۇسنىڭ ئېلىشىشى دىئالوگ شەكلىدە تەسۋىرلەنگەن. يازغۇچىنىڭ ئىپادىلەش ئۆزگىچىلىكىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىدىدە، ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى بەردۇق.

### پېرسوناژلار

سېرگېي پېتروۋىچ ئىلسېيېۋ

بورىس نىلوۋىچ كىريوكوۋ

[شۇۋرغان ھۇۋلايدۇ. رادىئو گىرامىسىنىڭ تى ــ تىت، تى ــ تىت ــ تىت قىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئارقىدىنلا ئەنسىز شار ــ شۇر ئاۋازى بوش ئاڭلىنىدۇ، ئاپتوموبىلنىڭ قاتتىق تورمۇزلانغان ئاۋازى كېلىدۇ. گۈدۈك ــ گۈدۈك پاراڭ ئاۋازى، قولۇپنى ئۇرۇۋاتقان تاراق ــ تۇرۇقلار ئاڭلىنىدۇ. بىردىنلا بىر پاي ئوق ئېتىلىدۇ، ئاندىن قىش ئەتىگىنىدىكى جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ كاككۇك سائەتنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

**كىريوكوۋ:** ساماۋارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ چاي ئىچىش بىر راھەت ـ تە! ئىشتىن كېيىن بىرەر پىيالە چاي ئىچىۋېلىش نىمە ـ دىگەن ھوزۇر! چايغا شېكەر سالماي ئىچكىنىڭىز نىمىسى، سېرگېي پېترووۋىچ؟ شېكەر سالسا ئىچىشلىك بولىدۇ.
**ئېلسىپيۇ:** ئادەتلىنىپ قاپتىمەن، بورىس نىلوۋىچ!
**كىريوكوۋ:** تاتلىق نەرسە يىمەيدىغانمۇ ئادەت بولامدىكەن؟ تۇرمۇش بىزگە ئىلتىپات قىلمىدى، ئەمما ئۆزىمىز ئۆزىمىزگە ئىلتىپات قىلمىساق بولمايدۇ. تاتلىق نەرسە يىسە، ئادەمنىڭ مېڭىسىگە پايدا قىلارمىش. شۇنداقمۇ؟
**ئېلسىپيۇ:** بىلمەيدىكەنمەن.
**كىريوكوۋ:** (چايدىن ئوتلاپ) پايدا قىلسا قىلار، بولمىسا يوق، ھەر ھالدا ئىچىشلىك بولىدىغىنى راست. چايغا ئازراق ھەسەل سېلىۋەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ. سوغاق تېگىپ قالغاندا، ئىسسىق چاي ئىچسە، تېخىمۇ... ھىم، ياق، ئۇنىداقتا مۇراببا يىگەن ياخشى... تومۇۋ، زۇكام دىگەنلەر ساقىيىپلا كېتىدۇ. (توختىۋېلىپ) سېرگېي پېترووۋىچ، چىرايىڭىزنى ئاچمايسىزغۇ؟ قارىڭا، قانداق گۈزەل سەھەر ۋاقتى ـ ھە! ئاق قار، كۆك مۇز قۇياش نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. شۇنـ ـ چە يىللار ياشاپتىمىز، ھاۋا ياخشى بولغان كۈنلىرى خوشال بولۇشـ ـمىز كېرەك ئەمەسمۇ. ئۇ ئالەمگە بارغاندا كۈننىڭ سېرىغىنى كۆرەلمەي قالىمىز. ھېچ ۋەقەسى يوق... ھېچ ۋەقەسى يوق... تۆت كۆزىمىز بىلەن يولىغا تەلمۈرگەن مېھمان كەلسە، تازا خوشال بولۇپ كېتەتتۇق... (بىردىنلا قاتتىق ئاۋازدا) ئورنۇڭدىن قوزغالما! دېرىزىگە يېقىن بارما! دۇرۇس، دۇرۇس...مانا شۇنداق... مانا شۇنداق...

www.uyghurkitap.com

**ئىلىسىپىۋ:** (مونولوگ) قانداق قىلىش كېرەك؟ نېمە قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلىش... قىلچە چىقىش يولى قالمىدىمۇ؟ مىسىرلاپ بېقىش كېرەك ـ تە! ئەمما مەن بۇ يەردە ئاۋۇ مۇتىھەم بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرىمەن. بىراق، مەن زادى نېمىلەرنى قىلالايمەن؟ نېمە قىلالايمەن؟ ئۇ كۆزىنى ماڭا تىكىپلىۋالدى. چاتاق چىقماسمۇ؟ چاتاق چىقمايدۇ. ھازىرچە چىقمايدۇ. كېيىنچۇ؟ كېيىن نېمە ئۆزگىرىش بولار؟ ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ ـ دە! ۋاقىت...ۋاقىت... توختاپ تۇرمايدۇ... ئۇمۇ بۇ ياققا كېلىۋاتـ قاندۇ بەلكىم.

**كىريوكوۋ:** (مونولوگ) ئۇ ئۆزگەرمەپتۇ...پەقەت...پەقەتلا... قېرىپ كېتىپتۇ... پېشانىسىدىكى چېچى چۇشۇپ بوپتۇ... ئۇ ئالدىرىماي چاي ئىچمەكتە. ئۇ راستلا ئالدىرىمامدۇ؟ شۇنداق بولۇۋالغان ـ دە... ئىچىدە قاتتىق تىت ـ تىت بولۇۋاتقان بولمايزە. ئۇ ئۆزىگە چىقىش يولى ئىزدىمەكتە...ئەمما ئۇنىڭغا نېمە چىقىش يولى بولسۇن؟ ھەممە يەردە... ياق! ئۇ تاپالمايدۇ...ئۇ ھەمرالىرى بىلەن دەرھال پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ.

**كىريوكوۋ:** (سىلىق تەرزدە) رۇخسەتسىز ئورۇنىدىن تۇرماسلىقا، زۆرۈرىيىتى يوق ھەركەت ـ قىلىقنى قىلماسلىقا كېلىشكەن ئىدۇق، سېرگې پېترووۋىچ،...سىز كېلىشمىگە خىلاپلىق قىلدىڭىز، مەن سىزگە قاتتىق ئاۋازدا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. با مەسـ لىھەت ئىش قىلساق قانداق دەيسىز؟ بىز 20 ـ يىلى تونۇشقانىغۇ دەيمەن. ئوھو، شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ،...ئىككىمىز يەنە بىر يەردە ئولتۇرۇپتىمىز. بۇنداق ئۇچرىشىپ قالارمىز دەپ ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟

**ئېلىسېيېۋ:** ئويلىماپتىكەنمەن.

**كىرىيوكوۋ:** بارمايمەن دىگەن تۆگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ، دىگەن گەپ بار ئەمەسمۇ...

**ئېلىسېيېۋ:** راست. شۇنداق گەپ بار. ئۇ چاغدا سەن قېچىپ كەتكەن ئىدىڭ، كىرىيوكوۋ.

**كىرىيوكوۋ:** كېتىشنىغۇ كەتكەن، بىراق ھازىر قايتىپ كەلدىم-دە، (كۈلۈپ) ھى، ھى، مانا كەلدىم ئەمەسمۇ! يەنە كېلىپ يالغۇز ئەمەسمەن.

**ئېلىسېيېۋ:** يالغۇز كېلەلمەيسەن-دە. بۇ يەرگە ئۆزەڭ يالغۇز كېلىشتىن قورقىسەن، شۇڭا باشقىلارنى باشلاپ كەلگەنسەن. چەتئەل كۈچلىرىنى باشلاپ كەلگەنسەن. ياكى، بۇ كۈچ سېنى باشلاپ كەلگەن دىگەن تۈزۈك بولار.

**كىرىيوكوۋ:** بۇ گەپچە، سىز نېمىسلارنىڭ كۈچى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىكەنسىز-دە؟

**ئېلىسېيېۋ:** نىمىشقا ئېتىراپ قىلمايدىكەنمەن؟ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقىنىمىزغا بىر يىلدىن ئاشقان تۇرسا.

**كىرىيوكوۋ:** چاتاق يوق، چاتاق يوق. ئارام ئالىدىغان كۈنلەر ئاز قالدى. باشلىق (گىتلېرنى دىمەكچى. — تەرجىماندىن) بولشېۋىكلارنى جەزمەن ۋولگا بويىدا تولۇق تارمار قىلىدۇ ۋە ستالىنگرادنى ئالىدۇ...شۇ چاغدا ئارام ئالغىلى بولىدۇ. نېمىسچە ئېيتساق، "كاپۇت" بولىدۇ — تاماشا تۈگەيدۇ!

**ئېلىسېيېۋ:** قارىغىنا سېنى، بىزنى بولشېۋىك دىيىشنى تېخى ئۇنتۇماپسەن. كىرىيوكوۋ: ئاھ خۇدا، قىممەتلىك سىرگېي پېتروۋىچ، قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالاي؟ بۇ ئاتالغۇ ھېچقاچان ئېسىمدىن كەت-

مەيدۇ.

**ئېلىسىيېۋ:** نېمىس قاراقچىلىرىغا ئۇزاق ۋاقىت كەتمەن چاپقانسەن.

**كىريوكوۋ:** بۇ ھەمكارلىق بولىدۇ. ئۇلارغا ھەمكارلاشتىم. ساقچى ئىدارىسىدە مۇتەخەسسىس بولۇپ ئىشلىدىم دەڭا.

**ئېلىسىيېۋ:** بۇنىسى راست، سەن چوڭ مۇتەخەسسىس بولغان.

**كىريوكوۋ:** (مۇلايىم قىياپەتتە) شۇنى دىمەمدىغان! ئېيىتايلۇق، — قاچىڭىزغا چاي جىقلاپ قويايمۇ؟ — مەن بولمىسام، گېستاپو سىزنى تاپالايتتىمۇ، سېرگې پېترووۋىچ؟ شەھەر كوچىسىدا سىزنى كۆرۈپ قالغان چېغىمدا گۇلقەقەلىرىم ئېچىلىپ، "پاھ" ئاۋۇ سىياسى كومىسسار ئېلىسىيېۋ ئەمەسمۇ؟!"دەپ بۇلبۇلگويادەك سايراپ، قېرىندىشىمنى كۆرگەندەك خوشال بولۇپ كەتكىنىمنى بىلەمسىز؟. سىزنى كۆرگەندە، سىزگە تاشلانغۇم كېلىپ كەتكىنىنى بىلەمسىز؟ ئەمما، مەن ئۆزەمگە ھاي بەردىم... سىزگە ئازراق چاي قۇيۇپ قوياي جۇمۇ...

**ئېلىسىيېۋ:** مەيلى

**كىريوكوۋ:** شېكەر سېلىپ قويايمۇ، سېرگې پېترووۋىچ؟ ئۆزەممۇ يەنە بىر چىنە ئىچەي... ئەلۋەتتە، چاينىڭ ئادەمگە ئازراقمۇ پايدىسى يوقتۇ، ئەكسىچە، زىيىنى باردۇر،... شۇنداقتىمۇ، ئىچمەي قويمايمەن، بوۋامنى دوراپ قالدىممىكىن - تاڭ. بۇرۇنقى زاماندا، كىشلەر چايدىن ئايرىلالمايدىكەنمىش...مېنىڭ بوۋام بىر ئولتۇرۇشدا بىر ساماۋار چاينى ئىچىپ بولىدىكەنمىش...

**ئېلىسىيېۋ:** (مونولوگ) بىر چۈشىن...ئاستا ئۆمىلەۋاتىدۇ...بەك زورۇقۇپ ئۆمىلەۋاتىدۇ... قىش كۈنى چۈشىن نىمە قىلىدىغاندۇ؟ ھەممە ئىش شۇنداق بىمەنە، ھەم بىمەنە بولۇۋاتىدۇ، ھەم ئويلىمىغان

يەردىن چىقىۋاتىدۇ... كىريوكوۋنى بۇ شەھەرگە كېلىپ قالدۇ دەپ كىممۇ ئويلىغان؟ كىممۇ ئويلىغان دەيسىز! بىز ئاخىرقى قېتىم راستلا 20 ـ يىلى كۆرۈشكەن. چەتئەلدە ئالللىقاچان ئۆلدى دەپ ئويلىۋىدىم... كۈتۈلمىگەندە، بۇ يەردە يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالدى... مېنى تونۇۋالدى چۈشەندىم، گەپ مۇشۇ شېكەردە ئىكەن... شېكەرنى پۇراپ روھلىنىپ كېتىدىكەن... بۇ چىۋىن... ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەم قانداق بولار؟... ماشا نېمە بولدى؟ قاراپ تۇرۇپ سەزمەپتىمەن... ياق، ئۇنىڭ خىيالىغا كىرمىگەن. مەنمۇ ئۇنى تونۇۋالسام بولاتتى... ئۇ مېنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماپتۇ... مەنچۇ؟ ئۇنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار نەدە قىشلايدۇ؟ ئۇچەككە كىرىدۇ... چىۋىنمۇ ئېيىقتا ئوخشاش ئۇچەككە كىرسە... ئۇنداقتا، مەن يېڭىلىشتىممۇ؟ يېڭىلىشتىم... ھەركەت قىلمىسام بولمىغۇدەك. ئەمما، نېمە قىلىمەن؟ قانداق قىلىمەن؟

**كىريوكوۋ:** سېرگې پېتروۋىچ، ھەي سېرگې پېتروۋىچ، سەن ماشا يولۇققاندا، نېمىشقا ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئىش قىلىپ قويمىدىم؟ مەن قەيسەر ئادەم بولغىنىم ئۈچۈن شۇنداق بولدى. بۇنداق دېگىنىم ماختانغىنىم ئەمەس، سىلەرنىڭ تەشكىلاتىڭلارنى توپ ـ توغرا بىر يىل ئىزدىدۇق. ھەممە يەرگە قاپقان قۇرۇپ قويدۇق. ئەمما، ئىشىمىز نەتىجىسىز بولدى، تەشكىلاتىڭلارنى سايىسىنىمۇ تاپالمىدۇق... سىلەرچۇ، سىلەر بۇزغۇنچىلىقنى زادىلا توختاتمىدىڭلار. باشلىغىم بىرۇخ شاڭشىياۋ شۇنچە تەجرىبىلىك بولسىمۇ، ئىلاجىسىز قالغاندەك بوپقالدى. مانا شۇنداق ئەھۋالدا، سىزگە ئۇچرىشىپ قالدىم. مەن سىزنى

ئىزدەپ يۈرۈپ تاپتىم دىسەممۇ بولىدۇ. مەن: ”دۇرۇس، سىياسىي
كومىسسار ئېلىسىيېۋنىڭ مەخپىي ھەركەت بىلەن ئالاقىسىز بولۇشى
مۇمكىن ئەمەس“ دەپ ئويلىدىم. خاتا قىلمىغاندىمەن؟ گەپ
قىلمايسىزغۇ؟ نىمىشقا ئۈنچىقمايسىز؟ پاكىت شۇنداق ئىدىغۇ،
(توختىۋېلىپ) مەن بەك ئۆزگىرىپ كەتكەن ئوخشايمەن ھە، سېرگېي
پېتروۋىچ؟

**ئېلىسىيېۋ:** توغرا ئېيتتىڭ. تېرە تاشلاپسەن، كىريوكوۋ. ئۇقتۇڭمۇ،
تېرە تاشلاپسەن دىگەن گەپنى؟ بويۇڭمۇ كىچىكلەپ قالغاندەك
تۇرىدۇ.

**كىريوكوۋ:** سىز بۇرۇنقىدەك تۇرۇپسىز. تەققى-تۇرقىڭىزمۇ، باشقا
يەرلىرىڭىزمۇ ئۆزگەرمەپتۇ. ئۆزگەرمىگەنلىگىڭىز سىزگە پالاكەت،
ماڭا ئامەت كەلتۈردى. كوچىدا ماڭا قىلچە ئېرەن قىلمىدىڭىز.
سېرگېي پېتروۋىچ. لېكىن مەن سىزگە پۈتۈن دىققىتىم بىلەن
قاراپ تۇردۇم. مېنىڭ ئۈمىدىم يوققا چىقمىدى: بىز سىلەرنىڭ
سىمسىز رادىئويۈكلارنى قولغا چۈشۈردۇق. سىزنى شۇ يەردىلا
قولغا چۈشۈردۇق، دىسەممۇ بولىدۇ. ئويلىمىغان بولغىيدىڭىز؟
شۇنداقمۇ؟ پەقەتلا تېلېگرافچى ئىشىمىزنى بۇزۇپ قويغىلى تاسلا
قالدى. بىز ئەسلىدە زادىلا... بىز ئەسلىدە سىلەرنى... نىمە
دىسەم بولار؟ ئەسلىدە سىلەرنى تۈيدۇرماستىن تۇتۇۋالماقچى
ئىدۇق. نىملا دىگەن بىلەن ئۇ شەھەر كىچىككىنە شەھەر ئەمەسمۇ.
بىرەر شەپە بولسىلا، ئەل-جامائەتكە پۇر كېتەتتى. لېكىن بۇنىڭ-
دىن پايدا چىقمايتتى. بىز ھەممەيلەن نىكىكىن سېرافىم پېترو-
ۋىچ تىنچ-ئامان ئىكەن، دەپ قالسۇن دەپ ئويلىغان. سېرافىم
دەپ چاقىرىسىكەن دەپ تۇرغان بولغىيدىڭىز؟ بەزىلەر ئۆزىنى

خەقىنىڭ دائىم تەخەللۇسىنى ئاتاپ چاقىرىشىغا كۆنۈپ قالغانمىش.

**ئېلىسېيېۋ:** تېۋىشىزلا ئىشنى جۆندەش قولۇڭلاردىن كەلمىدى...

**كىرىيوكوۋ:** سىز نېمىگە بۇنچە خوشال بولىسىز؟ بۇنىڭ نېمە خوشال بولغۇچىلىكى بار؟ ھېلىقى يىگىت قارا يەرگە كىرىپ ياتتى، ئۇ سەپدىشىڭىزغا ئېچىنمامسىز؟ لېكىن، گەپنىڭ راستى، ئېچىنغانىمۇ بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرەر پاي ئوق ئاۋازى قانچىلىك ئىشتى؟ ھازىر كىشىلەر كۆنۈپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ، گۇزەتچىلەرمۇ ئوق چىقىرىدىغان تۇرسا. ئەمما بۇ ئوق ئاۋازى بىزگە تازا پايدىلىق بولدى.

**ئېلىسېيېۋ:** بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىمىز؟

**كىرىيوكوۋ:** ئازلا، ئازلا ۋاقىت تۇرىمىز، مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن، سېرگېي پېتروۋىچ. سىز باشقىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز، ساختىلىق قىلىپ، ”مەن ئەمەس“ دەپ تۇرۇۋالاتتىڭىز. بىراق، ھازىر سىز كىرىيوكوۋنىڭ قولىدا. يولداش ئېلىسېيېۋنىڭ بىر قات تېرىسىنى سويىۋەتسىمۇ، كىرىيوكوۋ تونۇۋالايدۇ. بۇنىڭغا غىڭ دېيەلمەسسىز؟ ھە راست، مەن ھېلىلا بىر مېھمان كېلىدۇ دېگەنتىمغۇ؟ بۇ چاخچاق گەپ ئەمەس.

**ئېلىسېيېۋ:** قانداق مېھمان؟ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟

**كىرىيوكوۋ:** سىزمۇ شۇ مېھماننى ساقلاۋاتىسىزغۇ، سېرگېي پېتروۋىچ؟

**ئېلىسېيېۋ:** ساقلىمايمەن، ھېچكىمنى ساقلاپ تۇرمايمەن. بۇ ئۆيدە مەن بىلەن تېلېگرافچىدىن باشقا ھېچكىم تۇرمىغان.

**كىرىيوكوۋ:** ئۇنداق بولسا،...خاپا بولماڭ، سېرگېي پېتروۋىچ. كەچۈرۈڭ...چاينى ئىچىۋالاي، بىز كېتەيلى،... دەرھال كېتەي-

لى... دەرھال...ئىش ناھايىتى ئېنىق، ئەلۋەتتە، سىز ئۆزىڭىزنىڭ قورقماس ئىكەنلىكىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىراۋاتىسىز. سىز سوئالغا جاۋاپ بېرىشتىن قەھرىمانلاردەك باش تارتىشىنى ئويلاۋاتىسىز. مەن سىزنى ئوبدان بىلىمەن، (كۈلۈپ) شۇغىنىسى، ئۆزىڭىزنى كۆرسىتىشكە پۇرسەت يوق، سېرگېي پېترووۋىچ. بىز سىزدىن سوئال سورىمايمىز. بىز سىزگە ئارتۇقچە گەپ قىلمايمۇ، سىزنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيمىز، "ۋايجان"دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىسىز، تېخى. تەلىيىمىز ئەمدى كېلىدۇ جۇمۇ.

**ئېلىسىيېۋ:** شۇنداقمۇ؟...

**كىرىيوكوۋ:** شۇنداق، سېرگېي پېترووۋىچ. گەپنىڭ ئوچۇغىنى ئېيتقاندا، سىز گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالسىڭىزمۇ، گەپ قىلسىڭىزمۇ، بىز ئېرەن قىلمايمىز.

**ئېلىسىيېۋ:** ئەمىسە مېنى بۇ يەردە تۇتۇپ قېلىپ نىمە قىلماقچى؟

**كىرىيوكوۋ:** بىز مېھماننى بىللە قارشى ئالىمىز. ئىززەت-ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرمىسەك بولمايدۇ-دە.

**ئېلىسىيېۋ:** يەنە شۇ گەپمۇ.

**كىرىيوكوۋ:** كاچلىق قىلىشنىڭ ئورنى يوق، سېرگېي پېترووۋىچ. تېلېگىرافچى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بىزگە ھەممىنى دەپ بەرگەن.

**ئېلىسىيېۋ:** يالغان! كوليا ئۇنداقلاردىن ئەمەس...

**كىرىيوكوۋ:** ئوھوي! گېپىڭىزدىن قارىغاندا، سىلەرنىڭ نىكولاينىڭ① دىگۈدەك گەپلىرى بار ئىكەن-دە؟

**ئېلىسىيېۋ:** (كەمسىتىپ) ئۇلار ھالەتتىكى ئادەمنى قىيناپ...

---

① كوليانىڭ ھەقىقىي ئېتى نىكولاي.

**كىريوكوۋ:** يوقسۇ. ئۇ ئۆزى ئېيتتى.
**ئېلسىيېۋ:** بۇ گەپمۇ يالغان.
**كىريوكوۋ:** ياق، ياق، سېرگېي پېتروۋىچ، بۇ گېپىڭىز توغرا بولمىدى. ئۇ ھۇشسىز يېتىپ، مېنى سىزگە ئوخشىتىپ قاپتۇ. تېلېگىرافچى بىلەن بىردەم پاراڭلاشتۇق...ئۇنى پۇشايمان قىلدۇردۇق.
**ئېلسىيېۋ:** راسا مۇتىھەم... مۇتىھەم ئىكەنسەن.
**كىريوكوۋ:** تېلېگىرافچىنىڭ مېنى سىزگە ئوخشىتىپ قالغانلىقىغا ھەيرانىمەن. ئىككىمىزنىڭ چىرايى ئوخشامدۇ؟ بىر پەستىن كېيىن يولداش ستېپان كەلسە سوراپ باقاي. (توختىۋېلىپ) تېلېگىرافچى ئۆلۈش ئالدىدا يالغان گەپ قىلمىغاندۇ؟ سىز مۇھىم بىر ئەرباپنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتمايدىغانسىز؟ دۇنيادا ئۇنداق ستېپان زادىلا يوقمۇ؟
**ئېلسىيېۋ:** تېلېگىرافچى جۆيلۈپتۇ. جۆيلۈش دىگەن بەرىبىر جۆيلۈش.
**كىريوكوۋ:** قېنى قاراپ باقايلى. بىللە چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، قاراپ باقايلى. بىركىم راست كېلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. سىزگە چاي چىقلاپ قويايمۇ، سېرگېي پېتروۋىچ؟ ھېلىقى ئادەم كېلىشكىلا، بىرۇخ ئەپەندى سىزنى ئېيكەتكىلى ئۆزى كېلىدۇ.
**ئېلسىيېۋ:** (مونولوگ) تالادا قار يېغىۋاتىدۇ...قار...قار پالازدەك-پالازدەك چۈشۈۋاتىدۇ. ئاپپاقچىلىق بولۇپ كېتىپتۇ... قار توختىماي لەپىلدەپ چۈشۈۋاتىدۇ. ھەممە نەرسىنى سۇ بېسىپ كەتكەندەك، ھەممە ئاۋاز پەسىيىپ قالدى... ئىش چاتاق، بەك چاتاق... مۇشۇ تاپتا مەن قارماقتىكى يەمچۈكنىڭ ئۆزى بولۇپ قالدىم. ئۆي مۇھاسىرە ئىچىدە قالدى، چوقۇم... دالاندا يەنە

www.uyghurkitap.com

ئىككى گېستاپوچى بار. ھەي كوليا، ھەي كوليا! سەكراتتا يېتىپ نىمىشقىمۇ گەپ قىلغانسەن؟ مەن نىمە ئۈچۈن سۇنى تىنىچ دەپ ئويلىدىم؟... تىنىچ... شۇنداق، ئورمانلىقتا يەنە بىر سىمسىز رادىئو بار ئىدى. بەلكى. مۇنداق... ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار يېقىندا دىققەت قىلىشقا باشلاپتۇ... لېكىن، شەھەردە مەن تېلېگرافچى بىلەنلا ئالاقىلىشاتتىم. ئۇلارنىڭ ئاخباراتى بۇ يەردە ئۈزۈلۈپ قالاتتى... كېچىگىمدە سۇدا ئۈزاقىچە چۆمۈلەتتىم. سۇنىڭ ئاستى سۇنىڭ ئۈستىگە تامامەن ئوخشىمايتتى... يورۇقلۇق ئاق ئەمەس، سېرىق بولاتتى. قۇلاق بارغانسېرى چىڭ ۋىڭىلدايتتى. بۇ ئۆپكىدە ھاۋا قالمىغانلىقى ئىدى. قىزىق ئىش، ئۇلارنىڭ ئاخباراتى ماڭا كەلگەندە ئۈزۈلۈپ قالسا بولاتتى... ستېپان، بۇگۈن ئۇ راستلا بۇ يەرگە كېلىدۇ... پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدۇقمۇ؟ قانداق قورقۇنچلۇق مەغلۇبىيەت ـ ھە! نەچچە ئايلىق مۇشەققەتلىك ئەمگەك بىكارغا كېتىدىغان بولدى. مەن نىمىشقا ئۇلارنى... جاھان ئاپپاقچىلىق... قارلەپىلدەپ چۈشۈۋاتىدۇ... ئارىلىق ئۈچ چامدامىلا كېلىدۇ... دېرىزىدىن ئۈچ قەدەملا نېرىدا تۇرۇۋاتىمەن. دېرىزە پەردىسىنى تارتىپ قويسامىلا، ئۆيگە كىرىشكە بولمايدىغانلىقىدىن بىشارەت بولىدۇ. پەردىنى قانداق تارتىپ قويارمەن... قانداق قىلسام بولار... ھەي كىريوكوۋ... كىريوكوۋ... ئىلاجسىزلىق ئادەمنى پەرىشان قىلىۋېتىدۇ جۇمۇ. باشقا چارە تېپىش كېرەك. نىمە چارە بار؟ نىمە چارە؟ تېز بولۇش كېرەك... تېز... ئەمما ھودۇقۇپ كېتىشكە بولمايدۇ كاككۇك (سائەت سايرايدۇ). ئۇ بىر سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ. ئۇ بىر سائەتتىن كېيىن كېلىدۇ، دېمەك... بىر سائەت ۋاقىت مېنىڭ...

**كرىيوكوۋ:** (مونولوگ) گەپ قىلماي جىم تۇرۇۋالدى...ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنداق قىلىپ نىمە قىلماقچى؟ تېلېگرافچىنىڭ دىگىنى يالغان بولسىچۇ؟ ستېپان دىگەن يولداش زادىلا بولمىسىچۇ؟ ئۇنداق بولسا، بىرۇخ شاگشياۋ مېنى بوش قويمايدۇ. ياق، تېلېگرافچى يالغان ئېيتمىغان... ئۇ كەمدە ئۇنىڭ روھىي هالىتى باشقىچىرەك ئىدى. شۇڭا ئېلىسېيېۋ مۇشۇنداق بىمالال قىياپەتكە كىرىۋالغان، هەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىۋەتكەن. ئۇ بىرنىمىنى ئويلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە چاي ئىچۈرەي.

**كرىيوكوۋ:** سېرگېي پېتروۋىچ، قاچىڭىزغا چاي جىقلاپ قوياي.

**ئېلىسېيېۋ:** ماقۇل.

**كرىيوكوۋ:** قېنى، چاي ئىچىڭ.

**كرىيوكوۋ:** (مونولوگ) ئەجىبا، ئۇ نىمىشقا ماقۇل بولغاندۇ... ئۇ چارە ئويلاۋاتىدۇ. نىمە چارە تاپالار؟ بىز ئۇلارنى كېچىسى تۇيدۇرماستىنلا قولغا چۈشۈردۇق...ئوق چىقارمىسا بولمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغاندا، تېلېگرافچىقا بىر پاي ئوق ئاتتۇق. بۇ هېچقانچە ئىش ئەمەسقۇ. ئاللىبۇرۇنلا كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويغانىمىز. خوشنىلاردىن بىرەرسى ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسىچۇ؟ بىز ئەتەي ئۆيدىن ئادەمنى ئېلىپ كەتمەي، قالدۇرۇپ قويدۇق...مۇھاپىزەتچىلەر يوشۇرۇنغان ئىدى. هەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئىدىتلاپ قويغان. ياق! ئۇ ئاخىر بۇرۇندىن ئىلىندۇ... ستېپان ئاخىر بۇرۇندىن ئىلىندۇ. ۋايىيەي، پۇتۇم بەك ئاغرىپ كەتتى! ئاھ خۇدا، كېچىچە ئاغرىپ چىقتى. شۇر-غان يەنە باشلاندى. هە، پۇتۇم شۇڭا ئاغرىپتىكەن ئەمەسمۇ... توختاپ تۇراي، ئالدىرىماسلىق كېرەك! ئۇلارنىڭ مەخپى بەل-

گىسى بارمىدۇ؟ ئۇلارنىڭ مەخپى پائالىيەت ئۇسۇلى ماڭا ئايان. بەلكىم ئىلىسىيېۋ خەۋەر بېرىۋەتكەندۇ؟ ئۇنداقتا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. چوقۇم يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. قولغا چۈشۈشكە ئازلا قالغاندا قاچۇرۇپ قويۇش... ئەمما، ئۇنىڭ مەخپى بەلگىسىنى قانداق بىلىۋېلىش مۇمكىن؟ سىياسى كومىسساردىن كۆزۈمنى ئۈزمەي تۇردۇمغۇ... ئەمما بۇ نەرسە ئۇستا كەلدى، تىكىلىپ تۇرۇشۇممۇ كارغا كەلمىدى. تېلېگرافچى "دەل سائەت ئون" دەپ تۇتۇق ئېيتتى. دېمەك، يەنە بىر سائەتلا ۋاقىت قالدى دېگەن سۆز. ئۇنى كەتكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك. ھەرگىز كەتكۈزۈپ قويماسلىق كېرەك.

**كىرىيوكوۋ:** چاي ئىچىشنى ياقتۇرماسلىغىڭىز بولماپتۇ، سېرگېي پېتروۋىچ. يەنە ئازراق جىقلاپ قوياي. ئوھو، تازىمۇ ئىسسىقكەنغۇ. چاينىڭ ئىسسىغى سۆڭەك-سۆڭىكىمدىن ئۆتۈپ كەتتى، رېماتىزىم جېنىمغا تەككەن ئىدى، شۇڭا چاينى قىزىق-قىزىق ئىچمىسەم بولمايدۇ. ئاخساپ قاپسىزغۇ. بۇرۇن ئۇنداق ئەمەستىڭىز.

**ئىلىسىيېۋ:** ئۇزۇن بولدى. سۆڭىكىم زەخىملەنگەن ئىدى.

**كىرىيوكوۋ:** شۇ چاغدىن باشلاپ... چاتاق بوپتىكەن-دە. بۇنداق ئاغرىق ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. يامغۇر ياغىدىغان، ھاۋا ئىسسىپ كېتىدىغان چاغلاردا لوقشۇپ ئاغرىيدۇ.

**ئىلىسىيېۋ:** شۇنداق.

**كىرىيوكوۋ:** بۇنىڭ داۋاسىنى دەپ بېرەي، سېرگېي پېتروۋىچ... ئوبدان شىپا قىلىدۇ.

**ئىلىسىيېۋ:** يەنە خۇپسەنلىك قىلىۋاتىسەنغۇ دەيمەن، كىرىيوكوۋ.

**كىرىيوكوۋ:** قارىڭا، دەۋاتقان گېپىڭىزگە...ياخشى كۆڭلۈمنى بىلمەي،

نىملەرنى دەۋاتىسىز؟ يەنە كېلىپ سىزنىڭ ھىممىتىڭىز بىلەن ماڭا بۇ كېسەل چاپلاشتى. 20 ـ يىلى قوشۇن باشلاپ سىميونوۋكاغا تۇيۇقسىز كىرگىنىڭىز يادىڭىزدىمۇ؟ شۇ چاغدا مەن پوپىنىڭ گەمىسىدە ئۈچ كۈن تۇرغان. (قاقاقلاپ كۈلىدۇ) گەمە نەم...سوغاق... ئىدى...شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئېلىسېيېۋ:** پوپىنىڭكىدە دىگىن. ئۇ موماي چاندۇرماپتۇ ـ دە. تەلىيىڭ بار ئىكەن، گەمىنى ئاختۇرماپتۇق، كىريوكوۋ.

**كىريوكوۋ:** شۇنداق...تەلەيلىك ئىكەنمەن. مەن ئەزەلدىن تەلەيلىك. تەلەيلىك بولغاچقا، بىرنەچچە قېتىم سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشۈپ قالماي، قۇتۇلۇپ قالغانمەن. دەرۋەقە، مەن ھوقۇق تۇتقان چاغدىمۇ، سىز مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلغان. بىراق، بۈگۈن تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلمەي قالدى، بۇنىسى راست، پۈتۈنلەي راست. ئىككىمىز بۇنداق قوغلىشىپلا يۈرسەك بولمايتتى ـ دە. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى...مانا ئەمدى چېكىگە يەتتۇق.

**ئېلىسېيېۋ:** سەن ئۆزەڭنى غالىپ ھېسابلامسەن؟

**كىريوكوۋ:** شۇنداق. بۇنىڭ نىمە ھەيران قالغۇچىلىگى بار؟ مېنىڭ تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن كۈنلىرىم ئەمدى يېتىپ كەلدى. ئەھۋال شۇنچىلىك. ئەينى زاماندا، بۇرادەرلىرىمنى تامامەن...قويماي جايلىۋەتكەن ئىدىڭىز! ھېچبىرىنى تىرىك قويمىغان. (توختىۋېلىپ) بىزنىڭ سىميونوۋكادا ئىكەنلىگىمىزنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟ ئارىمىزدا ساتقۇن بارمىدۇيا؟ دەپلا ئويلاپ كەلگەن ئىدىم.

**ئېلىسېيېۋ:** بىز مەخپى خىزمەتنى ناھايىتى پىششىق تەشكىللىگەن.

**كىريوكوۋ:** نىمە؟ مەخپى خىزمەت؟ مۇنداق دەڭ. تەپسىلاتىنى

دەپ باقسىڭىز قانداق؟ ئەمدى يوشۇرغۇدەك نېمىسى بار! ئىش ئۆتۈپ كەتكىلى نەۋاخ...

**ئىلسىپىۋ:** ئۇنداق بولسا دېيىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق ئىكەن. ئەيتاۋۇر، باندىتلىرىڭلار ئاخىر تامامەن تۈگەشتى.

**كرىيوكوۋ:** بەرىبىر تۈگىشىدۇ دېمەكچىمۇ سىز؟ ئاھ، خۇدا، خۇدايا پەرۋەردىگارا، بىزنى پاناھىڭغا ئالغايسەن، گۇنايىمىزدىن كەچكەيسەن!

**ئىلسىپىۋ:** بۇ دۇئا-تىلاۋەت بەك بالدۇر بولۇپ كەتتىغۇ دەيمەن، كرىيوكوۋ؟

**كرىيوكوۋ:** دۇئا قىلغانىنىڭ نەرى يامان؟ ئېھتىمال سىزنىڭ روھىڭىزغا ئاتاپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشنى ئويلايدىغاندىمەن. ھازىر خۇداغا سىغىنىدىغانلار كۆپ ئەمەس، دۇئا قىلىشنى بىلىدىغانلار ئاز. بۇنداقلار روھىنىڭ نەدە بولۇشىنى ئويلاپ بېقىشنىمۇ خالىمايدۇ.

**ئىلسىپىۋ:** كۆڭلۈك يۇمشاق ئادەمكەنسەنغۇ، كرىيوكوۋ ئاتامان.

**كرىيوكوۋ:** شاڭخو قىلماق، سىرگېي پېتروۋىچ؛ گەپنىڭ راستى، ھەممە گۇنانى ئۇرۇش، بۇلاڭ-تالاڭ، قىرغىنچىلىق، ئوت قويۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ روھىنى قەدىرلىمەيدۇ، روھىغا داغ تەككۈزىدۇ.

**ئىلسىپىۋ:** سەنچۇ؟

**كرىيوكوۋ:** مەن نېمە بوپتىمەن؟ مەنمۇ روھىمنى خاراپ قىلىۋەتتىم. بۈگۈنكى كۈندە ئىككىلىمىز ياشىنىپ قالدۇق...نەۋرىمىزنى بېقىپ، ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئەرمەك بولۇپ ئۆتىدىغان كۈنلىرىمىز كەلدى. يەكشەنبىلەردە بۈگۈنكىدەك ساماۋارنىڭ يېنىدا ئول-

تۇرۇپ پاراڭلاشساق، نىمىدىگەن پەيزى. قالتىس ھوزۇر ـ دە!
**ئېلسىپىۋ:** ئوھوي، دانىشمەن، قالتىس دانىشمەن ئىكەنسەنغۇ.
**كىريوكوۋ:** دىمىسمۇ تۇرمۇشنى ئوبدان ئۆتكۈزۈش كېرەك. بۇ ئاللانىڭ ۋەھىسى. بىزچۇ، بىز يەرنى بۆلۈپ يۇرۇيمىز. بىر بىرىمىزنى قىرىپ...ئىككىمىز يۇرتداشقۇ تېخى، سىېرگېي پېترووۋىچ.
**ئېلسىپىۋ:** شۇنداق بولمايچۇ! ئېسىمدە بار. "نىل كىريوكوۋ بولكىخانىسى." ـــ ۋىۋىسكا تازىمۇ چوڭ ئىدى ـ دە!
**كىريوكوۋ:** ئۇ دىگەن مېنىڭ دادام، ياتقان يېرى جەننەت بولسۇن رەھمىتىنىڭ. ئاھ، ئىگەم!...سىز يۇرتتىن خېلى بۇرۇنلا چىقىپ كەتكەنغۇ دەيمەن، سىېرگېي پېترووۋىچ؟
**ئېلسىپىۋ:** مەن شۇ يەردىن ئالدىنقى سەپكە كەتكەن.
**كىريوكوۋ:** گېپىڭىزگە قارىغاندا، سىز ئۇ يەردىن قوزغالمىغان ئوخشىمامسىز؟
**ئېلسىپىۋ:** شۇنداق.
**كىريوكوۋ:** ئۈچ يىل مابەينىدە تاسقىلىپ يۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە دىگۇدەك باردىم. كۆڭلۈمدىكىنى دىسەم، ھېچ يەر بىزنىڭ يۇرتقا يەتمەيدىكەن. قويۇڭ ئۇ ئىستامبۇل، پارىژ...دىگەنلەرنى. بىزنىڭ يۇرت ھەر كۈنى دىگۇدەك چۈشۈمگە كىرىدۇ، بۇنداق دىسەم گېپىمگە چۈمپۈتمەي قالارسىز بەلكىم.
**ئېلسىپىۋ:** ھېسسىياتچان ئادەمكەنسەنغۇ، بورىس نىلوۋىچ!
**كىريوكوۋ:** شۇنداق بولمايچۇ...يۇرتنى دىگەن نەگە بارسىمۇ ئۇنتۇپ قالمايدۇ كىشى. ئاھ، ئىگەم! شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بىزنىڭ شەھەر ئۆزگىرىپ كەتكەندۇ؟

www.uyghurkitap.com

**ئېلسىپيېۋ:** كۆپ ئۆزگەرمىدى.

**كرىيوكوۋ:** تىماكا دەرياسىدىكى كۆۋرۈك ھېلىمۇ باردۇ؟

**ئېلسىپيېۋ:** يوق. يېڭى كۆۋرۈك ياسالدى.

**كرىيوكوۋ:** يېڭىسىمۇ! ھەتتىڭەي! ھېلىقى كۆۋرۈكتە تۇرۇپ بېلىق تۇتسا بەك ياخشى بولىدىغان. دەريانىڭ يېسا بېلىغى سېمىز ئىدى. لويۇ بېلىغىمۇ بار ئىدى.

**ئېلسىپيېۋ:** مەن بۇرادەرلىرىم بىلەن دامبىدا بېلىق تۇتاتتىم. ئۇ يەردىكى بېلىقلار قارماققا ئاسان ئىلىناتتى.

**كرىيوكوۋ:** بولدىلا سىرگېي پېتروۋىچ، ئۇ يەرنى مەن بىلىمەن. ئۇ يەردە بېلىقچاندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. كۆۋرۈكتە تۇرۇپ دەريادىن يوتامدەك كېلىدىغان بىر بېلىق تۇتىتتۇم، قارماق كۆتىرەلمەي قالارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىپ كەتتىم جۇمۇ.

**ئېلسىپيېۋ:** (مونولوگ) تۇيۇقسىزلا بەندىڭنى كاللىسىغا ئاتسام قانداق بولار؟ ياق، ئۇنى جۆندۈۋەتكەن ھالەتتىمۇ، باشقىلار كېلىپ قالدۇ. ئۇ چاغدا ئۇمىد يوق بولۇپ قالىدۇ. ئۇمىد... لېكىن ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇمىد بارمۇ، ئازراق بولسىمۇ ئۇمىد بارمۇ؟ ستېپان قاراپ تۇرۇپ بىرۇخ شاڭشىياۋنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالامدۇ؟ ياق، بۇنداق بولسا بولمايدۇ! ھۇ كېرەكسىز، كېرەكسىز... گېستاپونىڭ كاتتىۋېشى بىرۇخ شاڭشىياۋ... كىرىيوكوۋ ئۇنى بۇ يەرگە كەلمەكچىكەن دەيدۇ. بۇ بىرۇخ دىگەن نىمىنى يېرىم يىلچە قوغلىدۇق... ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدۇق... ئەمما ئۇ ھەر قېتىمدا قېچىپ كەتتى... قېچىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ ئۆزى كېلىدىكەن... ئەمما مېنىڭ ھېچ ئىش قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس!... راستلا ھېچ ئىش قىلالمايمەنمۇ؟ ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداق بولمايدۇ... چوقۇم

ئامال تېپىشىم كېرەك. ھازىر بىر ئىسلاج قىلىپ ستېپانغا خەۋەر بېرىش ھەممىدىن زۆرۈر...

**كىريوكوۋ:** (مونولوگ) ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ...يورغىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. يەنە يېرىم سائەت قالدى. سىياسىي كومىسسار خۇپ-سەنلىك قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ راستلا ئالاقىزادە بولماي تۇرۇۋاتقاندۇ؟ يا بولمىسا، مەخپىي بەلگىنى ماڭا ئۇقتۇرماي بېرىۋېتىپ، خاتىرجەم ئولتۇرامدىغاندۇ؟ ياق، ياق...ئۇنداق ئەمەس. ئۇنىڭ ھەرقانداق ھەركىتى مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ...ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ گەپ يوق، يولداش ستېپان جەزمەن كېلىدۇ. ئۇنىڭ يېنىدا مۇھىم ھۆججەت، ئىسىملىك بار. بۇ نەرسىلەر قولىغا چۈشسە، ئۇلارنى بىرنى قويماي تولۇق قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. بىرۇخ شاگشىياۋنىڭ ئۆزى كەلمەكچى بولغىنى باشلىغىنىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرستىپ قويماقچى بولغىنى... بۇ چوشقا باشقىلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن نەپ ئېلىشقا ئامراق. ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ گەپ يوق...ئۆزەم ئېلىشقا تېگىشلىك نەپتىنمۇ قۇرۇق قالمىسام بولىدۇ...سىياسىي كومىسسار بىر ئىش تېرىمىسىدى...ماڭا نىمە بولغاندۇ؟ نىمىشقا كاللامغا "سىياسىي كومىسسار" دىگەن گەپلا كىرىۋالىدۇ! ئۇ دىگەن سىياسىي كومىسسار ئەمەس، ئۆلۈك...

**كىريوكوۋ:** شەھەرلىك باغچا باردۇ، سېرگېي پېتروۋىچ؟

**ئېلىسېيېۋ:** تېخىمۇ چوڭايدى.

**كىريوكوۋ:** كىچىك چېغىمدا ئاتا-ئانام مېنى ئۇ يەرگە مۇزىكا ئاڭلاشقا دائىم ئاپىراتتى. ھازىرمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئۇ يەرگە باردۇق...ئەلۋەتتە، بۇ كۈنىمۇ بۇرۇنقىدەك ئالدىنقى

رەتتە ئولتۇردۇق. يانچۇقۇمغا لىمون سېلىۋالغان ئىدىم، چالغۇچىلار مۇزىكىنى باشلىشى بىلەنلا، لىموننى يېيىشكە كىرىشتىم. تازا ھوزۇر قىلىپ چاينىغاچ شوخلۇق قىلاتتىم. كاناي چالغۇچىنىڭ كۆزى ماڭا، قولۇمدىكى لىمونغا چۈشۈپ، ئاغزىدىن سېرىق سۇ ئاققان! (كۈلۈپ) ئۇ شۇنچە كۈچەپ چالسىمۇ، كانىيىدىن ئاۋاز چىقمىدى. قىزىق...ئۆيگە كەلگەندە دادامدىن تاياق يېگەن ئىدىم.

**ئېلىسېيېۋ:** كىچىك ۋاقتىڭدىكى ئىشلىرىڭ ئېسىمدە. ئالېكسېيېۋ كوچىسىدىكى باللارنىڭ باشلىقى سەن ئىدىڭ...

**كىريوكوۋ:** تامامەن توغرا ئېيتتىڭىز. سىز...سېرگېي پېتروۋىچ، سىلەر تۇرۇشلۇق كوچىدا سىزمۇ باللارنىڭ كوماندىرى ئىدىڭىزغۇ دەيمەن؟

**ئېلىسېيېۋ:** دۇرۇس، سىلەرنىڭ ئەدىۋىڭلارنى بېرىپ قوياتتۇق.

**كىريوكوۋ:** پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدى، پۈتۈنلەي ئۇنداقمۇ ئەمەس ئىدىغۇ، سېرگېي پېتروۋىچ...بىزمۇ سىلەرنىڭ توپتىكى ھارامزادىلەرنىڭ ئەدىۋىنى بەرگەن...ھېيتقا ئاز قالغاندا...بىر كۈنى بولغان ۋەقە ھەرگىز ئېسىمدىن چىقمايدۇ...

**ئېلىسېيېۋ:** ئۇ كۈندىكى ئىشنى ئېغىزغا ئېلىپ قالدىڭغۇ!...دۇرۇس، شۇ كۈنى سىلەر بۆكتۈرمە قويۇپ، بىز كەلگەندە...بىز ئاران ئۈچ، سىلەر ئون نەچچە ئىدىڭلار ـ دە! بىزنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىمىزنى ئىششىتىۋەتتىڭلار...بىراق، ئاخىر بېرىپ سىلەر تىكىۋەتتىڭلار، قورقتۇڭلار. بۇنى ئۇنتۇپ قالمىغانسەن، كىريوكوۋ؟

**كىريوكوۋ:** ئاھ، باللىق دەۋر، باللىق دەۋر، ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى ئالتۇن دەۋر. ھەي...كەلمەسكە كەتتى...مەيداندىكى يۇمۇلاق تۈۋرۈكلۈك

بىنا قانداق بولدى؟ ھېلىقى چېركاۋنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىناچۇ ھازىرمۇ بارمۇ؟

**ئېلسىپېۋ:** نىمە، ئۇ بىنا سىلەرنىڭمىدى؟

**كىريوكوۋ:** ئاتا-ئانامنىڭكى ئىدى.

**ئېلسىپېۋ:** بىنا ھازىرمۇ بار. ھازىر مەكتەپ بولدى.

**كىريوكوۋ:** مەكتەپ؟ مەكتەپ...بەللى. ئوبدان بوپتۇ. مەن بۇنىڭغا قارشى ئەمەسمەن...باللار ئىشلەتسە مەيلى.

**ئېلسىپېۋ:** يادىڭدىن چىقىپ كېتىپتۇ-دە، كىريوكوۋ؟

**كىريوكوۋ:** نىمە يادىمدىن چىقىپ كېتىپتۇ؟

**ئېلسىپېۋ:** پاخموۋ دىگەن يەردە سەن قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن 20 ئادەمنىڭ بالا-چاقىلىرىنى ئاشلىق ئامبىرىغا سولاپ قويۇپ، ئاندىن ئامبارغا ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتىڭ! بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى كىچىك بالا ئىدى ئەمەسمۇ!

**كىريوكوۋ:** ئۇ چاغدا مەن پاخموۋدا ئەمەستىم، سېرگېي پېتروۋىچ. ئەزبىرايى ئۇ يەردە ئەمەستىم. ئۇ دىگەن مېنىڭ قول ئاستىمدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ قىلغان ئىشى...ئاساسلىق ئادەم ۋىدىكا بىريولىن ئىدى. ئۇ دىگەن بىر چايان!...ئەمما، بۇ ئىشتا مەنمۇ ئەيىپلىك، ئەلۋەتتە. ئۇلار خىرىستوسنى ئۇنتۇپ قېلىشقان! بىراق، بۇگۇنكى كۈندە...بۇگۈنكى كۈندە مەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان يۇرتىدىشىم بولغان سېنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ قويۇشنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىپ كەلگەن ئىدىم. شۇغىنىسى، مانا ھازىر ئىككىمىز بۇ يەردە رەقىپلەردەك بىر بىرىمىزگە ھومىيىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ئەمما بىز دىگەن جان-جىگەر قېرىنداش، سېرگېي پېتروۋىچ، ئىككىلىمىز رۇس ئەمەسمۇ.

www.uyghurkitap.com

**ئېلسىپېۋ:** سەن، كىريوكوۋ، فاشىست ئۇنسۇرسەن. فاشىستنىڭ مىللى-
تى بولمايدۇ.
**كىريوكوۋ:** ياق، ياق! كۆڭلۈمدە رۇس دىگەن ئۇقۇم يوق دىسە،
بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدە ساقلاقلىق...مەن
مۇشۇ يەردە تۇغۇلدۇم، ئۆلسەممۇ مۇشۇ يەردە ئۆلىمەن...
**ئېلسىپېۋ:** كېيىنكى سۆزۈڭ ھەر ھالدا توغرا بولدى.
**كىريوكوۋ:** سەن مېنى قورقۇتماقچىمۇ؟
**ئېلسىپېۋ:** قورقىتىش ھاجەتسىز. ئۆزەڭگىمۇ ئايان.
**كىريوكوۋ:** نىمە ئايان؟ ئۆلۈمۇمۇ؟
**ئېلسىپېۋ:** ساڭا ھەممە نەرسە ئايان. سەن دۆت ئەمەس-تە، كىر-
يوكوۋ. سەنمۇ، خوجايىنىڭمۇ، ھەممىڭلار ۋەتىنىمىزنىڭ تۇپرىغىغا
دەپنە قىلىنىسىلەر، بۇنداق قىلىش ئادەمنى سەسكىندۈرىدىغان
بولسىمۇ، سىلەرنى تۇپرىغىمىزغا دەپنە قىلىۋېتىمىز. ئەلۋەتتە،
بەزىلەر بېرلىنغا تىرىك كېتىشى مۇمكىن. بىراق، بۇ ئەپسۇسلە-
نارلىق ئىش بولىدۇ.
**كىريوكوۋ:** بۇ گەپچە، ماڭا قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشتىن
بۆلەك يول يوق ئىكەن-دە!
**ئېلسىپېۋ:** ئۇنداق دىسەم نىمە بوپتۇ؟ پەخەس بول، بۇ يولۇڭمۇ
ئېتىلىپ قالمىسۇن يەنە.
**كىريوكوۋ:** مېنى ئەپۇ قىلىسىز بولامدۇ، سېرگېي پېترووۋىچ؟...
ھازىر سىز مېنىڭ ئىلكىمدە جۇمۇ. گىتلېر قوشۇنى تېخىچە
ۋولگىدا.
**ئېلسىپېۋ:** ئۇلار يەنە داۋاملىق قېچىپ كېتىۋاتىدۇ.
**كىريوكوۋ:** قېنى كۆرەرمىز. ئەمما سىز، سېرگېي پېترووۋىچ، كېيىنكى

ئىشلارنى كۆرەلمەيدىغان بولدىڭىز. بىرتال ئاغامچا، بىرتال لىم سىزنى بۇ دۇنيادىن "مەڭگۈلۈك خوشلاشتۇرىدۇ". ئەمما بۇنىڭ نىمە ھاجىتى؟ بۇنداق قىلىپ نىمە جاپا؟ سىز مېنى ھەرقانچە تىللىسىڭىزمۇ، گەپنىڭ راستى، مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. راست، ماڭا گويا ئۇلار مېنى دارغا ئاسىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. (توختاپ) ھەي، سىز ئۇچۇن جېنىمنى تىكىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلسام قانداق دەيسىز؟

**ئېلىسپېۋ:** بۇ نىمىدىگەن گەپ؟

**كىريوكوۋ:** ئاددىيلا ئىش. سىزنى قاچۇرىۋەتسەم بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، سىزنى قاچۇرىۋەتسەم، باشلىقىم مېنى بوش قويارمۇ؟ بىراق، مەن يەنىلا سىزگە ياردەملەشمەكچىمەن.

**ئېلىسپېۋ:** مېنىڭ پەمىمچە سەن ھېچنىمىدىن قورقمايسەن.

**كىريوكوۋ:** مەن قورقۇپ بولغانمەن، ئەمدى قورقمايمەن دەۋاتىمەن — گەپ شۇ!...مەن ھازىر ئەسكەرلەرنى يىراققىراق ماڭدۇرۇۋەتسەم، سىز دېرىزىدىن سەكرەپ چىقىپ كېتىسىز. ئەسكەرلەر نىمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ بولغىچە...سىز يىراقلاپ كېتىسىز. چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

**ئېلىسپېۋ:** نىمە قىلماقچى، كىريوكوۋ؟

**كىريوكوۋ:** بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. بىر قارارغا كېلىڭ، سېرگې پېتروۋىچ. بولمىسا، مەن كېيىمدىن يېنىۋالسام،...قانداق بولىدۇ؟ ھە؟ ھىم؟

**ئېلىسپېۋۋ:** بۇ نىمە دېگىنىڭ؟

**كىريوكوۋ:** چاتاق يېرى، مەن زىيان تارتىمەن. سىز ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز، ئامان قالىسىز، ئەمما مەن ئۇچۇن ھاياتلىق يولى

قالمايدۇ. سىزنى قاچۇرۇۋەتسەم، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈشىدۇ. ئىش ئەنە شۇنداق. يەنە بىر چارىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ سىزنى ستېپان بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىش. شۇڭا، ئىككىلا تەرەپ زىيان تارتمايدىغان ئىشنى قىلىشىمىز كېرەك. سىز قېچىپ كېتىپ، ئۆز ئادەملىرىڭىزنىڭ ئارىسىدا قەھرىمان بولىسىز. مەنمۇ نېمىسلاردىن نەپ ئالىمەن.

**ئېلسىپېۋ:** سەن دىگەن تىجارەتچى ئادەم، كىريوكوۋ.

**كىريوكوۋ:** بۇنىڭ دەپ ئۆلتۈرىدىغان نىمىسى بار؟ بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئەزەلدىن تىجارەتچى، بۇنىڭ ئۇيلىغۇدەك نىمىسى بار؟ ئىككىلىمىز جان بەرسەك قاملاشمايدۇ ـ دە؟...سىز قېچىپ كەتسىڭىز، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۆچ ئېلىپ بېرىسىز ئەمەسمۇ.

**ئېلسىپېۋ:** ساڭا نىمە قىلىپ بېرىشىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەنغۇ؟

**كىريوكوۋ:** كىچىككىنە ياردەم. قول كۆتىرىسىز. مەخپى بەلگىنى ماڭا دەيسىز.

**ئېلسىپېۋ:** نىمە مەخپى بەلگە؟

**كىريوكوۋ:** بىلمەس بولۇۋالماڭ، سېرگېي پېتروۋىچ. سىلەر مۇشۇ ئۆيدە يوشۇرۇن ئالاقىلاشماقچى، شۇنداقمۇ؟ شۇنداققۇ.

**ئېلسىپېۋ:** ئۇ ھەممىنى بىلىدىكەن!

**كىريوكوۋ:** ئالاقە قىلىش ئۈچۈن مەخپى بەلگە بولۇشى كېرەك. بۇ يەرگە كېلىدىغانلارغا كىرىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى، بۆكتۈرمە بار ـ يوقلۇغىنى ئۇقتۇرۇش كېرەك.

**ئېلسىپېۋ:** (مونولوگ) قار...قار...قار ئېرەي دەپ قالدى. قار ئېرىسە، پاتقاقچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ چاغدا چاتاق...ماشىنىمۇ، ئادەممۇ ماڭالمايدۇ...بەلكىم ئۇنىڭ ئازراق ئادەمگەرچىلىگى تۇتۇپ

قالار؟ ئېھتىمال بۇ ئۇبدان پۇرسەتتۇ؟ تۆت كۆز بىلەن تەلمۈرۈپ كۈتكەن بىردىن ـ بىر پۇرسەتتۇ؟...نىملەرنى ئويلاپ كەتتىم؟ ئۇ دىگەن بىر جاللات، قارا يۈز ئەمەسمۇ. ئۇ مېنى قېچىپ كەتمىدـ سۇن دەپ...دەريادا سۇ كۆپىيىدۇ. كۆۋرۈك كونىراپ كەتــكەن. بىر پارچە مۇز كۇپايە قىلىدۇ...ئۇنى ئالدىسام قانداق؟ ھە؟ ياق، بولمايدۇ، بولمايدۇ! كىريوكوۋ دىــگەن ئەخــمەق ئەمەس...مېنى ئۇبدان بىلىدۇ...ئەيــتاۋۇر...دۇرۇس، ھــازىر يەنە ۋاقــت بار. ۋاقت بار، يەنە...ئەمما، ئەگەر...

**ئېلىسېيېۋ:** سەن يېڭىلىشتىڭ، كىريوكوۋ. بىرىنچــىدىن، مەن ستېپان دىگەن ئادەمنى ساقلاۋاتقىنىم يوق...شۇڭا، مەخپى بەلگە توغرىـ سىدا گەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

**كىريوكوۋ:** گېپىمگە ئىشەنمەمسىز؟

**ئېلىسېيېۋ:** ئىشەنسەممۇ...ياردەم بېرەلمەيمەن ـ دە.

**كىريوكوۋ:** روھىمغا چاپلاشقان گۇنانى ئازلىتاي دىگەن ئويدىمەن. سىــزنى دارغا ئاســدۇ. يەنە كېــلــىپ، ھېلــقى ســتېپانــمۇ قۇتۇلالمايدۇ.

**ئېلىسېيېۋ:** قىزىق نىمىكەنسەن، كىريوكوۋ. مەن ساڭا ئىشىنىۋاتىمەنۇ، سەن ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسەن.

**كىريوكوۋ:** (مونولوگ) ئۇ دىيىشىنى خالىمايۋاتىدۇ. ئۆلىسىمۇ دىگىلى ئۇنىمايدىغان ئوخشايــدۇ. بىراق، ئۇ راســتــلا ئىشــنــىپ قالــغان بولىسچۇ؟...ئىشەنگــىنى بىلەن، دەيدىــغان گەپ بولمىســچۇ؟ ئۇ ماڭا ئىشــنەمدۇ؟! ياق. ئۇنى قايىل قىلــىش كېرەك. ئۇلارنىڭ راستىلا پوتۇشۇۋالغان مەخپى بەلگىسى بولماسلىغى ئېھتىمالغۇ؟ يا بولمىسا مەن ئۆزەم گۇمانىسراپ، ئۆزەمگە ئــۆزەم باش ئاغرىغى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترونلۇق تارقىتىش تور بېكىتى

تېپىۋالغانـدىمەن؟ چاتاق چىقماس؟...بۇ سائەتـنىڭ چىكىلدىشى بىزار قىلىۋەتتىغۇ. چىك ـ چاك، چىك ـ چاك. بىر ئادەمنىڭ ھايات تى مۇشۇنـداق چىـك ـ چاك بىلەن ئۆتـۈپ كېتەمـدۇ؟ كۈنـلەر بارغانسېرى ئاز قېلىۋېرەمدۇ؟...ئىنسانلار نىمىشقىمۇ بۇ نەرسنى كەشپ قىلغان بولغىيدى؟ ئۆلـۈم پەيتـىگە دەخلى يېتىشىدىن بىز ئەنسىرەيدىغاندەك...ئەمما، ئۇ چاغدا بەربىر سائەتكە قارىمايدىغان گەپ. ۋاي! ياق...ياق...توغـرا ئەمەس...بۇ يەردە بىرگەپ بارلىقىنى تۇيۇپ تۇرىمەن...گەپ زادى نەدە؟ ۋاقىـت ئادەمـنى ساقلاپ تۇرمايـدۇ...بۇ ئەسـكى بەك زىيـرەك جۇمۇ...ئۇنى يەنە ئالدىيالماسمەنـمۇ؟

**كىريوكوۋ:** نىمىلا دىگەن بىلەن، تەقدىر دىـگەن بار نەرسە. شۇنـداقمۇ، سېرگېي پېتروۋىچ؟ شۇنچە يىللاردىـن كېيىن، ئىككـىمىز ناتونۇش بىر شەھەردە ئۇچرىشىپ قالدۇق. بۇنىسى پىشانىـمىزگە پۈتۈلگەن! تەقدىر دىگەن شۇ ئەمەسـمۇ؟ سىز بۇنىڭغا ئىشەنمەيـۋاتامسىز، سېرگېي پېتروۋىچ؟ مەيلى، ئىشەنمىسىڭىز قانداق قىلاي؟ ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغانـدىن كېيىنـكى 1943 ـ يىلـنىڭ فېۋرال ئېيىنىڭ بېـشىدا ئۆلـۈپ كېتىشـىڭىز پىشانىڭىزغا پۈتـۈلگەن ئوخشايدۇ.

**ئېلىسبېيۇ:** ماڭـا ھـازىـر دۇئا ـ تىـلاۋەت قىلـىش بەك بالـدۇرلۇق قىلىدۇغۇ دەيمەن.

**كىريوكوۋ:** ئەلـۋەتـتە، سـىز دىـگەن ئاڭـلىق، باتۇر ئادەم. ياش ۋاقتىڭىزدىمۇ شۇنداق ئىدىڭىز، ھازىـرمۇ شۇنداقـتەك تۇرىـسىز. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، سېرگېي پېتروۋىچ، قولىڭىزنى كۆكسىـڭىزگە قويۇپ، مەن راستـلا ئۆلـۈمدىن قورقـمايـمەنـمۇ؟ دەپ

ئۆزىڭىزگە سوئال قويۇپ بېقىڭ.
**ئېلسىپېۋ:** پەيلاسوپكەنسەنغۇ سەن، كىرىيوكوۋ. بىراق، راست گەپنى ئېيتسام، مېنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇش-قورقماسلىقىم بىلەن سېنىڭ نىمە كارىڭ؟
**كىرىيوكوۋ:** مەن ئۆزەمنى سىزنىڭ ئورنىڭىزغا قويۇپ ئويلاۋاتقان بولسام كېرەك...قېنى، كۆرىمىز...سىز ئۈچۈن ئويلاۋاتىمەن...
**ئېلسىپېۋ:** (سوغاق كۈلۈپ) مېنىڭ غېمىمنى سېنىڭ يېيىشىڭ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقمۇ قىلالمايسەن، بورىس نىلوۋىچ.
**كىرىيوكوۋ:** نىمىشقا قىلالمايدىكەنمەن...ئۆلۈم ھەممە ئادەمگە ئوخشاشقۇ.
**ئېلسىپېۋ:** ياق، كىرىيوكوۋ، بۇ گەپ توغرا ئەمەس...
**كىرىيوكوۋ:** ئەمىسە چۈشەندۈرۈپ بېقىڭا قېنى، سېرگېي پېتروۋىچ... چۈشەندۈرۈپ بېقىڭ! يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا، بۇ مەسىلىنى ئازراق ئۇقماندەك بولدۇم.
**ئېلسىپېۋ:** سېنىڭ قارىشىڭچە، جان ھەممىدىن قىممەتلىك ئىكەن... ھەتتا ھاياتىنىمۇ قەدىرلىمەي، قانداقلا بولمىسۇن، ياشسىلا بولدىغۇ، دەپ ئويلايدىكەنسەن. سېنىڭ يېيىش، ئىچىش...ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن باشقا ئىشىڭ يوق. سەندىن ھېچنىمە قالمايدۇ... ھاياتىڭنىڭ داۋامى سۈپىتىدە قىلىدىغان...ئىشىڭمۇ يوق، پىكرىمۇ يوق...شۇڭا، تېنىڭنىڭ بولماسلىقى سەن ئۈچۈن بىر دەھشەت. شۇنداق بولغاچقا، سەن چىشلەپ، مۇشتلاپ، تېپىپ بىلەن بولسىمۇ، ئۆز جېنىڭنى چىڭ ساقلاپ قالماقچى بولسەن... دەرۋەقە، سېنىڭ ھاياتىڭ ئىككى تەرىپى بوشاپ كەتكەن كۆۋرۈك بولىدىغان بولسا، ئۆلۈم بەك قايغۇلۇق ئىش بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

**كرىيوكوۋ:** گەپ بەك ئىرەن بولۇپ كەتتى. چۈشىنىشلىكرەك بولسا قانداق؟

**ئېلىسپىۋ:** ئالەمدە ھېچنىمە قالدۇرماسلىق قورقۇنچلۇق ئىش.

**كرىيوكوۋ:** بىرلىسى شەھەر ئەتراپىدا قورۇ ـ جايىم بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ بانكىدا پۇلۇم بولسىچۇ؟

**ئېلىسپىۋ:** بۇ تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ، كىرىيوكوۋ.

**كرىيوكوۋ:** سىز قورقماسسىزا؟ سىزمۇ ئاز ـ تولا بىرنەرسە يىققانسىز؟...سوۋېت سىزگە چوڭ مەنسەپ بەرگەندۇ؟

**ئېلىسپىۋ:** شۇنداق، چوڭ مەنسەپ بەردى.

**كرىيوكوۋ:** گېنېرال بولۇۋالدىڭىزمۇ، باشقا باشلىق بولدىڭىزمۇ؟

**ئېلىسپىۋ:** ئۇنىڭدىنمۇ يوغان.

**كرىيوكوۋ:** نىمە؟ خەلق كومىسسارى بولۇۋالغان ئوخشىمامسىز؟ بۇنىڭدىن يوغان ئەمەلمۇ يوققۇ؟

**ئېلىسپىۋ:** ئوقۇتقۇچى بولدۇم، كىرىيوكوۋ. تارىخ دەرسى ئۆتىمەن.

**كرىيوكوۋ:** ئاددى ئوقۇتقۇچىمۇ؟

**ئېلىسپىۋ:** ئەڭ ئاددى ئوقۇتقۇچى.

**كرىيوكوۋ:** مۇنداق دەڭ...راست چوڭ ئەمەلكەن. بۇنىڭدىن چوڭ ئەمەل بولماس. ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماي، قان تۆكۈپ كۆرەش قىلغاندا مۇشۇنى كۆزلىگەنمىدى؟

**ئېلىسپىۋ:** باشقىسىنى دىمەي، قورۇ ـ جاي توغرىلىق گەپ ئاچساق، مېنىڭ راستلا شەخسى قورو ـ جايىم يوق. بانكىدا پۇلۇممۇ يوق. بىراق، مېنىڭ سەن كىرىيوكوۋلارغا قارشى كۆرەش قىلىشىم دېڭىز بويىدا داچا سېلىپ ئولتۇرۇش ئۈچۈنمىدى؟ يا بولمىسا پاگون تاقاپ، پىكاپتا ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىش ئۈچۈنمىدى؟ (كۈلۈمسىرەپ)

ياق، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. باللارنى تەربىيىلەش زور بەخت، بۇنداق بەختنى سەن ھېس قىلالامسەن؟

**كىريوكوۋ:** خەقنىڭ باللىسنى تەربىيىلەيمەن دىدىڭىزما؟ سىزنىڭمۇ باللىڭىز باردۇ؟

**ئىلىسىپىۋ:** بىر ئوغلۇم بار.

**كىريوكوۋ:** چوڭ بولۇپ كەتكەندۇ؟

**ئىلىسىپىۋ:** بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىرىدۇ.

**كىريوكوۋ:** ئۇرۇشقا قاتناشتىمۇ؟

**ئىلىسىپىۋ:** ئەلۋەتتە.

**كىريوكوۋ:** ئوغلىڭىز بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشەلمەيسىز ـ دە.

**ئىلىسىپىۋ:** (مونولوگ) ئىككىنچى كۆرۈشەلمەيمەن... دىمەك، دىمەك، ئوبدان ئوغلۇم. مۇشۇ كۈنلەردە سىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىدىم. ياق...ياق، ئۇنداق ئەمەس. مەن سىنى ئويلاپلا كەلدىم. بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى، راستىلا بەك ئۇزاق زامان بولدى...ھازىر قانداق بولۇپ كەتكەنسەن؟ دىمەكا...سىلەرنىڭ دىۋىزىيىنىڭ ستالىنگراد ئەتراپىدا ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىدىن يېقىندا خەۋەر تاپتىم. ناۋادا...بۇنداق ئويدا بولماسلىقىم كېرەك. بۇنداق ئويلىسام بولمايدۇ ـ دە. بولۇپمۇ ھازىرقى پەيتتە بۇنداق ئويلاش يارىمايدۇ. ئۇرۇش ئەمەسمۇ...بىرەر ـ ئىككى ئىلىك... ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز گەپ قىلىپ بولسىمۇ خەت يازغان بولسا...بىچارىنىڭ...ۋاقتى يەتمىگەن ـ دە، ئۇ ئۈچ ياش ۋاقتىدا...دۇرۇس... ئۈچ ياش ۋاقتىدا بىر كېچىسى مېنى ئويغاتتى. ئۇ يىغلىماقتا ئىدى..."نىمە بولدۇڭ؟" دىدىم. "قېرىپ كەتمىسەك بولاتتى. ئۆلۈپ كەتمەي مەڭگۈ ياشساق بولاتتى..." دىدى.

www.uyghurkitap.com

كېيىن: "مەن دوختۇر بولىمەن... كېسىلىڭنى ساقايتىمەن، دادا!" دېدى. بولدى...بەس. روھلىنىشىم كېرەك. ھازىر قىلىدىغان ئىشىم دېرىزە پەردىسىنى تارتىپ قويۇش...تارتىپ قويۇش... پەردىنى ئېتىۋېتىش...

**كىريوكوۋ:** (مونولوگ) ئەسلىدە ئۇ مېنىڭ قورۇ-جايىمدا ئوقۇتقۇچى بوپتىكەن-دە...ما ئىشنى كۆرمەمدىغان! ئۇ ھېلى ئىككى تەرىپى بوشاپ قالغان كۆزۈكىنى تىلىغا ئالدى. ئەلۋەتتە... ھەممىنى ئۇلار ئېلىپ كەتتى. ھەممىنى ئۇلار مەھرۇم قىلدى. "رۇس ئۇچ ئاتلىق ھارۋىسى" ئاشپۇزۇلىدا ئون يىل چاكار بولدۇم①. ئۇ يەرنىڭ بەتتەرلىكىنى دېمەمدىغان! ساپلا ھاراقكەشلەر... ئۇستۇنكى قەۋەتتىمۇ...تۆۋەنكى قەۋەتتىمۇ پۇتۇنلەي مەسلەر. بۇنداق مەسلەرنىڭ خامىرىغا گالاچ-گۇلۇچ سالاتتىم! ماڭا ھېچنىمە ئاشمىدى...ئەمدى نۆۋەت مېنىڭكى... ئوغلۇم بار دېدىڭغۇ. ئۇنىمۇ باپلايمەن. بۇ قېتىم ئىشىم ئەپلەشسە بولاتتى...

**كىريوكوۋ:** بىزنىڭ قوشۇندا لىزا ئاتلىق چىرايلىق بىر قىز بار ئىدى. ئۇنىڭ پەملىسى سىنتىسىنا② ئىدى. ئۇمۇ ئاشۇ يىلى سىميونوۋكادا ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ مۇشۇنداق گۈزەلنىمۇ ئۆلتۈرۈشكەنمىدۇ؟

**ئېلىسېيېۋ:** ياق.

**كىريوكوۋ:** ئۇ تىرىكما؟ پاھ، ئۇ دائىم باتۇر ئىدى.

---

① بۇ يەردە ھاراق ئىچىپ چاتاق چىقارغان كىشىلەرنى ئاشپۇزۇلدىن چىقىرىۋېتىشكىلا مەسئۇل خىزمەتچى بولغانلىقى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

② سىنتىسىنا دېگەن ئىسىم سىنوچكا دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىك تورغاي مەنىسىدە.

**ئېلىسىيېۋ:** باتۇرلا ئەمەس، يۈرىگى بەك توم ئىكەن دېگەن تۈزۈك.

**كىريوكوۋ:** مەن تەربىيىلىگەن.

**ئېلىسىيېۋ:** سەن يېڭىلىشتىڭ.

**كىريوكوۋ:** نېمە؟

**ئېلىسىيېۋ:** ئۆز ۋاقتىدا باندىتلىرىڭنى قانداق بىلىۋالغىنىمىزنى بىلگۈڭ كېپكەتكەن ئەمەسمىدى؟

**كىريوكوۋ:** نېمە بولدى؟

**ئېلىسىيېۋ:** بۇ ئىشتا ھېلىقى لىزا بىزگە ياردەم قىلغان.

**كىريوكوۋ:** بىزنى ساتقان شۇمۇ؟

**ئېلىسىيېۋ:** بۇ ساتقۇنلۇق ئەمەس. ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئورۇندىدى، خالاس. ئۇ دېگەن ئىتتىپاق ئەزاسى تۇرسا...بىزنىڭ سىنوچكا...

**كىريوكوۋ:** "سىنوچكا" ئىمىش. ئەسلىدە ئىش مۇنداقكەن ـ دە. ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا مۇھەببىتىم كۈچلۈك ئىدى...مۇھەببەت مېنى بەك ئازاپلىغان ئىدى...قىسمىدا گېپى ئۆتىدىغان ئادەم ئىكەنلىگىمنى سىز بىلىسىز. ھەممىنى باشقۇراتتىم. ئەمما ئۇنىڭغا، لىزاغا قىلچە ئازار بەرگەن ئەمەسمەن...مەن ئەخمەق ئۇنى خوتۇن قىلىپ ئالماقچى ئىدىم. ئەلچى قويۇپ، رەسمىي نىكاھ قىلىپ ئالماقچى ئىدىم...ئۆمۈرلۈك خوتۇن قىلماقچى ئىدىم...سىزنىڭ ئائىلىڭىز بار، ئوغلىڭىزمۇ چوپ ـ چوڭلا بولۇپ كېتىپتۇ. لېكىن مەنچۇ؟ تېخىچىلا يالغۇز ئۆتۈۋاتىمەن. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنچە يىللاردىن بېرى لىزا كۆڭلۈمدە بولغىنى ئۈچۈن يالغۇز ئۆتۈپ كېلىۋاتسام كېرەك. بەلكىم مەن...لېكىن ئۇ، دىلبىرىم...ھەي...

www.uyghurkitap.com

سىز يالغان سۆزلەۋاتمايدىغانسىز؟ ئەما، يالغان سۆزلەشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ـ تە...شۇ چاغدا بىلىپ قالغان بولسام، ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم ئۇ قانجۇقنى.

**ئېلسىپيۇ:** بولدىلا، كىريوكوۋ.

**كىريوكوۋ:** هازىر ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام، ئۇنى ئەپۇ قىلمەن...ئەزبىرايى، جەزمەن ئەپۇ قىلىمەن، بىر كۆرسەملا بولاتتى.

**ئېلسىپيۇ:** ئەمدى ئۇنى كۆرەلمەيسەن. ھېچقاچان كۆرەلمەيسەن.

**كىريوكوۋ:** ئۇنداق ئەمەستۇ، سىرگېي پېتروۋىچ؟

**ئېلسىپيۇ:** ئۇ ئۆلۈپ كەتتى...25 ـ يىلى كۇبان دەرياسىدا...باي دىخان ئۆلتۈرۈۋەتكەن...

**كىريوكوۋ:** بۇ گەپچە، سىلەر ئوبدان مۇھاپىزەت قىلالماپسىلەر ـ دە.

**ئېلسىپيۇ:** ئوبدان مۇھاپىزەت قىلالماي قالدىم...

**كىريوكوۋ:** بۇنىڭدا سىزنىڭ نىمە ئىشىڭىز بار؟

**ئېلسىپيۇ:** لىزا...مېنىڭ خوتۇنۇم...

**كىريوكوۋ:** (ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ) ئەس...ئەسلى...ئەسلىدە سىزنىڭ ئوغلىڭىزنى لىزا تۇغۇپتىكەن ـ دە...

**ئېلسىپيۇ:** ئوغلۇم ئىككى يېشىدا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالدى.

**كىريوكوۋ:** (بوش ئاۋازدا) ھەممە...ھەممە...ھەممىنى ئوغرىلاپ بولدۇڭ، كومىسسار. ئۆيۈم...مۇھەببىتىم...رۇس...ھەممىنى، ماڭا ھېچنىمە قالدۇرمىدىڭ. سېنى نىمە قىلسام بولار؟ بۇ ئۆچۈمنى قانداق ئالسام بولار؟ سېنى نېمىسلارغا تاپشۇرۇپ بېرەيمۇ ـ يا؟ ياق...ئۆزەم، ئۆز قولۇم بىلەن جۆندىشىم كېرەك. ماۋۇ تاپانچىنى كۆردۇڭمۇ...مانا ھازىرلا مۇشۇ ئوقلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئاتىمەن...بىر تېلىنىمۇ ئېلىپ قالمايمەن.

**ئېلسىپيۋ:** ئۇق ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلىنىدۇ، كىريوكوۋ.
**كىريوكوۋ:** ئۇنىڭ بىلەن نىمە كارىم! جېنىمىنى تىكىپ قويدۇم! سېنىڭدىن ھېساب ئالىمەن. بۇنى ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇ دېيىش مۇمكىن. سېنىڭ قېنىڭ... ئىسسىق قېنىڭ...ھەممىنى تۆلەيدۇ. (تاپانچىنىڭ يەرگە چۈشكەن ئاۋازى) ياق. سېنى ئۆلتۈرسەم بولمايدۇ. يۇقۇرىدىن ئىجازەت يوق. سېنى ئۆلتۈرسەم، بۆكتۈرمە ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ...ھەي، ما تەلەيسىزلىكنى...
**ئېلسىپيۋ:** ئۇلار مېنى دارغا ئاسسا، سەن پۇخادىن چىقىسەن.
**كىريوكوۋ:** (توختۇۋېلىپ) بۇ گەپ ئورۇنلۇق. مەن زىيان تارتمايمەن... ھازىر مېنىڭ سىزگە ئىچىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، سېرگېي پېتروۋىچ. خىرىستىيان ئەقىدىسى بويىچە...ئوغلىڭىزغا دەيدىغان گېپىڭىز بارمۇ؟ خىزمەتتە بولۇشقا مەن تەييار.
**ئېلسىپيۋ:** ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشىڭ ناتايىن.
**كىريوكوۋ:** مەن سىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن دەپ ئويلىماپتىم، لېكىن ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئوغلىڭىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسامىمۇ ئەجەپ ئەمەس.
**ئېلسىپيۋ:** كۆرۈشۈش سەن ئۈچۈن كۆڭۈلسىزلىك بولىدۇ.
**كىريوكوۋ:** مېنى ھەممىشە مۇشۇنداق قورقىتىۋەرگىنىڭىز نىمىسى، سېرگېي پېتروۋىچ؟ (بىردىنلا) موسكۋا رادىئوسىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئاڭلىۋېلىشنى خالامسىز؟ ھە؟
**ئېلسىپيۋ:** چاقچاق قىلىۋاتامسەن نىمە؟
**كىريوكوۋ:** ياخشى نىيەت بىلەن شۇنداق دەۋاتىمەن، سېرگېي پېتروۋىچ...قېرىنداشلىرىمنىڭ نىملەرنى دەۋاتقانلىغىنى مېنىڭمۇ ئاڭلاپ باققۇم كەلدى...سىزنىڭ رادىئويۇڭىزنىڭ ئىشلەيدىغان

ۋاقتى كەلدى. چاتىغى يوقتۇ...ئالدىرىماڭ...ئالدىرىماي تۇرۇڭ...جىم تۇرۇپ ئاڭلاپ باقايلى...

[رادىئونى ئاچقان ئاۋاز، رادىئونى تەڭشىگەندىكى غىژ-غاژلار، نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ رادىئوسىنىڭ ئاۋازى ئۆينى بىردىنلا قاپلاپ كېتىدۇ.]

هەرقانچە قىلسامۇ موسكۋانى ئالالمايۋاتىدۇغۇ...ئاڭلاۋاتامسىز، سېرگېي پېتروۋىچ؟ بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە يەر شارىمىزدىكى قىزىقچىلىق نىمە دىگەن كۆپ؟ بىزنىڭ بۇ يەردە قىر-چاپ بولۇۋاتىدۇ، برازىلىيە قاتارلىق جايلاردا بولسا ئۇرۇشتىن ئەسەرمۇ يوق، قارىمامسىز بۇنى. ئۇ جايلاردا كىشلەر ئۆيلىرىدە ئەركىن-ئازادە كوفى ئىچىشىپ ئولتۇرىدۇ.

[بىردىنلا هەيۋەتلىك رۇس مۇزىكىسى ياڭرايدۇ.]

موسكۋادىن بېرىۋاتقانمىدۇ؟...مۇزىكا؟ ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئۇلار نىمىشقا مۇزىكا ئاڭلىتىدۇ؟

**ئېلىسېيېۋ:** موسكۋا مۇزىكا ئاڭلىتىۋاتقان ئىكەن، دىمەك، سىلەرنىڭ هالىڭلار خاراپ دىگەن سۆز.

**كىريوكوۋ:** (رادىئونى ئېتىۋېتىپ) هېلى تاپانچىنى تەگلىسەم، سېرگېي پېتروۋىچ، يۈزىڭىز تامدەك تاتىرىپ كەتتى. سىز راستلا ئۆلتۈرۈۋېتەرمىكىن دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

**ئېلىسېيېۋ:** ماڭا قارا، كىريوكوۋ، بۇنداق قىزىق سۆھبەتنى بولدى قىلساقچۇ. مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كەتتى.

**ئېلىسېيېۋ:** (مونولوگ) ۋاقىت بەك ئاز قالدى...بەك ئاز قالدى...بەك ئاز...پەردىنى تارتىپ قويۇشقا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ...دېرىزىدىن سەكرەش كېرەكمۇ؟ ئەينەكنى چېقىۋېتىش كېرەكمۇ؟ ۋاقىدىرايمۇ؟ بۇنداق قىلسام، كىريوكوۋ ئوق چىقىرىدۇ. بىر چامدام

مېڭىشقىمۇ ئۆلگۈرەلمەسمەنمۇ؟ مېنى باغلاپ ـ چىرماپ قويۇپ،... ئاغزىمغا بىرنەرسە كەپلەپ قويسا... قانداق قىلىمەن؟ ئۇنداقتا ئامالسىز قالىمەنغۇ... باشقا چارە تېپىلماسمۇ؟ ئوبدانراق چارە تېپىلماسمۇ؟...ياردەم كېلىپ قالغىچە كۆز ئاچقىلى بولماي ياتىمەن، سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەندەك تۇرىمەن. ئېھتىمال ھازىر ئادەمنىڭ ئۆزى ئۆلسىمۇ، مېڭىسى تىرىك بولىدىغاندۇ...ھېچ ئامال قىلغىلى بولماسمۇ؟ زادىلا ئامال يوقمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس! ئامال ـ چارە تاپقىلى بولىدۇ، تاپقىلى بولىدۇ، جەزمەن تاپقىلى بولىدۇ!

**كىرىيوكوۋ:** نېمە قىلغىنىڭلار بۇ؟ سىلەر خۇددى تۆمۈردىن سوقۇلغان ئادەملەردەك ئىش قىلىۋاتىسىلەر. سىزگە ھېچنېمە تەسىر قىلمايدىكەن...خەق سىزگە سەمىمىي ـ ساداقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقان، يىگىرمە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم سىزگە كۆڭلىدىكىنى دەۋاتقان بولسا كېرەك...

**ئېلىسىيېۋ:** خۇپسەنلىك قىلما، كىرىيوكوۋ.

**كىرىيوكوۋ:** قارىغىنا سېنى...سىلەرنىڭ ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىللىق، ھېسداشلىق، ئەمەلىي خىزمەتلىرىڭلاردىلا قالغان...شوئار، داغدۇغىلىق سۆز ـ ئىبارىلەردىن ئايرىلىپ تۇرۇپ مېنى چۈشىنەلەمسەن؟ ياق، چۈشىنەلمەيسەن.

**ئېلىسىيېۋ:** سېنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

**كىرىيوكوۋ:** ھە..."تەس ئەمەس"! سېنىڭ خەقنى چۈشىنىشىڭ تەس ئەمەسكەن! ئەلۋەتتە، سىلەر ھەممە نەرسىگە ماركا چاپلىۋالىسىلەر. ھەر بىر ئادەمگە بىر خىل بوياق بېرىسىلەر، بىراق سىلەردە بار ـ يوقى ئىككى خىللا بوياق، بىرى قىزىل، بىرى ئاق، بۇ گېپىمدە پۈتۈنلەي چاتاق يوق. بىراق، سىلەرنىڭ قىلغىڭلار

چىنلىقتا زىت. ئادەم دېگەن ھەر خىل بولىدۇ...سەن ماڭا ئىچكى ئۇرۇش ۋاقتىدىكى قاراش بىلەن قاراۋاتىسەن. ئەمما، كېيىن مېنىڭ ئەھۋالىم قانداق بولىدى؟ روسىيىنى دەپ كۆزلىرىمدىن ئاققان ياش قانچىلىك كېلەر؟ مەن بۇرۇنقىدەك...قىلالمايمەن...

**ئېلىسىيېۋ:** بەللى، بۇ گەپ جايىدا بولىدى. بۇرۇنقىدەك قىلىشقا بولمايدۇ. قولغا قىلىچ، تاپانچا ئېلىپ ھازىرمۇ بىز بىلەن ئېتىشالامسىلەر؟ قارىغىنا ئۇچاڭغا، فاشىستلارنىڭ كېيىمىنى كىيىۋالغىنىڭنى تېخى.

**كىريوكوۋ:** ئۇ چاغدا باشقا ئامالىم بولمىغان ئىدى، بىلەمسەن؟ مەن...ھەي...ئەمدى تۈگەشتىم...پۈتۈنلەي تۈگەشتىم!

**ئېلىسىيېۋ:** ئازراق چاي ئىچكىن، كىريوكوۋ. كۆڭلۈڭ بىرئاز تىنجىسا ئەجەب ئەمەس.

**كىريوكوۋ:** ھەي، كومىسسارەي، كومىسسار! ئەسلىدە مېنى قۇتقۇزۇپ قالىدىغۇ دەپ، ساڭا ئۈمىد باغلاپ تۇراتتىم. ئەمدى تۈگەشكەنىدەك تۇرىمەن.

**ئېلىسىيېۋ:** بىچارە بولۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟ ھېلىلا نېمىسلار ئۇنداق كۈچلۈك، مۇنداق قۇدرەتلىك، نېمىس قوشۇنى ۋولگا دەرياسىدا، دەپ پو ئېتىۋاتامتىڭ...ئەمدى تۈگەشتىم دەيسەنغۇ.

**كىريوكوۋ:** نېمە قىل دەيسەن مېنى؟ ئۇيلىرىڭنى دەرھال تولۇق ئېيتىپ بەر دېمەكچىمۇ؟ تۆمۈرمۇ يېگىرمە يىلدا داتلىشىدۇ. باياتىن سېنى قانداق قىلىدىكىن دەپ سىناپ باقتىم. سەن قېرىدىڭ... ئۆيۈڭمۇ بار، ئەملىڭمۇ بار...سىياسى كومىسسار ۋاقتىڭدىكى سەزگۈرلۈكۈڭمۇ تۈگىدى. ھەممىنى ئاشكارا قىلىپ قويسام، پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەتسەڭ، مېنى گېستاپوغا سېتىۋەتكەن

بولسەن ـ دە.

**ئېلسىپيۇ:** گېپىڭدىن قارىغاندا، مېنى سىناپ بوپسەن ـ دە؟

**كىريوكوۋ:** ھېلىلا ستالىنگراد توغرىسىدىق گەپ قىلىپ قالدىڭ... قۇلاق سېلىپ تۇر... (رادىئونى ئاچىدۇ. ماتەم مۇزىكىسى ئاڭلىنىدۇ) ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ بېرلىندىن بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ستالىنگرادتا پۈتۈنلەي تارمار بولدى. مارشالمۇ تەسلىم بولدى...گېرمانىيە بويىچە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش جاكالانغان... ئاڭلاۋاتامسەن؟

**ئېلسىپيۇ:** ئاڭلاۋاتىمەن.

**كىريوكوۋ:** بۇنىڭدىن كېيىن ئىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. نېمىس قاراقچىلىرى بېرلىنغا قەدەر قاچىدۇ. لېكىن مېنىڭ قاچقۇم يوق. گەپ شۇ. مەن قېچىپ ھاردىم.
(ئىنتايىن پەس ئاۋازدا) سېرگېي پېترووۋىچ، ئېيتىپ بېقىڭا... ئەگەر...مەن...ماڭا كەڭچىلىك قىلارمۇ؟

**ئېلسىپيۇ:** كەڭچىلىك؟

**كىريوكوۋ:** (چاپسانلا) ھەممە گۇنايىمنى ئىقرار قىلماقچىمەن، مېنى ئۆلتۈرمىسىلا بولاتتى...تىرىك قېلىپ گۇنايىمنى يۇياتتىم. گەپ قىلىڭا، مېنى نېمە ئىش قىل دېسە قىلىمەن.

**ئېلسىپيۇ:** سېنىڭ ماڭا بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشىڭگە ھاجىتىم چۈشمەيدۇ...

**كىريوكوۋ:** ئەمسە مېنى ئۆلتۈرۈۋەت...مە، ئۆزەڭ ئۆلتۈر...مەن ئۆلگەندىن كېيىن، سەن مېنى كەچۈرسەڭ بولغىنى. ئۇ چاغدىمۇ كەچۈرمەمسەن يە؟ گۇنايىمنى جېنىم بىلەن يۇسامىمۇ بولمامدا؟

**ئېلسىپيۇ:** قورقۇپ ھالىڭ قالمىدىغۇ، كىريوكوۋ.

**كىريوكوۋ:** شۇنداق! مەن قورقتۇم! قورقتۇم. ئۇشقۇلۇپ، مەن هازىر سىزنىڭ چاڭگىلىڭىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايمەن. يەنەگەمىگە يوشۇرۇنۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس! بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى... يەنە كېلىپ مەن هالسىزلىنىپ كەتتىم، سېرگېي پېترو-ۋىچ... مېنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويۇشقا ئۇنىسىڭىزلا بولاتتى، ئۇلار سىزگە ئىشىنىدۇ. ئالدىڭىزدا تىزلىنايمۇ يە؟

**ئېلىسېيېۋ:** راستلا ماڭا ياردەم قىلامسەن؟

**كىريوكوۋ:** نېمە قىل دېسىڭىز، شۇنى قىلىمەن. بۇيرۇق بېرىڭ. مانى سىزگە بېرەي، سىزگە بېرىۋېتەي، ماڭا تولۇق ئىشىنەمسىز نېمە... تاپانچامنى ئېلىپ كېتىڭ. مانا! مېنى ئېتىۋېتەمەن دېسىڭىزمۇ ئىختىيارىڭىز! قاچىمەن دېسىڭىز قېچىڭ... كېيىن مېنى ئۇنتۇپ قالمىسىڭىزلا بولىدۇ، سېرگېي پېترووۋىچ... سىزگە نېمە بولدى؟ ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ قورالىمنىمۇ بەردىمغۇ... ئارىسالدا بولماڭ، سېرگېي پېترووۋىچ.

**ئېلىسېيېۋ:** (مونولوگ) قولۇمدا تاپانچا بار. هازىر دالاندىكى ئىككى ئادەمگە تاقابىل تۇرالايمەن، هېچ بولمىغان چاغدا، ئوق چىقار-سامۇ بولىدۇ. ستېپان ئوق ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ... كىريوكوۋ زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟... ئەگەر ئۇ راستلا ھىلىگەرلىك قىلمىغان بول-سىچۇ؟ ئۇ ستالىنگرادتىكى ئۇرۇش ئەھۋالىنى يوشۇرمىدىغۇ... ستالىنگراد. يارايسەن، دېمىكا... كىريوكوۋغا ئىشىنىش مۇمكىنمۇ؟ ناۋادا...؟ ئۇ چاغدا ھېچبىر ئامال قالمايدۇ... دېمەك، چىقىش يولى بىرلا... پەقەت بىرلا...

**ئېلىسېيېۋ:** خوپ! دالانغا چىقىپ تۇرغىن. سەن نېمىسلار بىلەن

سۆزلىشۋاتقاندا... كىرىمەن. ھېلىقى ئىككى بەچچىخەرنى جىم-جىملا جۆندە.

**كىريوكوۋ:** چۈشەندىم ئاۋاز چىقىپ كەتسە، قانداق قىلىش كېرەك؟

**ئېلسىپېۋ:** تاپانچىدىن ئوق ئۈزگەچ مۇھاسىرىنى بۆسۈش كېرەك... ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەي ماڭغىن.

**كىريوكوۋ:** ئۇقتۇم.

**ئېلسىپېۋ:** (توختىۋېلىپ) قېنى، ماڭايلى.

**كىريوكوۋ:** بۇ...بۇنداقتا...

**ئېلسىپېۋ:** يەنە نىمە ئىش بار؟

**كىريوكوۋ:** قانداقمۇ ماڭغىلى بولسۇن. سائەت ئونغا يەتتە مىنۇت قالدى.

**ئېلسىپېۋ:** ئۇنداق بولسا نىمە بوپتۇ؟

**كىريوكوۋ:** ۋاقىت قىس. ئالىمادىس مەغلۇپ بولساقچۇ؟

**ئېلسىپېۋ:** بۇ قانداق گەپ؟

**كىريوكوۋ:** ھەي، سېرگېي پېتروۋىچ...يەنىلا ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىز. يان قورالىمنى بېرىۋەتسەممۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتىسىز. ستېپاننىڭ دەل سائەت ئوندا كېلىدىغانلىغى ماڭا مەلۇم. چىقىپ كېتەلمىسەك قانداق قىلىمىز؟ ئۇمۇ تۇگەشمەمدۇ؟

**ئېلسىپېۋ:** ستېپان كەلمەيدۇ.

**كىريوكوۋ:** نىمە؟ سىزنىڭچە...تۇرۇپ تۇرىمىز. دىمەك، بۇنداق ستېپان يوق ئىكەن-دە؟ تېلېگرافچىنىڭ ئېيتقانلىرى تامامەن قۇرۇق گەپ ئىكەن-دە؟

**ئېلسىپېۋ:** ياق. قۇرۇق گەپ ئەمەس.

**كىريوكوۋ:** ھېچنىمىنى چۈشىنەلمىدىم.

www.uyghurkitap.com

**ئېلسىپيۋ:** ھەممىسى چۈشىنىشلىك. ئۇ ئۆيدە بۆكتۈرمە بارلىغىنى بىلىۋالدۇ. بىز كېتىۋېرەيلى.

**كىريوكوۋ:** نىمە؟ ئۇنىڭغا بىركىم دەپ قويۇپتىما؟ راستىلا مەخپى بەلگە بارمۇ يە...

**ئېلسىپيۋ:** بىلسەڭمۇ پايدىسى يوق. خوپ، ساڭا دەپ بېرەي. دېرىزە پەردىسى ئېتىلمىگەن بولسا كىرمەسلىك مەخپى بەلگە قىلىنغان. ئەگەردە... ھوي نىمە قىلمەن دەيسەن؟ نىمە؟

**كىريوكوۋ:** ئەمدى بولدى، سېرگېي پېتروۋىچ. پەردىنى ئېتىپ قويدۇم... شامال سالقىن ئىكەن.

**ئېلسىپيۋ:** پەردىنى ئېچىۋەت، كىريوكوۋ! بولمىسا جېنىڭنى ئالىمەن!

**كىريوكوۋ:** (كۈلۈپ) ھا، ھا، سىياسى كومىسسار، ھازىر سەن مېنى ئۆلۈم گىرۋىگىگە ئاپىرىپ قويدۇڭ.

**ئېلسىپيۋ:** ھە، مۇنداق دە...

[تەپكە شاراقلايدۇ.]

**كىريوكوۋ:** مەن تېخى تىرىك! قانداق، تاپانچا بۇزۇقمىكەن؟... دۇرۇس، ئوقلانمىغان ئەمەسمۇ. ئۆلتۈر! چاققان ئۆلتۈر، سېرگېي پېتروۋىچ... كېيىنكى ئىشلار بىلەن سېنىڭ كارىڭ بولمىسۇن! شۇنداق... مېنىڭچە، سەن يارايدىكەنسەن! شۇغىنىسى، سەن بىلەن داۋاملىق چاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق. يولداش ستېپاننىڭ ئالدىغا چىقىدىغان گەپ! (كۈلۈپ) قانداق ئۇقتۇرغاندۇ دىسەم، گەپ دېرىزە پەردىسىدە ئىكەن ئەمەسمۇ. پەردىنى ئېچىۋەتسە، مېھمان كىرمەيدىكەن. پەردىنى ئېتىۋەتسە، مېھمان كىرىدىكەن... پەردىنى ئېتىۋەتتۇق.

**ئېلسىپىۋ:** ئەجەپ رەزىل نىمىكەنسەن، كىرىيوكوۋ. پەس، رەزىل!

**كىرىيوكوۋ:** ئاچچىغلىنىۋاتامسىز؟ ئاچچىغىڭىز كەپتۇ-دە، سېرگېي پېتروۋىچ! بەللى، ياخشى بولدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئالدام خالتىغا چۈشۈش بەك سەت ئەمەسمۇ.

**ئېلسىپىۋ:** بۇ بەك قاباھەتلىك بولدى!

**كىرىيوكوۋ:** ئۆزىڭىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز ياخشى بولدى. سىز بەك ئىشەنگەك بولۇپ قاپسىز.

**ئېلسىپىۋ:** سەن بىر غالجىر ئىت ئىكەنسەن! چايان ئىكەنسەن، كىرىيوكوۋ.

**كىرىيوكوۋ:** ماۋۇ كىم دەپ باقمايلا ئىشىنىپ كەتتىڭىز! ئويلاپ كۆرۈڭ، سىزدىن كەچۈرۈم سوراپ نىمە قىلاتتىم؟ ئۆزىڭىزنى ئەقىللىق ھېسابلاپ كېتىپسىز. تەشۋىقاتىڭىزنىڭ ئوبيېكتىغا قاراپ باقمايلا قىلغان ئىشىڭىزنى قاراڭ. مەن سىزدىن نەپرەتلىنىمەن،...ھەممەڭلاردىن نەپرەتلىنىمەن، مېنىڭ غەزەپ-نەپرىتىم ھەممىدىن كۈچلۈك! سىلەرزە ئۆزەڭلارنى روسىيىنىڭ خوجايىنى بولدۇق دەپ ھېسابلامسىلەر، بىزنى يەڭگىنىڭلاردىن كېيىن تەبىئىي ھالدىلا روسىيىنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالامسىلەر؟ ھىم، قانداق ئادەملەر سىلەر؟ سىلەر دىگەن دىۋانە، كونا تامىنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيدىغان ئاجىز بىچارىلەر! تېخى ھالىڭلارغا باقماي بىز بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرمەكچىمۇ! مىڭ يىللاردىن بېرى سىلەر بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىزنىڭ چاڭگىلىمىزدىن چىقىپ كېتەلمەيسىلەر.

**ئېلسىپىۋ:** ستالىنگرادچۇ؟ ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ، كىرىيوكوۋ؟

**كىرىيوكوۋ:** مېنى دارغا ئېسىشقا ئۆلگۈرەلمىدىڭغۇ دەپ ئويلاۋاتامـ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم تور بېكىتى

سەن؟ ئۇلگۇرىمىز. سەن، يولداش ستېپان، يەنە خۇش ئادەم بار. ھەممىڭگە نۆۋەتتى كېلىدۇ. ساڭا خوشال بولىدىغان ئىش يوق.

**ئېلىسېيېۋ:** مېنىڭ ئوغلۇم بار، كىريوكوۋ. ئۇ سېنى بوش قويمايدۇ.

**كىريوكوۋ:** ھازىر خوشال بولىدىغانلار بىز، نۆۋەت بىزنىڭكى!

[كاككۇك سائەت ئون قېتىم سايرايدۇ.

بولدى! ئىش پۈتتى، سېرگېي پېتروۋىچ! ئەمدى ئاغىنىڭىز بىلەن كۆرۈشىسىز. (توختىۋېلىپ) سىزنى تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ئادەم دېسە بولىدۇ. ھەرجەھەتتىن ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك بولغان. سىزنىڭمۇ تېنى موللاق چۈشىدىغان ۋاقتىڭىز بار ئىكەن ـ ھە. ئوغلۇم ئىنتىقام ئېلىپ بېرىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتۈپ تۇرامسىز؟ ئۇخلاپ چۈشىڭىز!...سېرگېي پېتروۋىچ!...ئوغلىڭىز سىزنى قاغايدۇ، سىزگە لەنەت ئوقۇيدۇ. ئېتىڭىزنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. دادىسى خائىن تۇرسا، ياشاشقا نومۇس قىلىدۇ ـ دە! سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟ ئۇلار دېرىزە پەردىسى ۋەقەسىنى كېيىن مۇلاھىزە قىلىشقاندا، بىزنى ئېلىسېيېۋ سېتىپتۇ، ئۇنىڭدىن باشقا كىم بولاتتى؟ دىگەن خۇلاسىغا كېلىدۇ. سىزچۇ، سېرگېي پېتروۋىچ، ئۆزىڭىزنى ئاقلىماقچى بولسىڭىزمۇ زادىلا مۇمكىن بولمايدۇ.

**ئېلىسېيېۋ:** شۇنداق، بورىس نىلوۋىچ، سەن ھەممىنى ئويلاپ قويۇپسەن...ئوغلۇمنىمۇ ئېسىڭدىن چىقارماپسەن. ئەقلىڭ بار نىمە جۇمۇ سەن، كىريوكوۋ!. قالمىتىس نىمە ـ دە! (بوش كۈلىدۇ)

**كىريوكوۋ:** نىمە بولدى؟ ئالجىپ... قالدىڭمۇ نىمە؟

[ئېلىسېيېۋ يەنە كۈلىدۇ.

كۈلمە! نىمە بولدى؟

[ئېلىسىيېۋ يەنە كۈلىدۇ. بىردىنلا سانەتىنىڭ چىك - چاك قىلغان ئاۋازى ئېنىق بولۇپ كەتكەندەك بولۇپ، بىردەمدىلا ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىتتىك يۈگۈرگەن ئاياق تىۋىشى. ئارقىدىنلا دېرىزە پەردىسى يىرتىلغان ئاۋاز كېلىدۇ.

**ئېلىسىيېۋ:** كېچىكتىڭ، كىريوكوۋ! كېچىكىپ قالدىڭ. پەردىنى يىرتقان بىلەنمۇ بەرىبىر. ستېپان كېلەلمەيدۇ. بۆكتۈرمە قويغىنىڭ بىكار...

**كىريوكوۋ:** (بەك بوش ئاۋازدا) مەن نىمە بولدۇم؟...نىمە قىلىق بۇ؟ قاراپ تۇرۇپ ئۆز قولۇم بىلەن...بۇ مۇمكىن ئەمەس...

**ئېلىسىيېۋ:** باشلىغىڭ بەك تەرسا ئادەم. ئەمدى مەن ساڭا ھەۋەس قىلمايمەن.

**كىريوكوۋ:** ھەر ھالدا مېنىڭ گېپىمگە ئىشەندىڭ ئەمەسمۇ. ھەتتا ئوق چىقارماقچىمۇ بولدۇڭ...دېمەك، ئىشەندىڭ!

**ئېلىسىيېۋ:** ئادەمگە ئىشىنىشكىمۇ، ئادەمنى كەچۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، سەن دېگەن فاشىست تۇرساڭ.

**كىريوكوۋ:** (غەزەپ بىلەن) ھېچقىسى يوق، كومىسسار! ھېچ گەپ ئەمەس! بىرى كېتىپ قالسا ھېچ ۋەقەسى يوق، سەن تېخى بىزنىڭ قولىمىزدا. ئۆزەم سوراق قىلىمەن...ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ سېنى ئىقرار قىلدۇرىمىز.

**ئېلىسىيېۋ:** سەندىن يەنە بىر سەۋەنلىك ئۆتتى. دېرىزە تەرەپكە بەك ئىتتىك ماڭىمەن دەپ تاپانچىڭنى خاتا ئېلىپ قويدۇڭ. قارا، ئوقلانغىنى مانا ماۋۇ.

**كىريوكوۋ:** مەلئۇن...

**ئېلىسىيېۋ:** ۋاقىرىما!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

**كىريوكوۋ:** نېمە قىلماقچىسىز، سېرگېي پېتروۋىچ؟ نېمە قىلماقچىسىز؟ سىز...ئۇنداق قىلماڭ...ئۇنداق قىلماڭ...

**ئېلىسىيېۋ:** بۇرۇنلا ئۇق يېيىشىڭ كېرەك ئىدى، كىريوكوۋ. بىراق ئەھۋالدىن قارىغاندا، كېلەر قېتىمدا بىرگەپ بولىدىغاندەك... ئەجەب جىمجىتلىق بوپ كەتتىغۇ. قېنى، ماڭايلى.

**كىريوكوۋ:** خوپ.

**ئېلىسىيېۋ:** ۋاقىرىساڭ...

**كىريوكوۋ:** ۋاقىرىمايمەن.

**ئېلىسىيېۋ:** ۋاقىرىساڭ ئېتىپ تاشلايمەن. دالاندىكى ئىككىسىمۇ تىكىۋەتتىمۇ؟

**كىريوكوۋ:** ھەئە.

**ئېلىسىيېۋ:** ئارقامدىن موتوتسىكىلىت تەرەپكە ماڭ! ئۇقتۇڭمۇ؟ ئالدىڭغا ئۇدۇل ماڭ...ئۇنىڭ ئۇستىگە...

[ماشىنىلارنىڭ يېقىنلاپ كەلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

**كىريوكوۋ:** ئەمدى ئۇلگۇرەلمەيمىز...باشلىق ئۆزى كېلىپ قالدى. چىقىپ كەتكىلى بولمايدۇ.

**ئېلىسىيېۋ:** سەل كېيىن قالدۇق. مەيلى، شاھشىياۋ بىرۇخ بىلەن تونۇشۇپ قويۇشقا توغرا كېپقالدى. مۇشۇنداق بولۇشىنى ئۇزاقتىن بېرى كۇتۇپ تۇراتتۇق...

**كىريوكوۋ:** (مونولوگ) تۇگىدىم...تۇگەشتىم. ھاياتلىق يولى قالمىدى...راستىلا نىجات يولى تۇگىدىمۇ؟ بەرىبىر ئۇ ھالاكەتكە مەھكۇم بولدى، بىرنەچچە كىشى بىلەن بىللە كەتسەم دەپ ئويلايدۇ، ئەلۋەتتە. قانداق قىلىش كېرەك؟ قانداق قىلغان ياخشى؟ ھەممىنى ئۆزەمدىن...ئۆزەمدىن كۆرىمەن...قولۇمغا كەلگەن

نەرسنى قاچۇرۇپ قويدۇم. جېنىم ئامان قالسىمۇ...ياق، ئۇلار بۇ ئىشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ، مېنى بوش قويمايدۇ. بىرۇخنى قۇتقۇزايمۇ؟ قۇتقۇزاي. ئۇنىڭغا خەۋەر قىلسام بولاتتى. مۇشۇنداق قىلسام گۇنايىمنى يۇغان بولاتتىم. ماڭا ھاياتلىق يولى ئېچىلاتتى...مەن ياشىشىم...نەپەس ئېلىشىم كېرەك! تەۋەككۇل دەپ ئىشنى باشلاي، يا نەتىجە قازىنارمەن، يا مەغلۇپ بولارمەن،

**كىريوكوۋ:** (ۋاقىرايدۇ) كىرمە!...توختا!

[ئوق ئاۋازى.

تەگدى، ھۇ ئەبلەخ، تەگدى، مەن ئوقتىن ئۆزەمنى دالدىغا ئالالمىدىم. ماڭا ياردەم قىلغىن، ياردەم قولۇڭنى سۇنغىن. كۆزۈمگە ھېچنىمە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ...ھوي، بۇ سەنمۇ، داۋېي؟ سەنمۇ، ۋىتكا؟ بىخەستەلىگىمدىن قىزىل پاچاق ئۇنسۇرنى قاچۇرۇپ قويدۇم...تېز بول...تېز، بۇرا — دەرلەر...نەگە بارىسىلەر؟ دېمىم سىقىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ماڭا ياردەم قولۇڭلارنى ئىتتىك سۇنۇڭلار!... كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ كەتتى...نىمە تاپشۇرۇغىڭىز بار، ئەپەندى؟ توختا. خوپ...جۇۋا...كەچۈرۈڭ...شۇنداق...قاچان كەلىسىز...كېلىڭ...پۇلچۇ؟ پۇل نەدە؟ مەن ئىشەنگۈسىز بولۇپ قالدىم.

[ۋاقىرىغان ئاۋازلار. نېمىسچە سۆزلىشىشلەر. ئاپتوماتىك پىلموتىنىڭ تاتاتلىشى. ئەينەك سۇنغان ئاۋاز.

**ئېلسىپىۋ:** (مونولوگ) كىريوكوۋ بۇ ئوقنى ئۆزى تىلەپ يىدى. (ئوق ئاۋازى) ياق، بۇ ئۇزاق ھايال بولىدىغان يەر ئەمەس...... (ئوق ئاۋازى) ئوبدان بولدى،... تەخىر قىلىپ تۇرغىنىم بىكارغا كەتمىدى...بىكارغا كەتمىدى...ئەمما شاگشياۋچۇ؟ ئۇمۇ مەشەددى-

ىمدۇ؟ (ئوق ئاۋازى) بۇ بىر پاي ئوق كوليا ئۇچۇن! ستىپپان كەتتى
ئۇ كەتتى، بۇ ئاساسلىق تەرەپ... گىرانات بولسىچۇ كاشىكى...
يېقىنراق كەلسۇن... بىرۇخ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟... خەقنىڭ كەينىگە
ئۆتۈۋالغان بولمىسۇن يەنە؟ مەن...

[قاتتىق ئېتىلغان ئوق ئاۋازى.

كۆكرەككە تەككەندەك قىلدى. مەيلىلا... مېنى تىرىك تۇتۇۋا-
لالمىدى... تۇتۇۋالالمىدى. ياق... بىر پاي ئوق قالدى. ئىسراپ
بولۇپ كەتمىسۇن... هوي، قولۇمنى كۆتىرەلمەيۋاتىمەنغۇ؟ ئۇلار
مېنى ئۆلدى دەپ بېشىنى كۆتەردى... شاڭشياۋمۇ كەلدى. مەندە
يەنە بىر پاي ئوق بار. ۋاي ئىستەي. جىمى مادارىمنى...
يىغىپ... مانا ساڭا، شاڭشياۋ. (ئوق ئاۋازى) سەن لىزامۇ-
سەن؟ كۆزۈڭنى ئاچمىغىن. ئاچما. ئۇخلىغىن... ئەمدى نۆۋەت
مېنىڭ. ئاڭلىدىڭمۇ، لىزا؟

[يىراقتىن يېقىملىق كاناي ئاۋازى كېلىدۇ.

نىمە بولدۇڭ، ئەزىزىم؟... ئەجىبا... يىغلىما. مەن يېنىپ
كېلىمەن. جەزمەن كېلىمەن. ئوغلۇڭ بىلەن خوشلاشـ
قىن... مەن ماڭاي... ئازراق تۇرسامىمۇ بولمايدۇ. بۇرادەرلىرىم
ماڭا قاراپ قالدى... مەن كەتتىم، كەتتىم... مەن كەتتىم!

[كاناي يۇقۇرى ئاۋازدا بىرلا چېلىنىپ شاپپىدە توختاپ قالىدۇ.

(«هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 4 ـ سانىدىن)

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللا ئابانىز**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: رەقىپ ۋاھابى**

# ئىككى ئەۋلاتنىڭ مۇھەببىتى

## ل. كوكونن

ۋالېنتىنا خاپا بولغان بولۇۋېلىپ ۋاسىلىنى ئىتتىرىۋەتتى، بىراق، بىرئازدىن كېيىن قامەتلىك ۋاسىلىنى قۇچاقلىۋېلىپ، ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمىدى، ۋالېنتىنا ئۆزىمۇ نەپەس ئالالمىغاندا ئاندىن قولىنى بوشاتتى ـ دە، بەختلىك هالدا ۋاسىلىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، بوشقىنا:

ــ بۇركۇتۇم، مېنى تۇنجۇقتۇرۇپ قويغىلى تاس قالدىڭغۇ. مېنى ئاسرايمەن دېمىگەنمىدىڭ، ...... ئەزىزىم ۋاشا①...، ــ دېدى.

هاۋانى سېرىنگۇلنىڭ قويۇق خۇش پۇرىغى قاپلىغان ئىدى. تاڭ ئاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ چىللاشقان خورازلار سەھەر جىمـ جىتلىقىنى بۇزۇپ بىردەم چىللاشقاندىن كېيىن توختاپ قېلىشتى. بىر بۇلبۇل گويا چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك يېقىملىق سايراپ قويدى.

ــ قۇلاق سالغىنا ۋاشا، ئاڭلاۋاتامسەن؟ كىتاپلاردا دائىم بۇلبۇلـ لار تەسۋىرلىنىدۇ، بىزنىڭ بۇ يەرمۇ باشقا يەرلەر بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟

تاڭ ئېتىپ دەريادىكى سۇ يۈزى بىردىنلا ئاق رەڭگە كىردى، توپ ـ توپ مانان نېرىقى قىرغاقىقا كۆچۈپ باراتتى، بىر قاراشقىلا

---

① ۋاشا ــ ۋاسىلىنىڭ ئەركىلەتمە ۋە كىچىك ئىسمى.

www.uyghurkitap.com

ئېرىقى قىرغاق سۇتتەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

— ۋالىيا① ئاڭلاشنى خالامسەن؟ مېنىڭ جاۋاۋىمنى كۇتۇۋاتامسەن؟ ئەزىزىم ۋالىيا...

ۋاسلى ۋالىيانىڭ ئىسمىنى ئاستا پىچىرلاپ، ئۇنىڭ لەۋلىرىگە، يۈز-كۆزلىرىگە چوكۇلدىتىپ سۆيۈپ كەتتى.

— ۋالىيا، سەن بەختكە ئىشىنەمسەن؟ مەن ئىشىنىمەن...... ئىككىمىزنىڭ... — ۋالىيا دۈم كۆمتۈرۈكلۈك قېيىقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ۋاسلىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتەتتى، ئۇماق، مۇلايىم ۋالىيا ئۇنىڭغا گويا كىچىك بالىدەك ئىشىنەتتى. ئۇنىڭ نىمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ۋالىيا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بۇ كىشىسىنىڭ ھەرقانداق گېپىنى ئاڭلاشقا رازى ئىدى.

ۋاسلى ئۈچۈنمۇ ۋالىيا ئەڭ يېقىن ئىدى. بۇنداق بەختنى ۋاسلى ھازىرقى مۇشۇ خۇشاللىقتىن ھاياجانلانغان پەيتتىلا ھېس قىلىۋاتقىنى يوق. ئۇلار 8-سىنىپتىكى ۋاقتىدىلا تونۇشقان بولۇپ، 9-سىنىپتا دوست بولۇپ قالدى، 10-سىنىپقا چىققاندا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ كەتتى. زادى قاچاندىن تارتىپ دوستلۇغىنىڭ بۇنداق چوڭقۇر ھېسسىياتقا كۆچكەنلىگىنى ۋاسلى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇلار ئەزەلدىن مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشىپ باققان ئەمەس، ھەتتا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن كەچكى كۆڭۈل ئېچىش — ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز چاغدىن كېيىنمۇ ھېچنىمە دېيىشمىگەن ئىدى...

---

① ۋالىيا — ۋالېنتىنانىڭ ئەركىلەتمە ۋە كىچىك ئىسمى.

ئۇ كۈنى ئىككىسى قاشانىڭ يېنىدا ئۇزاق تۇرۇشتى، ئۇلار ئەتە يەنە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلىشىپ، قول ئېلىشىپ خوشلاشقان چاغدا، ۋاسلى ئۇشتۇمتۇت ۋالىيانىڭ ئوتتەك قولىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئۇزۇنغىچە قويۇپ بەرمەي، كۈتۈلمىگەندە كۈچەپ بىر سىققان ئىدى، ۋالىيا "ۋاي" دەۋەتتى-دە، ئۇنىڭغا كۆزىنى دەرھال ئوقتەك تىكتى. ۋاسلى ۋالىيانىڭ قولىنى ئاغرىتىپ قويغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق قولىنى قويۇپ بەرمەي، ۋالىيانى ئىتتىك قۇچاقلاپ، يۈزىگە بىرنى سۆيۈۋالدى.

بۇ سۆيۈش ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلا ئىككى باسقۇچقا ئايرىۋەتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن، ۋاسلى دائىم ۋالىيانىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، قانغىچە چاقچاقلىشىپ كېلەتتى. ئەمدىلىكتە ۋاسلىنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل ئالاقزادىلىك خاتىرجەمسىزلەندۈرمەكتە ئىدى. بۇ ھېسسىيات ئۇلارنى خوشالمۇ قىلاتتى، پەرىشانمۇ قىلاتتى. سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتتىنى سەزمەسلىكىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، باشقىلارنىڭ بۇ ئىككىسىنىڭ ئەندىشىسىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشىدىنمۇ ساقلىنىش تەس ئىدى. شۇ قېتىمقى سۆيۈشۈشتىن كېيىن، ئۇلار باشقىلاردىن ئۆزلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يوشۇرۇشقا تىرىشسىمۇ، چاندۇرۇپ قوياتتى.

بىر كۈنى، تەنەپپۇستىن كېيىن ئىككىسى سىنىپقا كىردى، دەسلەپتە دوسكىدىكى خەتنى بايقىمىدى. مۇئەللىم دىجورنىنى دوسكا ئۆچۈرۈشكە چاقىرغاندا، ژىنكا ئىسىملىك ئوغۇل ئوقۇغۇچى قەستەن گېلىنى قىرىپ قويدى، ئەمما پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئۈندەپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭغا بىرسىمۇ قوشۇلمىدى. ئەسلىدە دوسكىغا

يوغان قىلىپ: ۋاشا+ۋاليا=بولغۇسى ئېرى+بولغۇسى ئايالى، دەپ يېزىلغان ئىدى.

ۋاليانىڭ ھۆكرەپ يىغلىۋەتكۈسى كەلدى، ئۇ جوزىغا بېشىنى قويۇۋېلىپ، بىكارلا بىر سائەت ئولتۇردى. ۋاسلىنىڭ قۇلىغىمۇ مۇئەللىمنىڭ سۆزى كىرمىدى. دەرستىن چۈشۈشكە قوڭغۇراق چېلىندى، ساۋاقداشلار كىتاپ-سومكىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتىدىغان چاغدا، ۋاسلى ژىنكانىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مۇشتۇمنى كۈچ بىلەن ئۇنىڭ مۇرىسىگە تىرەپ تۇرۇپ:

— سەن يازدىڭمۇ؟ — دېدى.

ژىنكا ئەسلىدە چاخچاق بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتمەكچى ئىدى، ئەمما مۇرىسىنى بۇنداق چىڭ بېسىۋالغان مۇشتنىڭ بېسىمىدىن ھەرنىمە قىلىپمۇ قۇتۇلالمىدى.

— ئۇنى يەنە بوزەك ئېتىدىكەنسەن، — دېدى ۋاسلى بېشى بىلەن ۋاليانى كۆرسىتىپ، — سىنىپتىكى ھەممە بالىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنىڭ بىلەن، — ئۇ مۇشتۇمنى ژىنكانىڭ دولىسىدىن ئاجرىتىپ، بۇرنىغا تەڭلىدى، — مۇشۇنىڭ بىلەن... دەل مۇشۇ يەرگە... ئۇقتۇڭمۇ؟

شۇنىڭدىن باشلاپ، سىنىپتا بىرەرسىمۇ ئۇ ئىككىسىگە چاخچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارمۇ كۆپچىلىكتىن قېچىپ يۈرمەيدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كۆپ يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قېلىشى قىزىق ئىدى. سۆيۈشۈشتىن كېيىن ھاياتتا پەقەت بىر قېتىملا پەيدا بولىدىغان بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان خۇشاللىقى ئۇلارنىڭ ئازاپ ۋە قايغۇسىنى بېسىپ چۈشەتتى...

تۇمان ئاستا-ئاستا تاراپ كەتتى، دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىدىن

كۆرۈنگەن قۇياش نۇرى پار كۆتىرىلىپ تۇرغان دەريا يۈزىدە جىلۋىلىنەتتى. ئۇلار تاڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ، ۋاقتىنىڭ تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىگىنى تۇيمايلا قېلىشتى، ئەتراپىدىكى نەرسىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇلار باياتىنقى ئىشتىن چۆچۈشۈپ، ئىزا تارتىشىپ كەتتى. ئەگەر مۇشۇ چاغدا بىرەرسى ۋاسىلىنى: قولۇڭدىن كەلمىسىمۇ، ۋالىيا ئۈچۈن بىر ئىش قىل، دەپ بۇيرۇغان بولسا ئىدى، ئۇ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن، ھاياتى بىلەن ھېسابلاشماي، ئوت كەلسە ئوتقا، سۇ كەلسە سۇغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى. بىراق ۋالىيا ئۇنىڭغا ھېچقانداق تەلەپ قويمىدى.

بازار ئويغاندى. ۋاسىلىنىڭ خوشىنىسى مىشا تاغا قارماق ۋە چېلەكنى كۆتىرىپ ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، بىرنىمە دەيدىغاندەك قەدىمىنى ئاستىلاتتى، بىراق بىرنى يۆتىلىپ قويۇپ، ئارقىسىغىمۇ قارىماي، دوقمۇشتىن قايرىلىپلا كېتىپ قالدى. ۋالىيانىڭ بېشىغا بانتىلىۋالغان توم قوڭۇر چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، مۇرىسىگە يېيىلغان ئىدى، ۋاسىلى كېلەڭسىزلىك بىلەن تارايتتى، لېكىن چاچ ئۇنىڭغا بوي سۇنمايتتى. ۋالىيا ۋاسىلىنىڭ قولىنى يەڭگىل ئىتتىرىۋېتىپ، چېچىنى ئۆزى تاراپ ئۆرۈشكە باشلىدى. تۇساتتىن ۋالىيانىڭ يىغلاۋاتقانلىغىنى كۆرۈپ قالغان ۋاسىلى چۆچۈپ كەتتى ۋە ئىتتىك ۋالىيانى قۇچاقلاپ سورىدى:

— ماڭا ئىشىنەمسەن؟ بەختلىك بولىدىغانلىغىمىزغا ئىشىنەمسەن؟

ئارقىدىنلا ئۇ ۋالىيانىڭ كۆز يېشىنى ئاغزى بىلەن شورىۋېتىپ، جاۋاپ كۈتتى. ۋالىيا كىرپىكىنى قېقىپ قويۇپ، كۆزىنى ئاستا ئېچىپ، دىدى:

— ئىشىنىمەن، سەن بولساڭلا مەن بەختلىك، ئىنتايىن بەختلىك.

مۇشۇ مىنۇتتا دۇنيادا ۋاسىلىدىنمۇ بەختلىك كىشى يوق ئىدى.

توي ئويۇن-چاخچاقلار بىلەن ناھايىتى قىزىپ كەتتى. مېھمانلار: "گوركا، گوركا!" دەپ ۋاقىرىشاتتى، يىگىت ئورنىدىن تارتىنىپ تۇرۇپ، قىزنىڭ يۈزىنى ئۆزى تەرەپكە ئۆرۈشنى كۈتەتتى.

ئەينى يىللاردىكى ۋاليا، بۈگۈنكى ۋالېنتىنا پېتروۋنا — توختىماي كۆز يېشىنى سۈرتەتتى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ كۆزى ۋاسىلى مىخايلوۋىچ — ئەينى يىللاردىكى يىگىتى ۋاسىلى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، ۋاسىلىغا كۆزىگە ياش ئېلىپ قارايتتى. بۇ نۇرلۇق، تا بۈگۈنگىچە تېخى گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان كۆزلەردىن بىلىنىۋاتقىنى يالغۇز خۇشاللىقلا ئەمەس ئىدى. بىراق ۋاليانىڭ كۆز يېشىدىكى چوڭقۇر مەنىنى پەقەت ۋاسىلى ۋە سورۇندىكى يەنە بىر كىشى چۈشىنەتتى. كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە بۇ كېلىننىڭ نېمىگە يىغلايدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

بۇ تويدا ۋالېنتىنا بىلەن ۋاسىلى ئاساسلىق شەخسلەردىن بولسىمۇ، بىراق ئەڭ ئاساسلىقلار ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بېشى ئىيۇن ئايلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى ھېلىقى دەريا بويىدا قوشۇلغان، شۇغىنىسى بۇ ئىشنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ۋە ئۇلارغا بىر كېچە سايراپ نەغمە قىلىپ بەرگەن بۇلبۇلدىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايتتى.

بۈگۈن ۋاسىلى — ۋاسىلى مىخايلوۋىچ قىزى ۋاليانى ياتلىق قىلدى، ۋاليا-ۋالېنتىنا پېتروۋنا ئوغلىنى ئۆيلىدى. ۋاليا ئېرى ۋاسىلىغا ئەستىلىك بولسۇن ئۈچۈن، كىچىك ئوغلىغا ۋاسىلى دەپ ئىسىم قويغان ئىدى.

ۋالېنتىنانىڭ تۇنجى ئوغلى ۋالېرى (ۋالېركا) 1942-يىلى



www.uyghurkitap.com

باھاردا تۇغۇلغان ئىدى. دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا، ۋالە-
يانىڭ ئالدىغا ھېچكىم بارمىدى. ئۇنى كۈتۈۋالغىنى ۋاسىلى ۋاپات
بولدى دىگەن قورقۇنچلۇق خەۋەر بولدى. ۋالىيا ئۆلۈم قەغىزىگە
ئىشەنمەي، بىرەر مۆجىزىنىڭ بولۇشىغا تەلمۈرگەندەك ئالتە يىل
كۈتتى. بىراق مۆجىزە كۆرۈلمىدى. ئىلگىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى
دىگەن كىشىلەر تىرىك قايتىپ كەلدى؛ ئىز-دېرىكى بولمىغانلارمۇ
قايتىپ كەلدى، ھەتتا نوپۇس دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈلگەن، تەلەيلىك
بولۇپ يارالغانلارمۇ ھايات قايتىپ كەلدى.

1947-يىلى، ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئاچارچىلىق بولغان يىلى،
ۋالېنتىنا كۈتۈۋېرىپ ئۈمىدىنى ئۈزدى-دە، ئاخىر ياخشى نىيەتلىك
بىر ئەرنىڭ تەلىۋىگە قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭغا ياتلىق بولدى. بۇ
ئادەمنىڭ تەقدىرىمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئوخشاشمايدىغىنى،
بۇ كىشى ئۇرۇشتا جىسمانىي جەھەتتىن مەجرۇھ بولغان بولسا، ۋالىيا
روھىي جەھەتتىن يارىلانغان ئىدى. ئۆزى ۋە ھېلىقى كىشىگە ئىچ
ئاغرىتىپ، ۋالىيا بۇ توي ئىشىغا قوشۇلدى. 1947-يىلنىڭ ئاخىرىدا،
ۋاسىلى ئەسىرگە چۈشكەن دىگەن گەپ قايتا تەكشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ
نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئۇرۇش باشلانغان دەسلەپكى ئايلاردا
ئېرىشكەن ئىككى ئوردېنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئۇ پاگونسىز ھەربى
پەلتو، قىزىل يۇلتۇزى ئېلىۋېتىلگەن شەپكە كىيىپ، ئۆشىنىسىگە
قۇرۇق خالتا ئارتىپ، غىپپىدىلا قايتىپ كەلدى.

ۋاسىلىنىڭ ئانىسى ئۇ كېلىشتىن يېرىم يىل ئىلگىرى ئالەمدىن
ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى. ۋاسىلىنىڭ ئانىسى
ھايات ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىنى تۇققانلىرىنىڭ ئىگەللىۋالغانلىغىنى
ۋاسىلىغا ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. شۇڭا ۋاسىلىنىڭ تۇققانلىرى ئۆي

www.uyghurkitap.com

ئىگىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىگىنى كۆرۈپ، ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ، ھودۇقۇپ كېتىشتى. ۋالىيانىڭ ياتلىق بولۇۋالغانلىغىنى، تېخى پات يېقىندا ئىككىنچى بالىسىنى تۇغىدىغانلىغىنى ۋاسىلىغا شۇلار ئېيتىشتى. ۋاسىلى ئۆيىدە ئۆزى يالغۇزلا ھاراقنى بولىشىغا ئىچىپ، بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەنلا پويىزغا ئولتۇرۇپ باشقا يۇرتقا كېتىپ قالدى.

ۋاسىلى 1951 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن ئايالى ۋە قىزى ۋالىيانى بىللە يۇرتىغا ئېلىپ كېلىپ، دۆلەتنىڭ قانۇنى ئىگىسى سۈپىتىدە ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇردى. ۋالىيا دىگەن ئىسىمنى ئايالى تادىيانا ياخشى كۆرمىسىمۇ، ۋاسىلى قىزىغا مۇشۇ ئىسىمنى قويغان ئىدى.

بۇ بازار ۋولگا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، دائىرىسى ناھايىتى كىچىك ئىدى. كىشىلەر يولدا ھەرقانچە يول بېرىپ مېڭىشسىمۇ، ھامان كوچىنىڭ تارلىغىدىن بىزار ئىدى. ئىككى كوچىنىڭ تۇتىشىپ كەتكەن بەزى جايلىرىدا قاچانلا بولمىسۇن بازاردىكى كىشىلەر بىر بىرىگە دوقۇرۇشۇپ قالاتتى.

باللارنىڭ ھەممىسى بىرلا باللار باغچىسىغا باراتتى. ۋاسىلى بىلەن ۋالىيا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىشقا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا، ۋالىيا بالىسىنى باغچىغا ئاپىرىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقان، ۋاسىلى قىزىنى باغچىغا ئەكىتىۋاتقان چاغدا ئۇچرىشىپ قالدى. ۋالېنتىنا ئىتتىك ئۇدۇلدىن چىقىپ كەلدى، ئۇ دەماللىققا ۋاسىلىنى تونۇيالمىغان ئىدى.

ـــ ۋالىيا!

ۋالىيا ۋاسىلىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىگىنى، قايتىپ كەلگەنلى-

گىنى، ئۆزلىرىنىڭ بەربىر ئۇچرىشىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ۋاسىلى بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، كۆرۈشۈشتىن قورقاتتى.

ۋالىيا ۋاسىلىنى كۆردىيۇ، تونۇيالمىدى. ئەمەلىيەتتە، تونۇغان ئىدى، بىراق، ئۇنىڭ ئېسىدىكى ۋاسىلى پۈتۈنلەي باشقا بىر كىشى، ۋالىيانىڭ يېقىن كىشىسى ئىدى، ئۇنىڭ يۈزىگە چوڭقۇر قورۇقمۇ چۈشمىگەن، ئىككى چېكىسىمۇ ئاقارمىغان ئىدى. ئۇن بىر يىل ئىلگىرى ۋالىيا ئالدىنقى سەپكە ئۇزاتقاندا، ئۇ ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان تىمەن يىگىت ئىدى. ئايرىلىش ۋاقتىدىكى ئەھۋال ھېلىغىچە ۋالىيا-نىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى: ۋاسىلى كۈلۈمسىرەپ ۋالىياغا قول پۇلاڭشىتقان چاغدا، شۇنداق خوشال، شۇنداق ئىللىق كۈلگەن ئىدى، ئۇلار گويا ئەتە، ھەتتا شۇ كۈنى كەچتىلا كۆرۈشىدىغاندەك، بۇ خوشلىشىش ئۇزۇن يىللىق خوشلىشىش ئەمەستەك كۈلگەن ئىدى. ۋاسىلىنىڭ كۈلۈمسىرىگەندە كۆرۈنۈپ قالغان ئاپپاق چىش-لىرى تېخىچە ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. ۋاسىلىنىڭ بۇ كۈلۈمسىرىشى ۋالىيانىڭ چۈشىگە نۇرغۇن قېتىم كىرگەن، ۋالىيا ھازىرغىچە لېۋىدە ۋاسىلىنىڭ لېۋىدىن قالغان ھارارەتنى سېزەتتى.

ئەمدى ۋالىيانىڭ ئالدىدا تۇرغىنى باشقا بىر ۋاسىلى ئىدى.

— ۋالىيا!

ۋاسىلى كۈلۈمسىرىدى، ۋالىيا ئالدىدا پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەم-نىڭ تۇرغانلىقىنى قورقۇنچ ئىچىدە ھېس قىلدى. ئەينى چاغدا ۋالىيا ئۇنىڭ قىلىن كالپۇكىنى ئىرىمچىك قاتۇرمىچىغا ئوخشىتىپ زاڭلىق قىلاتتى، ھازىر بولسا ئۇنىڭ كالپۇكى سىلىقۋالغان يالغان چىشنىمۇ ياپالمىغان ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ ھەممىسىنى، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنى، بېشىدىكى ئاق چاچلىرىنى، ئاغزىدىكى يالغان چىشىنى ۋالىيا كېيىن بايقىدى. ۋالىيا خىيالىدا، چۈشىدە دائىم ئۆزىنىڭ ۋە ۋاسىلىنىڭ ياشلىق چاغلىرىنى كۆرەتتى. يىللارنىڭ ھايات خاتىرىسىگە چوڭقۇر ئويۇپ قالدۇرۇپ كەتكەنلىرى نىمىدىگەن رەھىمسىز-ھە! ۋاسىلى بىلەن ئۇچراشقاندا، ۋالىيا ئۆزىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىغىنى، ئۆزىنىڭ ۋاسىلىغا قانداق كۆرۈنگەنلىگىنى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى. بۇنداق خىياللار ۋالىيانىڭ كاللىسىدا كېيىن پەيدا بولدى.

— ۋاسىلى.

قىزچاق بۇ ناتونۇش ئايالنىڭ يېنىدىن كېتىش ئۈچۈن دادىسىنىڭ قولىدىن تارتاتتى، ۋاسىلى ئەنە شۇ چاغدىلا ئارقا-ئارقىدىن پەيدا بولغان خىياللاردىن خالاس بولدى ۋە ۋالىيىتىناغا تىكىلىپ تۇرۇپ، قىزىغا:

— ئوبدان قىزىم، بىردەم تۇرۇپ تۇرغىن، يەنە بىردەم تۇرۇپ تۇر ۋالىيا، — دېدى. قىزچاق دادىسىنىڭ قولىنىڭ نىمىشقا تۇيۇقسىز تىترەپ كەتكەنلىگىنى، نىمىشقا ئايالنىڭ كۆزى يەرگە تىكىلگەنلىگىنى ئاڭقىرالمايتتى. قىزچاق دادىسىنىڭ باياتىن ۋالىيا دەپ چاقىرىشىدا نىمە مەنە بارلىغى، نىمە ئۈچۈن بۇ ئايالنىڭ ئىسمىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىگىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى.

— سېنىڭ قىزىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋالىيا، ۋاسىلى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەنمۇ بالامنى ھازىرلا ئاپىرىپ قويغانىتىم، — ۋالىيا باللار باغچىسىنى بېشى بىلەن ئىشارە قىلىپ قويدى، — ئىسمى ۋاشا — ۋاسىلى. يوقۇرى سىنىپتا.

ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشى پەقەتلا بىر ئىككى مىنۇت داۋاملاشتى. ئىككىلىسى بىر-ئىككى ئېغىزدىنلا گەپ قىلدى. بىراق ئۇلارنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزى دىيەلمىگەن قانچىلىك مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدۇ-ھە! بۇ سۆزلەردىكى ئۇ ئىككىسى ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان مەنىلەرنى پەقەت ئىككىسىلا چۈشىنىشىدۇ.

ۋالېنتىنا ئىشقا مېڭىشقا تەمشەلگەندە، ۋاسىلى ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولدى، چۈنكى بۇ قېتىمقى سۆھبەتنى ئۆزى ئەمەس، ۋالېنتىنا ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى.

ۋاسىلى ئۆزىگە سۇنۇلغان قولنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇپ، خېلىغىچە قويۇپ بەرمىدى. قىزچاق يان تەرەپتە ئەجەپلىنىپ بىردا-دىسغا، بىر بۇ ناتونۇش ئايالغا قارايتتى.

بىر يىل ئۆتتى، ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى ئائىلە كىشىلىرىمۇ ناھايىتى ئىناق ئۆتۈشتى. ۋالىيا كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ۋاسىلىگە ئايرىم، كەسكىن سۆزلىشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاسىلى بىلەن ۋالىيا ئاندا-ساندا، ئىشقا ماڭغان چاغلىرىدا، بالىلىرىنى بالىلار باغچىسىغا ۋە مەكتەپكە ئاپىرىپ قويغىلى كېتىۋېتىپ ئۇچرىشىپ قالاتتى.

ئىككىسى ئوبلاست مەركىزىدە ئۇچراشتى. ئۇلار دەرەخلىك يولنى ۋە دەريا ياقىسىدىكى يولنى بويلاپ سەيلى قىلغاچ، ئاخىرى لېكراسوۋنىڭ ھەيكىلىگە يىراق بولمىغان كوفىخانىدا ئولتۇرۇشتى. ۋالىيا كېيىنكى تۇرمۇشنى ۋاسىلىغا ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ۋاسىلى ئۆزىنىڭ ۋالېركا ئىسىملىك بىر ئوغلى بارلىقىنى بىلگەندە، ئۇزۇنغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى-دە، ۋالىيانىڭ كېيىنكى بەزى گەپلىرى

www.uyghurkitap.com

قۇلىغىغا كىرمىدى.

كېيىن ئۇلار كوفېخانىدىن چىقىپ، دەريا ياقىسىدىكى تۆمۈر رىشاتكىنىڭ يېنىغا كەلدى. ۋاسلى بىردىن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىدىلا ئىككى قولى بىلەن ۋالىيانىڭ يۈزىنى تۇتۇپ، لېۋىگە سۆيدى-دە، شۇ زامات قويۇپ بېرىپ، رىشاتكىغا يۆلىنىپ تۇردى.

ۋالېنتىنا تونۇش كىشىلەردىن بىرەرسى ئۇچراپ قالسا قانداق بولغىنى، دەپ ئەتراپقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتتى. لېكىن نېكراسوۋلا ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ كۆكسىگە قويغان، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا تۇراتتى، كۆزى ئۇ ئىككىسىنىڭ بېشىدىن ھالقىپ، ۋولگا دەرياسىغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇ رىشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرغان بۇ ئەرنىڭ نىمە ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ئەرنىڭ باشقا بىر ئەردىن يوشۇرۇنلۇقچە بۇ ئايالنى سۆيگەنلىكىنى كۆرمىگەن بولۇۋالدى. بۇ سۆيۈش ھەقىقەتەن ئوغرىلىقچە سۆيۈش ئىدى! نەزىرىدە قانۇن ئاساسى بولغان ھەرقانداق ئادۇوكات بۇ ھالنى كۆرسە، چوقۇم: "بۇ كىشى...ھەقلىق ئەمەس" دەپ جاكالىغان بولاتتى. شائىر قوشۇمىسىنى تۈرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەيىبلىگىنى يوق، ئۇ گويا ئاستاغىنا: "ئاھ كىشىلەر، تونۇش كىشىلەر ھەم ناتونۇش يولۇچىلار، سىلەر بۇنداق ئاشىق-مەشۇقلارغا تاسادىپى ئۇچراپ قالساڭلار، ئۇلارنى ئەيىبلىمەڭلار، ئۇلار نۇرغۇن ئىشلاردا ئەپۇ قىلىشقا تېگىشلىك" دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

شەھەر باغچىسى تەرەپتىن ياڭراق مۇزىكا ئاۋازى كېلەتتى. ئۇلار دەريا بويىدىكى يولدا ئاستا قەدەملەر بىلەن كېتىپ باراتتى. ۋالېنتىنا يېرىم ئۆتۈنگەن، يېرىم قەتئىي تەلەپ قىلغان تەلەپپۇزدا

دىدى:

— ۋاشا، ئويلاپ كۆر، مۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى بولار دەيمەن، ۋالېركىغا، كولياغا، تادىيانانىغا پايدىلىق بولار دەيمەن. مەن ۋالېركىنى مۇشۇ كوچىدا تۇغدۇم. ۋالېركا كولىيانىڭ ئۆز بالىسى ئەمەسلىكىنى بازاردا بىرمۇ كىشى ئۇقمايدۇ، ھەتتا ۋالېركىمۇ ھازىرغىچە كولىيانى ئۆز دادام دەپ بىلىدۇ... سەن خالىساڭ، دەرھال ۋالېركىغا ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى تەپسىلى ئېيتقىن. مۇشۇنداق قىلساڭ قانداق؟ ياخشى بولارمۇ ۋاشا؟ سەن ھازىر ۋالېركا بىلەن ناھايىتى ئەپ... بۇ ناھايىتى ياخشى، بۇنىڭدىن مەنمۇ بەك خوشال! سەن ۋالېركىنى ئاتىسىدەك ياخشى كۆرسەڭ بولىدۇ، بىراق سەن بىز ئىككىمىز ئۈچۈن، كوليا ئۈچۈن پەقەت ئۇنىڭ تاغىسى بولۇپ قېلىۋېرىسەن... كوليا بىر يىل ئىچىدە ئون ئاي دوختۇرخانىدا ياتىدۇ. تادىيانا... رەپىقەڭ تانيا ناھايىتى ياخشى ئايال. ئۇنىڭغا ئېيتىشنى زۆرۈر تاپساڭ، ئېيتقىن... ئۇ چوقۇم چۈشىنىدۇ... ئۇ چوقۇم بىزنى چۈشەنگەن يەردە. كېيىن ۋالېركىمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىپ قالار. بىراق ھازىر بولمايدۇ، ۋاشا، مۇشۇنداق كېلىشەيلى.

ۋالېنتىنانىڭ تەلۋىنى ۋاسىلى ئۆز پېتىچە بىجا كەلتۈردى. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋەردى. بىر كۈنى ۋاسىلى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا تاس قالدى: ۋالېركىنى ئۆيدىكىلىرى دادىسىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتۇرۇشقا ھەربىي قىسىمدىن چاقىرتىپ كەلدى. ۋالېركا دادىسىنى دەپنە قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ ئۇدۇللا بېكەتتىن ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئاغىنە-بۇرادەرلىرى نەزىرنى تۈگىتىپ، ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشكەن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ۋالىپتىنا بالىسىنى كۆرۈپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش دورىسى ۋە تەسەللى سۆزلىرىمۇ كار قىلمىدى. ۋالىپتىنا يىغلاپ-يىغلاپ، ئاخىرى بېسىقىپ قالدى. ئۇ بالىسىنى قۇچاقلىۋېلىپ، يىغلىغىنىچە بالىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى.

ۋاسىلى بىر چەتتە تاماكا چېكىپ تۇراتتى، ئۇ چېكىپ بولالمىغان تاماكىسىنى مىجىپ ئۆچۈرۋەتتى. ئارقىدىنلا بىرنەچچە تال سەرەڭگىنى سۇرۇپ، بىر تالنى ئاران ياقتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش ئىدى. ۋاسىلى بۈگۈن دوستىنى، ئەڭ يېقىن دوستىنى دەپنە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا... يەنە باشقا خىياللارمۇ ئۇنى پاراكەندە قىلاتتى: "ۋالېركىغا ئەلەم بولدى-دە!... ئۆز ئاتىسىنىڭ تېخى هايات ئىكەنلىكىنى ئۇقسا، كۆڭلى سەل ئارام تاپارمۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئاتىسىنىڭ ئۆز بالىسىغا قىلىشقا تېگىشلىك هەم قىلالايدىغان ئىشلىرىنىڭ هەممىسىنى كولىيا ۋالېركىغا قىلدى!"

تاماق ئۈستىلى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاسىلى ئاشخانىدىكى دېرىزە يېنىغا كېلىپ، دېرىزىدىن كۆزىنى سىرتقا تىككەندە، ۋالېركىمۇ دېرىزە يېنىغا كەلدى. ئۇلار گەپ قىلىشماي جىم تۇرۇشىمۇ، كۆڭلىدە بىر ئىشنى ئويلايتتى. ۋاسىلى ۋالېركىنىڭ مۈرىسى ئۆزىگە يېقىن تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئۇ دادىسى بالىسىنى قۇچاقلىغانغا ئوخشاش ئۇنى قۇچاقلاشقا، ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ، ئۇلارنى يىگىرمە يىلدىن بۇيان ئايرىپ تۇرغان تامنى يوق قىلىشقا هېچقاچان هازىرقىدەك تەلپۈنگەن ئەمەس. ۋاسىلى ئاخىر ۋالېركىنى قۇچاقلاپ، يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ:

— بالام، هېچ ۋەقەسى يوق، مەزمۇت بول، ئاناڭ بىلەن ئۇكاڭغا ياخشىراق قارىغىن، — دېدى.

ۋالېركا دادىسىنىڭ بۇ دوستىنىڭ ھەركەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيى بويىچە چۈشىنەتتى. ۋاشا تاغا ئۇنى قايتا قۇچاقلاپ بالام دەپ چاقىرغاندا، ئۇ بىراقلا ئۆزىنىڭ قايغۇسىنى ئۇنتۇپ، بۇ يات كىشىنىڭ بىلىكىدىن يۇلقۇنۇپ چىقتى.

— يىغلىۋال ۋالېركا، يىغلىساڭ دەردىڭ چىقىدۇ. بىلەمسەن، ھازىر سېنىڭ ئىككى ئاناڭ بار، تادىيانا سېنى ئۆز بالىسىدەك كۆرىدۇ. مەنچۇ، مېنى ئاتا دەيسەن، — دىدى ۋاسلى ۋالېركىنى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن خورسىنىپ.

ۋالېنتىنانىڭ كىچىك بالىسى ئەمبەگۇل① — ۋاشانىڭ قىسمىدا ھەربى خىزمەت ئۆتەش ۋاقتى توشۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. بالىسىنىڭ باشقا بىر ئائىلىگە بولغان پوزىتسىيىسى ئانىسىنى سەل ھەسەتكە سېلىپ قويىدى. ئىككى يىللىق ھەربى خىزمەت ئۆتەش جەريانىدا، ۋاشانىڭ ئۇ ئائىلىگە يازغان خېتى ئانىسىغا يازغان خېتىدىن كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ۋەجى ئەلۋەتتە تولۇق ئىدى: ئۇنىڭ ئەمبەگۇل ۋاشا دىگەن ئىسمى ئاشۇ ئائىلىدە قويۇلغان ئىدى، يەنە كېلىپ، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ۋاسلىنىڭ قىزى بىلەن كەلگۈسىدە تۇرمۇش قۇرىدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتقان ئىدى. ۋەجسەۋەپ شۇنداق بولغىنى بىلەن، بۇ ئىش ھەر ھالدا...ئۇنىڭ قىسمىدىكى بارلىق ئەڭ مۇھىم ئەھۋاللىرىنى ۋالېنتىنا دەسلەپتە كەلگۈسىدىكى قېيىن ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۇقسا، كېيىن ئۇنىڭدىن خېلى كېچىكىپ كەلگەن خەتتىن بىلدى.

① رۇسلار ئەمبەگۇلنى ناھايىتى ئارزۇلايدۇ. ۋاسلى ئائىلىسىدىكىلەر كىچىك ۋاسلىنى مۇشۇ ئىسىم بىلەن چاقىرىپ ئەركىلىتەتتى ۋە ئارزۇلايتتى.

www.uyghurkitap.com

تويي كۆلكه ـ پاراڭلار بىلەن بەكمۇ قىزىپ كەتتى. مېھمانلار تۆشمۇ ـ تۆشتىن "گوركا، گوركا" دەپ ۋاقىرىشاتتى. ئەمبەگۈل ۋاشا كۆپچىلىكنىڭ قالايمىقان ۋاقىراشلىرى ئىچىدە كۆپ قېتىم ئورنىدىن تۇرۇپ، چەكسىز خوشاللىقتا چۆمۈلگەن ھالدا مېھمانلارنىڭ تەلىۋىنى قاندۇردى. قەدەھلەر جاراڭ ـ جۇرۇڭ قىلىپ سوقۇشتۇرۇلۇپ تۇراتتى. بىرەيلەن ئاخشا ئېيتىشقا باشلىغان ئىدى، باشقىلار ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈپ قويىدى ھەم كېلىنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋاسىلى بىلەن تادىيانا ئىچۈن قەدەھ كۆتىرىشىپ، ئۇ ئىككىيلەنگىمۇ "گوركا" دەپ توۋلاشتى.

كۆيوغۇل بىلەن كېلىنىنى كۆپچىلىك ساناپ تۇرۇپ ئون ئىككىنى سۆيگۈزدى. ئارقىدىنلا ئىككى ئائىلە ئۈچۈن قەدەھ كۆتىرىشتى، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ھاراق زاكوسكىسىغا ئېغىز تەككۈزۈشكىمۇ چولىسى تەگمىدى.

بۇ چاغدا بىر جۈپ ياشنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ۋاسىلى قىستىلىپ ۋالېنتىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەدەھىنى سوقۇشتۇرۇپلا گۈپپىدە ئىچىۋەتتى. ۋالېنتىنامۇ ئازراق ئوتلاپ قويۇپ، رومكىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

ــ ئىچىڭ، ئىچىڭ، بولمىسا بىزمۇ ئىچمەيمىز، ئىككى ئائىلىگە "گوركا"، ــ دەپ ۋاقىراشتى كۆپچىلىك.

بۇ مىنۇتلاردا كىممۇ ياشانغان ۋاسىلى بىلەن ۋالېنتىنانىڭ قەلبىنى چۈشەنسۇن؟ ۋاسىلى تويغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ تەلىۋى بويىچە، بىر قولىنى ۋالېنتىنانىڭ مۈرىسىگە قويغان چاغدا، ئۇ شۇ زامات ۋالېنتىنانىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى ھەم ئۇشتۇمتۇت تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— "گوركا"! يۇرتداشلار، بۇنداق قىلسا بولمايدۇ! "گوركا" ھە، ئون ئۈچىنچىسىنى! يۇرتداشلار، ئۇلارنىڭ ئېتى كېلىن-كۈيوغۇلنىڭ ئېتى بىلەن ئوخشاش، قېنى، ئون ئۈچىنچىسىنى!

ۋالېركىمۇ مېھمانلار بىلەن بىرلىكتە ئانىسى ۋە ۋاشا تاغىسىغا "گوركا" دەپ توۋۋلايتتى. ۋالېركا ھازىرچە ۋاشا تاغا دەپ تۇرسۇن، ئۇ ئانىسى بىلەن ۋاشا تاغىنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن! دادىسى پات ئارىدا چىن ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسىنى يالغۇزلا بىر كىشى بىلىدۇ، بەلكى بەكرەك چۈشىنىدۇ، بۇ كىشى — تادىيانا. ۋالېنتىنا پېتروۋنا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ۋاسىلىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تادىيانانىڭ رەڭگى قىلچىمۇ ئۆزگەرمىدى، بىراق ۋالېنتىنانىڭ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى، كۆزىگە لىق ياش تولغانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆزىمۇ مېھمانلارغا كۆرسەتمەستىن، يوشۇرۇنچە قولياغلىقىنى چىقاردى.

مېھمانلار كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشاتتى. ۋاسىلى بىلەن ۋالېنتىنا باللىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن خوشاللىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ۋاقتىدا يولدىن ئادىشىپ كەتكەن بەختى نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن جايىنى ئاخىر تېپىۋالدى، باللىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

(«ھازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 5 - سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **ھۆسەنجان ئەسقەر**

www.uyghurkitap.com

# يۇمۇرلار

## يېزىش ئۇسلۇبى ئالاھىدىلىكى

### گ. رىبالك

ئۇنىڭ ئېرىنىڭ نەشرىيات ساھەسى زىمىنىدا قەلەم تەۋرىتىپ كەلگىنىگە نۇرغۇن يىللار بولدى. دەرۋەقە، بۇ ئەر نەشرىيات ساھەسىنىڭ غۇرۇرى ۋە شان-شەرىپىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان قەلەم ئىگىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇن نەچچە يىللىق يېزىقچىلىق ئىستاژىغا ئاساسەن باشقىلارغا ئانچە-مۇنچە تەكلىپ بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ خوتۇنى ئەدەپلىك ئۆي خوجايىنى، بىرنەچچە بالىنىڭ ئانىسى، ئېرى ئىخلاس بىلەن چوقۇنىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ ئېرىنىڭ مىجەز-خۇلقى ۋە ئادىتىنى ئوبدان بىلەتتى. ھەمىشە ئېرىنىڭ قانداق ۋاقىتتا قانداق ئىش قىلىدىغانلىقىغا توغرا جەزم قىلالايتتى، ھەمىشە... لېكىن بۈگۈن ئۇ تۇرۇپ قالدى...

ئىلگىرى دائىم مۇنداق بولاتتى: ناۋادا ئېرى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۈستەل ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تۆپىلەنگەن گېزىتلاردىن، ئاساسلىقى، مەركەزدىن چىقىدىغان، تۆپىلەنگەن گېزىتلاردىن ئۇن نەچچىنى، شۇنىڭدەك گېزىت قىيىندىسى، قايچا ۋە شىلىملارنى يېنىغا قويۇۋالغان بولسا، ئۇنىڭ خوتۇنى:

”باللىرىم سىرتقا چىقىپ ئويناڭلار، داداڭلار باشماقالا يېزىۋال-

سۇن!“ دەيتتى.
ناۋادا ئېرى ئۇستەل ئالدىدا سول قولىنىڭ بىگىز بارمىقىنى پىكىر يۈرگۈزىدىغان چېكىسىگە تىرەپ بىردەم ئولتۇرغان بولسا، ئوڭ قولى بوغالتىرلارنىڭكىدەك چوتنى ئەپچىللىك بىلەن سوقۇۋاتقان بولسا، نۇرغۇن ستاتىستىكا جەدۋەللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈۋاتقان بولسا، خوتۇنى بالىلىرىغا:
”خەپ شۇك! داداڭلار ئوچېرىك يېزىۋاتىدۇ!“ دەيتتى.
ناۋادا ئېرىنىڭ ئالدىدىكى ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە شىنىڭ ئەسرى، سول تەرىپىگە گوگولنىڭ توپلاملىرى قويۇلغان بولسا، ئەھۋال يەنە باشقىچە بولاتتى. بۇ چاغدا ئېرىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يېيىلىپ تۇراتتى، خوتۇنى بولسا بالىلىرىنى ئەيىپلەپ:
”ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشىۋېرىدىكەنسىلەر، ئۇيالمامسىلەر! ئۇنداق قىلساڭلار داداڭلارنىڭ فېليېتون يېزىشىغا تەسىر يېتىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر!“ دەيتتى.
بەزىدە ئېرى تېلېفوننى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم قورالى قىلاتتى، ھەر قېتىم تېلېفون بېرىپ بولۇپلا قويۇن دەپتىرىگە بىرمۇنچە رەقەم ۋە ئىسىملارنى يېزىۋالاتتى. ئېرى ئىككى، ئۈچ قېتىم تېلېفون بەرسىلا، خوتۇنى ئېرىم ھازىر ئاخبارات خەۋەرلىرى يېزىشقا ھازىرلىنىۋېتىپتۇ دەپ بىلەتتى-دە، بالىلىرىغا تولۇق ئەركىنلىك بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئويىنىشىغا يول قوياتتى. چۈنكى، بۇ ئېرىگە ھېچقانداق تەسىر يەتكۈزمەيتتى.
بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتكەنكى ئىشلار ئىدى... بۈگۈن ئەھۋال باشقىچە، ئېرى خىزمەتتىن قايتىپ كەلگىنىدە يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرغان-

دىن كېيىن، ئاۋال تېلېفون بەرمەكچى بولدى ــ گويا ئاخبارات خەۋىرى يازماقچى بولغاندەك بولدى، ئاندىن يەنە چوتىقا قاراپ قويدى ــ گويا بىر ئوچېرىكنى ئويلاۋاتقاندەك بولدى، ئارقىدىنلا يەنە دائىم يېنىدىن ئايرىمايدىغان گوگول ۋە شېتلىن توپلاملىرىغا قاراپ قويدى، ئاخىرى سىيا قۇتىسىنى ئاچتى ــ دە، نىمە ئۈچۈندۇر گاگىر-يىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭغا چىلاپ، يېزىشقا باشلىدى. بۇ نىمە قىلغىنى؟ شۇنچە يىللاردىن بۇيان خوتۇنى ئىرىنىڭ نىمە يېزىۋاتقانلىغىنى بىرىنچى قېتىم ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىدى. باللارنى سىرتقا چىقىرد-ۋېتىش كېرەكمۇ ياكى ئۇلار ئۆيدە ئويناۋەرسۇنمۇ؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟

ئۇ ئاستاغىنا بېرىپ، ئېرىنىڭ ئارقىسىدىن ئۈستەلگە كۆز يۈگۈرت-تى: بايا ئۇ... خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىش دوكلادى يېزىۋاتقان ئىكەن ــ دە.

(«هازىرقى زامان سوۋېت ئەدەبىياتى»
ژورنىلىنىڭ 1986 ــ يىللىق 1 ــ سانىدىن)

تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن رەھىم**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **رىيىمجان**

# قورقۇنچاق

## ل. پانتېلېيېۋ

بۇ قىرىمدا بولغان ئىش. ياقا يۇرتتىن كەلگەن بىر بالا دېڭىز بويىغا بېلىق تۇتقىلى باردى. دېڭىز قىرغىقى ئىگىز، تىك ۋە تېيىلغاق ئىدى. بالا پەسكە قاراپ چۈشۈشكە باشلىدى، كېيىن ئۇ پەستىكى يوغان قورام تاشلارنى كۆرۈپ، قورقىنىدىن مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يا يۇقۇرىغا چىقالماي، يا پەسكە چۈشەلمەي، شۇ يەردە بەدەنگە تېگىپ كەتسىلا سانچىلىدىغان چاتقاللارنى چىڭ تۇتقىنىچە چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي زوڭزىيىپ ئولتۇرۇۋالدى.

بۇ چاغدا، پەستىكى دېڭىزدا بىر بېلىقچى بېلىق تۇتۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ قىزىمۇ شۇ قولۋاقتا ئىدى. قىزچاق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بۇ بالىنى قورقۇنچاق ئىكەن دەپ قالدى. ئۇ بارمىقى بىلەن ھېلىقى بالىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۈلۈپ كەتتى.

بالا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا ئىدى، لېكىن ئامالسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئەتەي ئىسسىپ كېتىپ ئولتۇرۇۋالغان بولۇۋالدى، ھەتتا چىغ قالپىقىنى ئېلىپ ئۆزىنى يەلپۈگەنمۇ بولدى.

تۇيۇقسىزلا شامال چىقىپ، ھېلىقى بالىنىڭ قولىدىكى قارماقنى پەسكە چۈشۈرۈۋەتتى.

بالا قارماقنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىگە ئىچى سىرىلىپ، پەسكە قاراپ ئۆملەپ باقتى، لېكىن بۇنىڭدىن قىلچە نەتىجە چىقمىدى.

www.uyghurkitap.com

قىزچاق بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇ بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتتى، دادىسى بېشىنى كۆتىرىپ ئوغۇل بالا تەرەپكە قارىدى-دە، قىزىغا بىرنىمىلەرنى دىدى.

قىزچاق سۇغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇ كېچىپ ئىرغاقىقا تېزلا كەلدى-دە، قارماقنى ئېلىپلا بۇرۇلۇپ، قولۋاققا قاراپ ماڭدى.

بالا ئاچچىغىدا ھەممىنى ئۇنتۇپ قىرغاققا سېرىلىپ چۈشتى.

— ھەي، قارمىقىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ! ئۇ مېنىڭ! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ قىزچاقنىڭ قولىغا كاپپىدا ئېسىلىپ.

— مەڭ، ئالسىڭىزلا بولمىدىمۇ، — دىدى قىزچاق — سىزنىڭ ئۇ قارمىقىڭىزغا خۇشتارمىدىم، سىزنى پەسكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئەتەي ئۇنى ئېلىۋالغان.

بالا ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ چۈشىدىغانلىغىمنى قانداق بىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى ماڭا دادام دەپ بەرگەن. ئۇنىڭ دىيىشىچە، قورقۇنچاق ئادەم، كۆپىنچە، پىخسىق بولارمىش.

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئالىمجان ئانايەت**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **تۇرسۇن رەھىم**

## ھەممە ئادەم كۆرسۇن دەپ

بىر ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى پۇتبول مۇسابىقىسى بېلىتى سېتىۋالغىلى تەنتەربىيە مەيدانىغا كەلدى. بېلەت سېتىش ئورنىدا مۇسابىقە بېلىتىدىن بىرىلا قالغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەك قىممەت بولۇپ، بىر بېلەتنىڭ باھاسى 15 رۇبلى ئىدى. ئوقۇغۇچى

كۆزىنى يۇمۇپلا بۇ بېلەتنى ئېلىۋەتتى.

مۇسابىقە باشلاندى، ئۇشتۇمتۇت ئىنتايىن مودىلىق كىيىملەرنى كىيگەن، بېشىغا چوڭ ھەم چىرايلىق باش كىيىمى كىيگەن ياش بىر سەتەڭ ئايال كىرىپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئولتۇرغان ئورۇننىڭ ئالدىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئايالنىڭ باش كىيىمى ئوقۇ-غۇچىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالدى.

— يولداش، باش كىيىمىڭىزنى ئېلىۋەتسىڭىز! — دېدى ئۇ ھېلىقى ئايالغا.

لېكىن ھېلىقى ئايال پىسەنتمۇ قىلماستىن ئولتۇرۇۋەردى.

— باش كىيىمىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ! — دېدى ئوقۇغۇچى ئاچچىقى بىلەن يەنە تەكرارلاپ، ئارقىدىنلا يەنە، — مۇشۇ ئورۇن ئۈچۈن 15 رۇبلى خەجلىدىم، لېكىن ھېچنىمىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن — دېدى.

— مەنمۇ بۇ باش كىيىمنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن دەپ 115 رۇبلىغا ئالغان، — دەپ قويۇپ ئاۋالقىدەكلا مىت قىلماي ئولتۇر-ۋەردى ھېلىقى ئايال.

**ئالىمجان ئانايەت** تەرجىمىسى

www.uyghurkitap.com

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

گۈلستان (10)
(سوۋېت پروزىسىدىن تەرجىمىلەر)
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى ۋە نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى
1986 - يىل 12 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1986 - يىل 12 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 0.86 يۈەن

**花　坛**
**(10)**
(苏联小说选译)
(维吾尔文)
民族出版社编辑出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本:850×1168毫米1/32　印张:8 1/4
1986年12月第1版
1986年12月北京第1次印刷
印数:0001—8,500册　定价:0.86元
书号　M10049(4)212

www.uyghurkitap.com

书号 M10049(4)212

定价： 0.86元